تارىخي مىراس

# «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان

(3)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

تارىخىي مىراس —

# «قۇتادغۇبىلىك» ھەققىدە بايان

(3)

(ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

نەشرگە تەييارلىغۇچى؛ غۇلام ئەبەيدۇللا

مەسئۇل مۇھەررىرى؛ ئېيسا شاكىر

ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر شائىر،

پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس

ھاجىپنىڭ بۇ دۇنياغا تېرىغان

ئۇرۇقلىرى زامانىمىزنىڭ ئىلمىي

تەتقىقات گۈلزارىدە تېخىمۇ

چورە گۈلدەك ئېچىلىپ، ئۇرۇقلاپ

ياشنىسۇن.

تۆمۈر داۋامەت

1986.8.29



ئىلىم ئەھلىلىرى يىغىن ئارىلىقىدا ئۆزئارا
سۆھبەتلەشمەكتە



مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك»
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش

## نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

1986 - يىلى 8 - ئايدا بىيجىڭ ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىن 100دىن ئارتۇق ئالىم، ئىلىم - پەن ئەھلىلىرى، پارتىيە - ھۆكۈمەت ئەربابلىرى قەشقەرگە جەم بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، جامائەت ئەربابى، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بويىچە مەملىكەتلىك تۇنجى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزگەن ئىدى. بۇ تارىخىي يىغىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ۋە يىغىندا ئوقۇلغان مۇھاكىمە ماقالىلىرىنىڭ بىر قىسمىنى نەشرگە تەييارلىدىم.

كىتاب ئىككى قىسىمغا بۆلۈنىدۇ: 1 - قىسمى يىغىن جەريانىدىكى پائالىيەتلەر، 2 - قىسمى ئىلمىي مۇھاكىمە ماقالىلىرىدىن تەركىب تاپتى. ماقالىلەر كۆپ بولغانلىقتىن، بۇ مەجمۇئە يەنە ئىككىگە (3 — 4-) بۆلۈۋېتىلدى. مۇھاكىمە ماقالىلىرى پەلسەپە، تارىخ، ئەدەبىيات، جەمئىيەتشۇناسلىق، ئېستېتىكا، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئىلىم، تىببىي ئىلىم قاتارلىق مول مەزمۇنلاردىكى تەتقىقاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ ماقالىلەردە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى - يېڭى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان، بىر قىسىم ئوقۇپ چىقىشقا ئەرزىيدۇ.

بۇ خاسىيەتلىك ئىشقا خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولساممۇ، ماقالىلەرنى توپلاپ نەشرگە تەييارلاشتا سەۋەنلىكلەر كۆرۈلگەن بولۇشى مۇمكىن. كىتابخانلارنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى سورايمەن.

1987 - يىل، 7 - ئاي، قەشقەر

## مۇندەرىجە

### 1 - قىسىم

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى قەشقەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى ............................................ 3
مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ... 9
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە تەتقىقات شۆبىسىنىڭ باشلىقى شىڭ بېنسىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ............................ 16
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات شۆبىسىنىڭ باشلىقى لىيۇ كۈيلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ......... 19
جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ پىڭفەننىڭ سۆزلىگەن سۆزى ............................................ 26
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامىتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى ... 30

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي
پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى
مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .......... 34
قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى
ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ سۆزلىگەن سۆزى .......... 41
ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى
ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئۇل بېسىش
مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى .................... 45
مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك»
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا
فېڭداجېن سۆزلىگەن سۆز ................. 49
قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوكاڭ
نىڭ سۆزلىگەن سۆزى ....................... 61
ئالتۇن دەۋردىكى كاتتا ئۇچرىشىش، پەن تەتقىقات
سېپىدىكى ياخشى باشلىنىش
— مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى ...................... 65

## 2 — قىسىم

«قۇتادغۇ بىلىك» كىمنىڭ، ئۇنىڭ تىلى قايسى
تىل ............ ئەھمەت زىيائى 75
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ......
............ ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر 94

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى
توغرىسىدا ........ مەھمۇت يۈسۈپ 120
«قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئورتاق ئەدەبىي مىراس
مەسىلىسى ........ ئىمىنجان ئەخمىدى 141
«قۇتادغۇ بىلىك» تە ئىككىلىك ۋە بېيت، مەسنەۋى
........ ئەرشىدىن تاتلىق 160
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى «تادۇ» ئۇقۇمى توغرىسىدا
دەسلەپكى مۇلاھىزە ........ سەھەت خېۋىر 164
شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك
سەركەردىسى ........ شەرىپىدىن ئۆمەر 211
«قۇتادغۇ بىلىك» ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ........
........ نۇرمۇھەممەت دۆلەتى 258
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ھايات پەلسەپىسى توغ-
رىسىدا ........ ئابدۇرېھىم سابىت 285
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىسخىك ھادىسىلەر توغ-
رىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى
ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ........
........ يار مۇھەممەت تاھىر 323
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە
ئۇنىڭ ئۆزگىچە خاس مىللىيلىكى... مەھمۇت زەيدى 373
قىممەت باھالىق سەنئەت ئەنگۈشتىرى —
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مەنتىقىي پىكىرلەر ۋە
بەدىئىي قاراشلار ........ ئابلەت ئۆمەر 389

[illegible] ........ 120
[illegible] ........ 141
[illegible] ........ 150
[illegible] ........ 164
[illegible] ........ 214
[illegible] ........ 254
[illegible] ........ 285
[illegible] ........ 323
[illegible] ........ 339
[illegible] ........ 385

# 1 – قىسىم

قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە چاقىرغان مەملىكەت
بويىچە تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھا-
كىمە يىغىنى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن
قەشقەر شەھىرىدە داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى،
ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر
داۋامەت؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ھەيئەت
ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ
باشلىقى فېڭ داجېن؛ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئىمىنوپ ھامىت؛ ئاپتونوم را-
يونلۇق پارتكوم مەسلىھەتچىلەر كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن
مۇدىرى تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، سابىق ئۈرۈمچى قىسىملى-
رىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى ئەزىزوپ قاسىم، قەشقەر ۋىلا-
يەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى گوگاڭ، قەشقەر مەمۇرىي
مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق، مۇئاۋىن ۋالىي
ئەيسا شاكىر، قەشقەر شەھەرلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى
جاڭ جېڭۇ، شەھەر باشلىقى ئابلەت مۇھەممەتجان قا-
تارلىق رەھبەرلەر ۋە يىغىن ۋەكىللىرى قەشقەردىكى
500 دىن ئارتۇق ھەر مىللەت زىيالىيلىرى، كادىرلىرى،
ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار بىللە قەشقەر ۋىلا-
يەتلىك ئىشچىلار مەدەنىيەت سارىيى زالىدا ئۆتكۈزۈل-
گەن باشلىنىش مۇراسىمىغا قاتناشتى. يىغىننىڭ شۇ كۈ-
ندىكى رىياسەتچىسى شەرىپىدىن ئۆمەر بۇ كاتتا يىغىن-

نىڭ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا ماكانىدا باشلانغانلىقىنى جاكالىغانىدا ھەمدە رىياسەت سەھنىسىدىن ئورۇن ئالغانلارنىڭ ئىسىملىكىنى ئېلان قىلغانىدا، زالدا ئۇزاققا سوزۇلغان ئالقىش سادالىرى ياڭراپ كەتتى. قەشقەر پىئونېرلىرى رەڭمۇ رەڭ گۈلدەستىلەرنى ئوينىتىپ، جاراڭلىق دېكلاماتسىيە ئوقۇپ، يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىدى، ۋەكىللەرنى ۋە رەھبەرلەرنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى شەرق ۋە جۇڭگودا بىر تارىخىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ مۇجەسسەم ئىنكاسى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ بىر مۇنچە مۇھىم ساھەلىرى بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى ئىدىيىلەرنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن نامايان قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئۇيغۇر پەلسەپە تارىخىدىكى بىر پارلاق نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. بەزى دۆلەتلەردىكى «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلار «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدىكى بىلىم، قانۇن، ئىدىيە، ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى پەلسەپىۋى قاراشلارنى مىلادىدىن بۇرۇنقى يىللاردىن باشلاپ، مىلادى 1778 - يىلغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىگە سېلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ

پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ باشقىلاردىن
پەرقلىنىدىغانلىقىنى، يەنى ئىلمىي جەھەتتە، ئالاھىدە
قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە. ھەمدە
مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنى قەدىمكى زامان دۇنيا
تارىخىدا ئۆتكەن ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرسى
دەپ قاراشماقتا. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، «قۇتادغۇ
بىلىك» تىن ئىبارەت بۇ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسنىڭ
ھەقلىق ۋارىسلىرى بولغان جۇڭخۇا مىللەتلىرى، بولۇپ-
مۇ ئۇيغۇرلار ئىچىدە بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى داغدۇ-
غىلىق باشلاش، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق ئېلىپ بېرىپ،
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك مەدەنىيىتى ۋە پەلسەپە
ئىدىيىسىنى كەڭ ئاممىغا، دۇنياغا تونۇتۇش، بۇ ئارقىلىق
سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش تولىمۇ زۆرۈر ئىدى. بۇ قې-
تىمقى يىغىن بۇ جەھەتتە دەسلەپكى قەدەمدىكى بەزى
ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ بېرىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات-
چىلىقىنىڭ پەردىسىنى رەسمىي ئاچىدۇ.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا تۆمۈر داۋامەت، ئىمىنوپ
ھامىت تەبرىك سۆزى سۆزلىدى، ئاپتونوم رايونلۇق
ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى
ھەمتىمىن يۈسۈپ، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدە-
بىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ پىڭفەن،
جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىل-
لەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات شۆبىسىنىڭ باشلىقى

ليۇكۇيلى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە تەتقىقات شۆبىۇسىنىڭ باشلىقى شىڭ بىنسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىقلار ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ سۆز قىلدى. تۆمۈر داۋامەت بىلەن ئىمىنوپ هامىت يولداشلار ئۆز سۆزلىرىدە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋەكالىتەن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلىگەنىدىن كېيىن، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش، ئىلمىي بولغان تەتقىقات ئۇسۇلى بولۇش، توغرا يەكۈن چىقىرىشتىن ئىبارەت ئۈچ پرىنسىپنى ئوتتۇرىغا قويدى. ۋاڭ پىڭفەن، شىڭ بىنسى، ليۇكۇيلى قاتارلىق يولداشلار مۇنداق دېدى: بىر مىللەت، بىر دەۋرنىڭ كۆرسەتكەن خىزمىتى ئۇنىڭ ئۆتكەنكىلەردىن ۋە باشقىلاردىن نېمىنى قوبۇل قىلغانلىقى بىلەن ئەمەس، بەلكى نېمىنى تۆھپە قىلغانلىقى بىلەن ئۆلچىنىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت مىراسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نۇرلۇق گۆھەر. ئۇنىڭ بىلىم، قانۇن، ئەخلاق توغرىسىدىكى قاراشلىرى ھازىرمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىلىشى، «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى يۇسۇپ خاس هاجىپ دۆلىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، ئىدىيە تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخىغا يېزىلىشى كېرەك.

ۋالىي ئابدۇغوپۇر سىدىق: بۇ يىغىننىڭ قەشقەردە چاقىرىلىشى قەشقەر خەلقىگە زور ئىلھام، بىزنىڭ بۇ ئىشقا ئازراق تۆھپە قوشالىغانلىقىمىز — بىزنىڭ چوڭ شەرىپىمىز، — دېدى ھەمدە ۋەكىللەردىن قەشقەردە كۆپرەك بىلىم قالدۇرۇپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلدى.

«قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى تاھىر تالىپ

(«قەشقەر گېزىتى» نىڭ 86 - يىل 28 - ئاۋغۇست سانىدىن)

## مەملىكەتلىك تۈنجى قىتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا رەئىس تۆمۈر داۋامەتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، يولداشلار

ئاز كەم ئۈچ يىل پائال تەييارلىق كۆرۈش نەتىجىسىدە، مەملىكەتلىك تۈنجى قىتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا يۇرتى — قەشقەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى.

مەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يىغىننى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، ئۇزۇن مۇساپىنى بېسىپ، جەبىر - جاپادىن باش تارتماي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ھەر قايسى قېرىنداش ئۆلكە - شەھەرلەردىن، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇتەخەسسىس - ئالىملارغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېيتىمەن.

ئۇيغۇر مىللىتى— ئېلىمىزنىڭ قەدىمكى مىللەتلىرى-

دىن بىرى، ئۇ، ۋەتىنىمىز جۇڭخۇا زېمىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىنى يارىتىشتا ئۇلۇغ تۆھپە قوشقان.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور مۇۋەپپەقىيەت، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىي مىراسى، جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى جەۋھەرلەرنىڭ بىرى. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىپتىخارى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىپتىخارى.

پارتىيىمىز ئەزەلدىن تارتىپ مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى قەدىرلەيدۇ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت قىلىدۇ ۋە كۆڭۈل بۆلىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كېلىپ مىڭ يىلغا يېقىن ئەگرى - توقاي تارىخنى بېشىدىن كەچۈرگەندىن كېيىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى بۈگۈنكى كۈندە، مۇئەللىپىنىڭ ئۇلۇغ ۋەتىنىنىڭ پايتەختى بولغان بېيجىڭدا رەسمىي نەشىردىن چىقالىدى. ھازىر ئۆتكۈزۈلۈۋاتقان بۇ مەخسۇس ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى پارتىيىمىزنىڭ مىللىي مىراسلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم نامايان قىلىدى.

ۋەتەن تۇپرىقىنىڭ ئالتىدىن بىرىنى ئىگىلىگەن شىنجاڭ خېلى بۇرۇندىن تارتىپلا كۆپلىگەن دۇنياۋى ئىشلار بىلەن باغلانغان. «يىپەك يولى» تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدىن كېسىپ ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە، شىنجاڭ دۇنيانىڭ شەر-

قى بىلەن غەربىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى قاتناش لىنىيىسىنىڭ تۈگۈنى بولۇپ كەلگەن. ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ياۋروپادىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىتئەنىڭ قۇرۇقلۇقتىكى ئالاقىسىنى راۋانلاشتۇرۇپ تۇرغان. بۇ قاتناش لىنىيىسىدە ھەر قايسى ئەل سىياسىي ئەلچىلىرىنىڭ ئىزى قالغان. سودا كارۋانلىرى مۇشۇ يولدىن ئايىغى ئۈزۈلمەي ئۆتۈپ تۇرغان. شۇنداقلا، فاشيەن، شۈەنجاڭغا ئوخشاش بۇددىستلارنىڭ ئاياغ ئىزلىرى قالغان. «يىپەك يولى» غايەت زور ئىقتىسادىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى شۇ زاماننىڭ ئۆزىدە دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالمىشىشى ئۈچۈنمۇ ناھايىتى قولايلىق ئىمكانىيەتلەرنى ياراتقان. شاھىد شۇكى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، خرىستىئان دىنى ھەم ئىسلام دىنى — ھەممىسى تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشقان. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا ئورۇنلاشقان تارىخىي يادىكارلىقلار ھېلىھەم بىزگە بۇ دۇنياۋى مەدەنىيەت ئېقىملىرىنىڭ تەڭرى تاغنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا بىر - بىرىگە قوشۇلۇش نەتىجىسىدە، شىنجاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا سىڭدۈرگەن غايەت زور تەسىرىنى ۋە تۈرتكىسىنى نامايان قىلىپ تۇرىدۇ.

شۇڭلاشقا، شىنجاڭ توغرىسىدىكى تەتقىقات، بولۇپمۇ شىنجاڭنىڭ تارىخ، مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىش ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، يەنە مۇئەييەن دۇنياۋى ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

بۇ مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئىلىم ساھەسىدى-
كىلەرنىڭ شىنجاڭغا ئائىت ھەر قايسى تەتقىقات مەز-
مۇنلىرىغا چوڭقۇر ئىشتىياق باغلىغانلىقىنىڭ مۇھىم سە-
ۋەبلىرىنىڭ بىرى.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەھمىيىتى دەل ئەنە شۇ
يەردىكى، ئۇ XI ئەسىردىن ئىلگىرى ۋە كېيىنكى شىن-
جاڭنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم مەدەنىيىتىنى تەتقىق
قىلىشىمىزدا بىزنى قىممەتلىك ھۆججەتلىك ماتېرىياللار
بىلەن تەمىنلەيدۇ.

ئېلىمىز جۇڭگو قەدىمدىن تارتىپ كۆپ مىللەت-
لىك، بىرلىككە كەلگەن دۆلەت. قەدىمدىن تارتىپ ئېلى-
مىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى جۇڭخۇا زېمىنىدا ياشى-
غان، ئاۋۇغان ۋە مېھنەت قىلغان. ئۇلار ۋەتىنىمىزنىڭ
پايانسىز كەتكەن زېمىنىنى ئورتاق بەرپا قىلغان، جۇڭ-
خۇا ئېلىنىڭ ئۇزاق تارىخى ۋە شەۋكەتلىك مەدەنى-
يىتىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن. ئۇ، يەنە مۇنۇ جەھەتتە
گەۋدىلىنىدۇكى، مەيلى قانداق ھاكىمىيەت شەكىللىرىنى
قوللانسۇن، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرى باشتىن
ئاياغ ۋەتەن زېمىنىنى باشقۇرۇپ تۇرغان. ئېلىمىز تا-
رىخىنىڭ بۇ ئاساسىي پاكىتى بۈگۈنكى كۈندە مەملى-
كەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئېتىراپ قىلىنىپلا قالماي،
بەلكى ئېلىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدىمۇ مۇئەييەنلەشتۈ-
رۈلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەھمىيىتى دەل شۇ يەر-
دىكى، ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى قاراخانىلار سۇلالىسى يۇز-

لەنگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت ھەم جەمئىيەتكە ئائىت بىر قاتار مەسىلىلەر ئۈستىدە يۈرگۈزگەن چوڭقۇر تەپەككۇرلىرىدىن ئۇنىڭ ئەل ئۈچۈن، خەلق ئۈچۈن باش قاتۇرغان يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەر روھىنى ھەم ئۇنىڭ بىلىم، مەرىپەت ۋە پەن - تېخنىكىنى قەدىرلەيدىغان ئېسىل خىسلىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئېلىمىز ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ۋەتەن زېمىنىنى ئورتاق بەرپا قىلغان ھەم جۇڭخۇا تارىخى ۋە جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنى ئورتاق ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ پاكىتنى ئۆزىگە خاس بىر جەھەتتىن دەلىللىگەن.

شۇڭلاشقا، «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش غايەت زور ئىلمىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئېنىق سىياسىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكىمۇ ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى قانات يايدۇرۇش — پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ ئۇيغۇر مىللىتى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېلىمىز تارىخى ھەم مەدەنىيىتىگە قوشقان غايەت زور تۆھپىسىگە بولغان تونۇشىنى چوڭقۇرلىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىدۇ. شۇ ئارقىلىق چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يېتەلەيمىز. شۇ سەۋەبتىن، بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز چوقۇم توغرا پرىنسىپ ۋە توغرا ئۇسۇل-

ىغا ئەمەل قىلىشى ھەم توغرا يەكۈنگە ئېرىشىشى لازىم.
بىز چوقۇم ماركسىزم ـ لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قى-
لىپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم
پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، تارىخىي مىراسلارغا توغرا
قاراپ، جەۋھەرىنى قوبۇل قىلىپ، شاكىلىنى چىقىرىپ
تاشلاپ، قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇ-
رۇپ، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تۆھپە قو-
شۇشىمىز لازىم.

ۋەكىللەر، يولداشلار

بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە
يىغىنى — ئەھمىيىتى چوڭقۇر يىغىن. ئىشىنىمەنكى، بۇ
قېتىمقى يىغىن ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، «قۇتادغۇ
بىلىك» تەتقىقاتى جەريانىدىكى بىر يېڭى باشلىنىش
بولۇپ قالغۇسى. بۇندىن كېيىن، بۇ تەتقىقاتنى تېخىمۇ
چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

مەن بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مار-
كسىزم، لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرغان،
مىللىي ئىتتىپاقلىقتا چىڭ تۇرغان، پارتىيىنىڭ بارچە
گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە بەس ـ بەستە ساي-
راش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرغان يىغىن بولۇپ قېلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن ھەم يىغىنغا قاتناشقان ھەر مىللەت
ئالىم ۋە مۇتەخەسسىسلەرنىڭ دادىل ئىزلىنىش روھى
بويىچە ساغلام، ئۇچۇق ھەم ئىناقلىق كەيپىياتتا ئۆز-
لىرىنىڭ ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئالماشتۇرۇشلىرىنى
ئۈمىد قىلىمەن. يىغىنىمىز جۇشقۇن، جانلىق، ئىتتىپاق-

لاشقان، دېموكراتىيە ۋە ئىلمىي يۈرەك ئۇرغۇپ تۇرغان يىغىن بولۇپ قالسۇن.

«قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى كىشىلەرگە ئىلھام بېغىشلايدىغان بىر باشلىنىش، ئۇ شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، ئېلىمىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئاساسىي تېما قىلغان كىچىك بىر تەتقىقات قوشۇنى كۈندىن كۈنگە شەكىللەنمەكتە. بۇ تەتقىقات قوشۇنىدا ئىلىم بىلىمى مۇكەممەل مۇتەخەسسىسلەر بار، شۇنداقلا بېجىرىم، كۈچ - قۇۋۋىتى ئۇرغۇپ تۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملىرىمىز بار. بۇلاردىن باشقا يەنە، ئىلىمگە قاتتىق ئىنتىلىۋاتقان، ياش ئىلمىي خادىملىرىمىز بار. مۇشۇنداق بىر تەتقىقات قوشۇنىغا ئىگە بولغىنىمىز ئۈچۈن، بىز شۇنداق ئىشەنچ تىكلىيەلەيمىزكى، يېقىن كەلگۈسىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىز ئېلىمىز ئىلىم ساھەسىدە كەڭ تەسىر قوزغاپلا قالماستىن، بەلكى خەلقئارادىمۇ دۆلىتىمىزنىڭ سىياسىي ئابرويىغا مۇناسىپ تەسىر قوزغايدۇ ھەم ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇنغا ئىگە بولىدۇ.

ئاخىرىدا، مەن چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن شۇ ئارزۇيۇمنى ئىزھار قىلىمەنكى، ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ دۇنياغا تېرىغان گۈللىرى زامانىمىزنىڭ ئىلمىي تەتقىقات گۈلزارلىرىدا تېخىمۇ پورەكلەپ ئېچىلىپ، گۈللەپ ياشنىسۇن!

## جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە تەتقىقات شۆبىسىنىڭ باشلىقى شىڭ بىنسىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

XI ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرى، ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجاد قىلغان كىلاسسىك، يىرىك ئەدەبىي ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئاجايىپ بىر دەستە گۈل بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشۇلغان چوڭ تۆھپە. شۇنداقلا، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى تەشكىل قىلغان ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئورتاق مەنىۋى بايلىقى. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭ ئاپتورى يۈسۈپ خاس ھاجىپ چوقۇم مەملىكىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تارىخى، ئەدەبىيات تارىخى، ئىدىيە تارىخى ۋە پەلسەپە تارىخلىرىغا كىرگۈزۈلۈشى كېرەك.

بىز پەلسەپە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى خادىملار «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى مول پەلسەپىۋى ئىدىيىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر تەسىراتقا ئىگىمىز. «قۇتادغۇ بىلىك» گەرچە خاسلا پەلسەپىۋى ئەسەر بولمىسىمۇ،

لېكىن ئۇنىڭدا داستان شەكلى ئارقىلىق ئاپتورنىڭ كا-
ئىنات، ئىنسانىيەت قاتارلىق زور تېمىلارغا ئائىت ئاسا-
سىي قاراشلىرى ئىزھار قىلىنغان. ئاپتور شېئىرىيەت
بىلەن پەلسەپىۋى پىكىرلەرنى بىر گەۋدە قىلىپ يۇ-
غۇرغان، مەزمۇن بىلەن شەكىلنى ئىنتايىن ياخشى جىپ-
لاشتۇرغان. «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئوقۇغان ھەر بىر
كىشى ئىستېتىكا جەھەتتە قانائەت ھاسىل قىلىپلا قال-
ماي، يەنە ئىدىيە جەھەتتىمۇ زور ئىلھامغا ئېرىشىدۇ.
«قۇتادغۇ بىلىك» تە قويۇلغان پەلسەپىۋى پىكىرلەر
قارىماققا ئاددىيدەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئىنچىكىلەپ ئۆ-
گىنىلسە، ئۇنىڭ مەنىسىنىڭ ئىنتايىن چوڭقۇرلۇقى مە-
لۇم بولىدۇ. ئالايلى، بۇ ئەسەردە بىلىمگە تولىمۇ ئەھ-
مىيەت بېرىلگەن. ئاپتور بۇ جەھەتتە، بىلىمنى ئادەم-
لەرنىڭ تەبىئەتنى بىلىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسى دې-
گەن سەۋىيىدە توختاپ قالمىغان، بەلكى بىلىمنى ئىنسان-
لارنىڭ تەبىئەتنى بىلىشىدىكى، شۇنداقلا بىلىمنى ئا-
دەملەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
توغرا بىر تەرەپ قىلىشىدىكى ۋاستە دەپ تونۇغان. بۇ-
نى ھازىرقى مەۋقە بىلەن ئېيتقاندا، بىلىم — بىلىش
تەدبىرى، شۇنداقلا قىممەت تەدبىرى. بىلىم — بىلىش
تەدبىرى بىلەن قىممەت تەدبىرىنىڭ بىرىكىش نۇقتى-
سى. XI ئەسىردە مۇشۇنداق چوڭقۇر تونۇشنىڭ ۋۇ-
جۇدقا كېلىشى ھەقىقەتەن تولىمۇ قەدىرلىك ئىش. ھا-
زىر، مەندە مۇنداق بىر ھېسسىيات بار: بىز «قۇتاد-
غۇ بىلىك» تىكى پەلسەپىۋى ئىدىيەلەر ئۈستىدە خې-

لى كۆپ ئىزدىنىپ، بىر قىسىم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن
بولساقمۇ، ئەسەردىكى مول مەزمۇنلارنى يەنىمۇ ئىلگ-
رىلىگەن ھالدا، ھەر جەھەتتىن، كۆپ قەۋەتلەپ تەت-
قىق قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. بىز مۇشۇنداق قىلساقلا،
«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى پەلسەپەۋى پىكىرلەر توغرىسى-
دا يېڭىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلالايمىز، بىزنىڭ
خىزمەتلىرىمىزمۇ چوقۇم يېڭى پەللىگە كۆ-
تۈرۈلىدۇ.

## جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات شۆبىۋەنىنىڭ باشلىقى لىۋ كۆيلىنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، مۇتەخەسسىسلەر، كەسىپداشلار، سۆيۈملۈك يولداشلار

ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزدە سان-ساناقسىز تارىخىي، مەدەنىي مۇقەددەس جايلار بار. ھازىر بىز جەم بولغان قەشقەر ئەنە شۇ مۇقەددەس جايلارنىڭ بىرى. مۇندىن 900 يىل بۇرۇن بۇ تارىخىي ، مەدەنىي مۇقەددەس جاي ئىككى ئۇلۇغ زاتنى يېتىلدۈرگەن. ئۇنىڭ بىرى، بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزدا ئالاھىدە مۇھاكىمە قىلىنىدىغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ؛ يەنە بىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى. كامالەتكە يەتكەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەردە ئوردا خىزمىتىدە بولۇپ، سىياسىي جەھەتتىكى دانالىقىنى نامايان قىلىش بىلەن بىللە، ئەدەبىي تالانتىنى كۆرسىتىۋاتقاندا، تەخمىنەن شۇ دەۋردە ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىمۇ مۇشۇ يەردە ياشىغان ئىدى.

تۈنۈگۈن بىز مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلدۇق. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئۇلۇغ ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قايتا ياسالغان قەبرىگاھىغا ئۇل قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزىمىز. بۇ ئىككى ئۇلۇغ زاتنىڭ ۋاپاتىنى كىشىلەرنىڭ شۇ قەدەر خاتىرىلەشتىن مەلۇمكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە ياراتقان تۆھپىسى بىلەن ئەدەبىي ھاياتقا ئېرىشكەن، يەنە كېلىپ بۇنداق ئۆلمەس ھاياتنىڭ نۇرى ئۇلار ھايات چاغدىكىدىنمۇ يىراقنى يورۇتماقتا. يەنى ئۇلار زامان ۋە ماكان بىلەن چەكلەنمەي، بىزنىڭ ئارىمىزدا ياشىماقتا. بارغانسېرى كۆپ دۇنيا خەلقى ئارىسىدا ياشىماقتا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان دەۋر — قەدىمكى ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى باش كۆتۈرگەن، گۈللەنگەن دەۋر ئىدى. بۇ دەۋر كاتتا شەخسلەرنى يېتىشتۈرگەن دەۋر ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ شائىرى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇلۇغ داستانى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەيدانغا كېلىشى ھەرگىزمۇ تاسادىپىيلىق ئەمەس، بەلكى چوڭقۇر ئىجتىمائىي، تارىخىي مەنبەگە ئىگە.

ئۇ زاماننىڭ ئۇلۇغ شەخسلىرى بىزگە مەلۇم بولغان باشقا نۇرغۇن مىللەتلەرنىڭ تارىخىدىكى ئۇلۇغ شەخسلەرگە ئوخشاش كۆپ تەرەپلىملىك بىلىملىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدى. بابا تىلغا ئېلىپ

ئۆتكەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئاپتورى مەھمۇت قەشقەرى ئەنە شۇنداق ئالاھىدىلىككە ئىگە. «دىۋان» ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر بىلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن كۆپ ھاللاردا بىزنى ئۇنى «دىۋان» دېيىشنىڭ ئورنىغا، ئىختىيارسىز ھالدا «قامۇس» دېيىشكە مەجبۇر قىلىدۇ. «دىۋان» مۇئەللىپىنىڭ زامانىدىشى، يوقىلىپ كەتكەن «قەشقەر تارىخى» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى ئابدۇجاپپارمۇ ئاشۇنداق كىشى بولسا كېرەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرى ئارقىلىق ئۇيغۇر مىللىتى ۋە ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئەدەبىيات، پەلسەپە، دىن، ئېتىكا، ماتېماتىكا، تىل، سىياسىي، ھەربىي، ئىقتىسادىي تۇرمۇش، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت قاتارلىق جەھەتلەردىن تەرغىباتچىلىق، تەشۋىقاتچىلىق قىلغان، يول ئاچقان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە ئەكس ئەتتۈرگەن ئىدىيە ھەرگىز يەككە ـ يەككە، تاسادىپىي، مېخانىك ھالدا جۇغلاپ قويۇلغان پىكىرلەر دۆۋىسى ئەمەس، بەلكى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتتا شەكىللەنگەن، ئىچكى جەھەتتە ئورگانىك باغلانغان مۇكەممەل ئىدىيىۋى سىستېما. شۇڭا، بۇ قامۇسنىمان ئەسەرنى ھازىرقى زامان پەنلىرى بويىچە تۈرگە ئايرىپ كۆزەتكەن ۋە تەتقىق قىلغىنىمىزدا، ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىگە، مۇكەممەللىكىگە ۋە ئىچكى جەھەتتىكى دىئالېكتىك باغلىنىشىغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم.

بەزى مۇتەخەسسىسلەرنىڭ توغرا كۆرسەتكىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ جەۋھە-رىگە ۋارىسلىق قىلغان ۋە ئۇنى تەرەققىي قىلدۇرغان. لېكىن يەنە شۇنىمۇ كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، بىر مىللەت، بىر دەۋر، بىر ئۇلۇغ زاتنىڭ كۆرسەتكەن تارىخىي خىزمىتى — ئۇنىڭ ئىشىنى قوبۇل قىلغانلىقىدا كۆرۈلۈپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇنىڭ ئىشىنى تۆھپە قىلغانلىقىدا كۆرۈلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزى مۇناسىپ كۆرگەن كۆپ تەرەپلىمە مەدەنىيەت ئامىللىرىنى كەڭ تۈردە، تەنقىدىي يوسۇندا قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىدىيىۋى سىستېمىسىنى ۋۇجۇد-قا كەلتۈرگەن، ئۇنىڭ ئەسىرى ۋەكىللىك قىلغان نەرسە — قاراخانىلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يۇقى-رى پەللىسىدۇر. بۇ مەدەنىيەتنىڭ مەزمۇنىنى تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشىمۇ، بۇ مەدەنىيەتنىڭ تارىخىي ۋارىسلىق مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىش ۋە تونۇشقا ئوخشاش، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدىكى مۇھىم تېمىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كەلگەن دەۋردە، داس-تاندا ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، ئۇ، رايون مەدە-نىيىتى چېگرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ كەتكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئەسىرلەردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بەردى. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى قىممەتلىك گۆھەر. پۈتۈن جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى نۇر

چاقناپ تۇرغان مەرۋايىت بولۇپلا قالماستىن، يەنە باش-
قا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيىتىگىمۇ كاتتا تەسىر كۆرسەت-
كەن. دېمەك، ئۇ كۆرسەتكەن تەسىرمۇ، ئۇ قوبۇل قىل-
غان تەسىرگە ئوخشاش، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدى-
كى مۇھىم تەتقىقات تېمىسى ھېسابلىنىدۇ.

ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئولتۇرغان ۋە بۇ سورۇنغا
كەلمىگەن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ۋە بىزگە ئوخشاش تەت-
قىقاتچىلارنىڭ ئالدىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يەنە نۇرغۇن
تېما تۇرماقتا.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى تارىخىي ئەھ-
مىيەتكە ئىگە. بۇ يىغىن «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق
قىلىش تارىخىدا بىر نامايەندە بولۇپ قالغۇسى. ئۇ تار-
قاق، ئۆز ئالدىغا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەتقىقاتنىڭ
كۆپ تەرەپ ھەمكارلىشىدىغان، ئۆزئارا ماسلاشقان،
كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى توپلىغان تەتقىقاتقا ئۆتكەنلىكىدىن،
كۈچ توپلاپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرىلەشتىن پەي-
دىنپەي ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە، يۆنىلىشكە
ئىگە بولغان ئۆز تەتقىقات سىستېمىمىزنى شەكىللەندۈ-
رۈشكە ئۆتكەنلىكىمىزدىن، ئاز سانلىق كىشى تەتقىق
قىلىشتىن پەيدىنپەي بىر قوشۇن شەكىللەندۈرۈشكە
ئۆتكەنلىكىمىزدىن دېرەك بېرىدۇ. ئالاھىدە كۆرسىتىپ
ئۆتۈشكە تېگىشلىكى شۇكى، بۇ قوشۇننىڭ غول كۈچى
ئۇيغۇر، قازاق ۋە باشقا قېرىنداش مىللەت تەتقىقاتچى-
لىرىمىزدىن تەركىب تاپقان. يېقىندا كۆرسىتىپ ئۆتۈل-
گەن ئالىملار ئىلمىمىزنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ

جوش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ئىشەنچلىك كاپالەت يارىتىپ بەر-
دى. شۇڭا، بۇ يىغىنغا قاتناشقان رەھبىرىي يولداشلارغا،
مۇتەخەسسىسلەرگە، ۋەكىللەرگە، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەن-
لەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەت-
قىقات شۆيۈەنى نامىدىن ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن!
بۇ يىغىنىنىڭ تەييارلىقى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەت قىلغان
قەشقەردىكى پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە ۋە بار-
لىق يولداشلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن! يىغىنىنىڭ
غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

بۇنىڭدىن سەل بۇرۇن گوۋۇيۈەنىنىڭ مۇئاۋىن زوڭ-
لىسى يولداش ۋەن لى مەملىكەتلىك يۇمشاق پەنلەر تەت-
قىقاتى خىزمەت يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ «ئىلمىي
نەزەرىيىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن
دېموكراتىيە، باراۋەرلىك، مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدىكى
سىياسىي مۇھىت يارىتىلىشى لازىم. دېموكراتىيە، باراۋەر-
لىك، مەسلىھەتلىشىش ئاساسىدىكى سىياسىي مۇھىت
يارىتىش ئۈچۈن «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە
ئېقىملار بەس - بەستە سايراش» فاڭجېنىدا ئېغىشماي
چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ فاڭجېن — مەملىكىتىمىزنىڭ
سىياسىي تۇرمۇشىدا ئىدىيە، نەزەرىيە، مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشىدىكى ئېغىشمايدىغان ستراتېگىيىلىك فاڭجېن. بۇ —
سوتسىيالىستىك يۈكسەك دېموكراتىيىنىڭ مۇھىم ئىپادى-
سى» دېدى. يولداش ۋەن لى يەنە: «بىزنىڭ فاڭجېنىنى
ئىجرا قىلىپ، ئەركىن مۇزاكىرىنى قانات يايدۇرۇشنى

تەكىتلىشىمىز — ھەرگىز ماركسىزمنىڭ ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكىدىن ئايرىلىشقا بولمىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ماركسىزمنىڭ ئادەتتىكى فورمۇلىلىرىنى قاتماللىق بىلەن يادلاش پەنلەر تەتقىقاتىغا ئاگەملى بولمايدۇ. ماركسىزم دوگما ئەمەس، ئىنجىل ئەمەس، بەلكى ھەرىكەتنىڭ قىبلىنامىسى. ئۇ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بېرىپ تۇرىدۇ. زامانىمىزدىكى ئادەملەر ياراتقان نۇرغۇن يېڭى نەزەرىيە ۋە يېڭى نەتىجىلەرنى چەتكە قېقىشقا بولمايدۇ، بەلكى ئەمەلىيەتنىڭ تەكشۈرۈشى ئارقىلىق، ھەقىقىي ئىلمىي نەتىجىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ماركسىزمنى ئۈزلۈكسىز بېيىتىش لازىم» دېدى.

يولداش ۋەن لىنىڭ بۇ سۆزلىرى گەرچە يۇمشاق پەنلەر تەتقىقاتىغا قارىتىلغان بولسىمۇ، بىراق بىزنىڭ تەتقىقات خىزمىتىمىزگىمۇ يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

مەن ئىشىنىمەنكى، بىز قەتئىي ئېغىشماستىن قوش فاڭجېننى ئىجرا قىلىدىغانلا بولساق، ماركسىزمنىڭ ئىدىيىۋى يېتەكچىلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، ئالدىنقىلارنىڭ، چەتئەلدىكى كەسىپداشلارنىڭ مۇنەۋۋەر نەتىجىلىرى ۋە توغرا يەكۈنلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ مۇستەقىل ئىزدىنىش ۋە ئىستەكلىرىنى ئېغىشماي، ھەقىقىي تۈردە داۋاملاشتۇرىدىغانلا بولساق، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا، ئالەمدىن ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىز ئالدىدا يۈزىمىز يورۇغۇدەك نەتىجىلەرنى يارىتالايمىز.

## جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ باشلىقى ۋاڭ پىڭفەننىڭ سۆزلىگەن سۆزى

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن قەشقەردە داغدۇغىلىق ئېچىلدى. مەن جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ باش كاتىپى يولداش ۋۇجيېبىنگە ۋەكالىتەن، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتىگە ۋەكالىتەن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ غەلىبىلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن!

مەملىكىتىمىز — تارىخى ئۇزۇن، مەدەنىيەتلىك، قەدىمكى دۆلەت. جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شانلىق ئەدەبىيات خەزىنىسى ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. بىز، جۇڭگو ۋە چەتئەللەرگە داڭقى كەتكەن «گېسار»، «جاڭگىر»، «ماناس» تەك داستانلارغا ئىگە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەك بۇنداق ئۆچمەس ئەسەرلەرگىمۇ ئىگىمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ھازىرغىچە مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ يازما ئەدەبىياتىدا ئەڭ بالدۇر

ۋۇجۇدقا كەلگەن، پەلسەپىۋى، نەزەرىيىۋى خاراكتېرى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر داستان. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، ئىلمىي قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى. XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى، XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قولىيازمىسى ئارقا - ئارقىدىن تېپىلىپ، مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكىلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. «قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مۇھىم ئەدەبىي مىراسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەدەبىيات خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەر. ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىيات تارىخى، شەرق ئەدەبىيات تارىخىدىمۇ چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بولغان بىر مەشھۇر ئەسەر.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى 1982 - يىلدىن باشلاپ، «قۇتادغۇ بىلىك»نى نۇقتىلىق پەن تەتقىقات تۈرى قىلىپ تۇتۇشقا باشلىغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن 3 - 4 يىل ۋاقىت ئىچىدىلا كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىدا نەشر قىلىنىشى ۋە خەنزۇچە تولۇق تەرجىمە قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ تاماملىنىشى — «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات خىزمىتىگە نىسبەتەن غايەت زور ئىلگىرى سۈرۈش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قىسقىغىنە بىرقانچە يىل ۋاقىت ئىچىدە 100 پارچىگە يېقىن تونۇشتۇرۇش ماقالىلىرى ۋە ئىلمىي ماقالىلەر مەيدانغا چىقتى، كۆپچىلىكنىڭ تونۇشى بارغانسېرى

چوڭقۇرلاشتى. ئىلمىي ماقالىلەرنىڭ سەۋىيىسى ئۆزلۈكسىز تۈردە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. بىر گۇرۇپ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر ئورتاق مۇھاكىمە قىلىپ كېڭىشىپ، تەتقىقات ھېسسىياتلىرىنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش يۈزىسىدىن بىر يەرگە جەم بولدى. ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چاقىرىلىشى — «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات خىزمىتىدە چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت پەيدا قىلىدۇ. تەتقىقات خىزمىتى چوقۇم تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا، ھەتتا پۈتۈن دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىمۇ تەسىر قوزغايدۇ.

تەتقىقات خىزمىتىدە، بىز چوقۇم تارىخىي ماتېرىيالىزملىق پوزىتسىيىدە چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. ھەرقانداق قەدىمكى زامان ئەدەبىي ئەسەرلىرىگە قارىتا، بىز چوقۇم ئۇنى شۇ چاغدىكى تارىخىي مۇھىت ئىچىگە قويۇپ كۆزىتىشىمىز، قەدىمكى كىشىلەرگە قارىتا بۈگۈنكى ئۆلچەم بويىچە تەلەپ قويماسلىقىمىز لازىم. بىز تارىخىي، پەلسەپىۋى، ئەدەبىي جەھەتتىن، بولۇپمۇ ستاتىستىكالىق نۇقتىئىنەزىرىدە تۇرۇپ، ئىلمىي يوسۇندا ئانالىز يۈرگۈزۈشىمىز، توغرا يەكۈن چىقىرىشىمىز كېرەك. قەدىمكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ھەم توۋەن چاغلىماسلىقىمىز، ھەم كۆپتۈرۈۋەتمەسلىكىمىز لازىم.

ھازىر، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان جىددىي ۋەزىپە — ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر ئارقىلىق، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتى تارىخىنىڭ ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەسەرلەرنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىش؛ ئىلمىي

مۇھاكىمە سەۋىيىمىزنى ئۆزلۈكسىز تۈردە ئۆستۈ-رۈپ، مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ۋەتەن-پەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى قوزغاپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيە-تىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ رەھبەر-لىرى بۇ تېتىمىقى يىغىننىڭ چاقىرىلىشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى. يولداش ۋۇجيەمىڭ ماڭا ئۆزىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا بولغان مۇنداق ئۈچ تۈرلۈك ئۈمىدىنى يەتكۈزۈپ قويۇشۇمنى ئېيتقان ئىدى:

بىرىنچى، ماركسىزم - لېنىنىزمنى يېتەكچى ئىدىيە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش لازىم.

ئىككىنچى، «ھەممە گۈللەر تەڭ ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئوخشاش بولمىغان نۇقتىئىنەزەرلەر-نىڭ ئەركىن مۇزاكىرە قىلىنىشىغا يول قويۇش، دېموك-راتىك، ئىتتىپاقلىق، ئىناقلىق بىر كەيپىياتنى يارىتىش لازىم.

ئۈچىنچى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش لازىم. بۇ، مېنىڭمۇ چوڭ يىغىندىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم.

## ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى ئەمىنوپ ھامىتنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

ۋەكىللەر ۋە يولداشلار

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن رەسمىي ئېچىلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزدا بۇ يىل ئۆتكۈزۈلىدىغان يەتتە چوڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىلمىي ساھە بويىچە بىر چوڭ ئىش. شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەت ئىلمىي ساھەسىدىمۇ چوڭ بىر ئىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پروفېسسور شىڭ بىنسى، يولداش ۋاڭ پىڭفەن، پروفېسسور ليۇ گۇيلى باشلىق بېيجىڭ ھەم باشقا قېرىنداش ئۆلكە (ئاپتونوم رايون)، شەھەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارادا يۈكسەك ئابرويغا ئىگە بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ئۇزاق مۇساپىلەرنى بېسىپ بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغانلىقى — بىز ئۆتكۈزۈۋاتقان بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت ئىلىم ساھەسىدە قىزغىن ئىنكاس قوزغىغانلىقىنى ۋە پائال مەدەتلەرگە سازاۋەر بولغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. شۇ سەۋەبتىن، مەن ئاپتونوم

رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن يىغىنىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشىگە چىن كۆڭلۈمدىن تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن. مۇتەخەسسىس ۋە ئالىملارنىڭ قەشقەردىن ئىبارەت بۇ گۈزەل ھەم قەدىمىي شەھەردىكى كۈنلىرىنىڭ كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزۈلۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ XI ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر پەيلاسوپى، مۇتەپەككۇر، شائىر؛ ئۇنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» — جۇڭخۇا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى سەلتەنەتلىك بايلىقلارنىڭ بىرى. ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن نادىر مۇۋەپپەقىيەت. بىراق، تۈرلۈك تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم ئۇنىڭ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ئىنسانلاردىن بىر نەچچە ئەسىرگىچە ئايرىلىپ تۇرغان ئىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، «سول»چىل لۇشيەنىنىڭ كاشىلىسىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەم ئۇنىڭ ئەسىرىگە يامان نىيەت بىلەن بىر مۇنچە يوقىلاڭ بەدناملار چاپلانغان. پەقەت پارتىيىمىزنىڭ 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىق تۈگىتىلىپ، ئاشۇ ئاساستا «قۇتادغۇ بىلىك» دۇنياغا كېلىپ 900 يىلدىن كېيىن ئاپتور ۋەتىنىنىڭ ئۇلۇغ پايتەختى — بېيجىڭدا نەشىردىن چىقىش پۇرسىتىگە مۇيەسسەر بولالىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەشىردىن چىقىشى — ئىلىمىزنىڭ چوڭ ياخشى سىياسىي ۋەزىيىتىنى مەلۇم بىر

جەھەتتىن دەلىللەيدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ نەشىردىن
چىقىشى — پارتىيە مىللىي سىياسىتىنىڭ نەتىجىسى،
شۇنداقلا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي ھايا-
تىدىكى زور خۇشاللىق ھەمدە بىلىمىز ئىلىم ساھەسىدى-
كىلەر ئۈچۈنمۇ زور خۇشاللىق. چۈنكى، بۇ ئەسەر بىز-
نىڭ XI ئەسىردىكى شىنجاڭ، ھەتتا پۈتكۈل ئوتتۇرا
ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ
ئومۇمىيۈزلۈك چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ
تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تېخىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك
چۈشىنىشىمىز ئۈچۈن بىزنى قىممەتلىك زور ھۆججەت
خاراكتېرلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مۇشۇ سە-
ۋەبلەر تۈپەيلىدىن «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ چوڭقۇر ھەم
مول مەزمۇنىنى ۋە پايانسىز كەڭ تەسىرىنى ئومۇمىيۈز-
لۈك، مۇكەممەل تەتقىق قىلىش ۋە شەرھلەش — شىن-
جاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تېماتىكىسىغا ھەم ئۇيغۇر ئىدىيو-
لوگىيە تارىخىنى، مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشقا
ئىنتىلگۈچى مۇتەخەسسىس، ئالىملارنىڭ ئالدىغا قويۇل-
غان جىددىي ھەم مۇشكۈل ۋەزىپە.

«قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتتا، بىز
ھەممىدىن ئاۋۋال شۇنى تەكىتلەيمىزكى، ئېنىق يېتەكچى
ئىدىيە تىكلىنىشى شەرت، يەنى ماركسىزم - لېنىنىزم،
ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىمىزغا
يېتەكچى ئىدىيە قىلىنىشى لازىم.

بىز يەنە شۇنى تەكىتلەيمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك»
تەتقىقاتىدا چوقۇم ئىلمىي ئۇسۇلدا چىڭ تۇرۇش لازىم.

يەنى، تارىخىي ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، تارىخنى خالىغانچە ئۈزۈۋەتمەسلىك، مۇئەييەن ۋاقىت ۋە ماكاندىن ھالقىپ كەتمەسلىك لازىم.

بىز شۇنىمۇ تەكىتلەيمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا چوقۇم توغرا ئىلمىي يەكۈن ھاسىل قىلىنىشى لازىم. بۇ ئىلمىي يەكۈن جەزمەن مەملىكەت خەلقىمىزنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشىگە، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنىڭ مۇستەھكەملىنىشىگە، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ جۇڭگودىن ئىبارەت ۋەتىنىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە جارى قىلدۇرغان رولى ۋە تۆھپىسىنى تولۇق چۈشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى خوجايىنلىق تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى تېخىمۇ ئۇرغۇتۇشقا پايدىلىق بولسۇن؛ تەتقىقاتىمىز چوقۇم ۋەتىنىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا خىزمەت قىلدۇرۇلسۇن.

يىغىپ ئېيتقاندا، ئېنىق يېتەكچى ئىدىيە، ئىلمىي بولغان تەتقىقات ئۇسۇلى، توغرا ئىلمىي يەكۈن — مانا بۇلار «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا ھەرگىزمۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان ئۈچ مەسىلە.

ۋەكىللەر، يولداشلار

«قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۇبدان بىر مۇقەددىمە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىشىنىمەنكى، پۈتۈن مەملىكىتىمىزدىكى ھەر مىللەت ئالىملىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى نەتىجىسىدە، «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقاتىمىز چوقۇم پەيدىنپەي چوڭقۇرلىشىدۇ ۋە يېقىن كەلگۈسىدە جەزمەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشىدۇ.

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى مەمتىمىن يۈسۈپنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

يولداشلار، ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر

ئۈچ يىل رەسمىي تەييارلىق كۆرۈش ئارقىلىق، ھەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا ماكانى قەشقەردە ئېچىلدى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئابرويغا ئېرىشكەن پروفېسسور شىڭ بىنسى، پروفېسسور لىيۇكۇيلى، ۋاڭ پېڭفەن قاتارلىق يولداشلار بېيجىڭ ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلىرىدىن بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىش ئۈچۈن قەشقەرگە كەلدى. مەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلىرى بىرلەشمىسىگە ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ۋاكالىتەن، بېيجىڭ ۋە ھەرقايسى قېرىنداش ئۆلكە، شەھەرلەردىن كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن يىغ-

خىمىزغا ئىلمىي ماقالە ئېلىپ كەلگەن ئالىم، مۇتەخەسسىسلەرنى چىن قەلبىمىزدىن تەبرىكلەيمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىنىمىزنى قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمە ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلەپ، يىغىننىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئورۇنلاشتۇردى. مەن ئاپتونوم رايونلۇق پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسىگە ۋە شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىگە ۋەكالىتەن قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىگە سەمىمىي مىننەتدارلىق بىلدۈرىمەن.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى — جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىيات تەتقىقات شۆبىسى بىلەن جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ 1986 - يىلى مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۈچ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرى؛ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن، ئاپتونوم رايونى بويىچە نۇقتىلىق ئۆتكۈزۈلىدىغان يەتتە قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىمىزنى جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات شۆبىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلا-

چىتى، شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىـ
يەتلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېـ
مىيىسى قاتارلىق بەش ئورۇن ئۇيۇشتۇردى.

بۇ يىغىننىڭ قەشقەردە ئېچىلىشى تارىخىي ۋە رېـ
ئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ
مەدەنىيەت تارىخى، پەلسەپە ۋە ئىجتىمائىي ئىدىيە
تارىخىنى ۋەتىنىمىزدىكى ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق
ياراتقان. بۇ، ئۇلارنىڭ ئۇزاق تارىخى بىلەن چەمبەر-
چاس باغلانغان. مەدەنىيەت تارىخى ۋە پەلسەپە، ئىجـ
تىمائىي ئىدىيە جەھەتتە ھەر بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە
خاس مۇۋەپپەقىيەتلىرى بار.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ
مۇتەپەككۇر شائىرى، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
«قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرى شەرق ۋە جۇڭگودا بىر تارىـ
خىي دەۋرنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسى
دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي ئاڭ فورماتسىيىسىنىڭ مۇجەسسەم
ئىنكاسى بولغانلىقى، شۇنداقلا ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ
بىر مۇنچە مۇھىم ساھەلىرى بويىچە چوڭقۇر پەلسەپىۋى
ۋە تەربىيىۋى ئىدىيىلەرنى بەدىئىي ۋاستە بىلەن ئىپاـ
دىلەپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولغانلىقى
ئۈچۈن، ئۇيغۇر مەدەنىيەت پەلسەپە تارىخىدىكى بىر
پارلاق نامايەندە سۈپىتىدە ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت
خەزىنىسىدىكى مەشھۇر ئەسەرلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالغان.
شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بۇ ئەسەر خېلى ئۇزاقتىن بۇيان، خۇـ
سۇسەن XIX ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسىنىڭ زور

دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا كلاسسىك مەدەنىيىتىنى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تېمىسى ۋە مەنبەسى بولۇپ قالدى.

چۈنكى، ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونى بولغان شىنجاڭ تارىختا دۇنيا بويىچە ئۈچ چوڭ دىن، ئۈچ چوڭ مەدەنىيەت، ئۈچ چوڭ تىل سىستېمىسىنىڭ گىرەلەشكەن جايى؛ تارىختىكى ئارخېئولوگىيىلىك ماتېرىياللار مەنبەسى بىر قەدەر مەركەزلەشكەن، شۇنداقلا «يىپەك يولى»نى بويلاپ شەرق بىلەن غەرب ئوتتۇرىسىدا ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇلغان جاي.

بىز «قۇتادغۇ بىلىك»تە بايان قىلىنغان يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە، تارىخ ۋە دۆلەت، جەمئىيەت ۋە قانۇنشۇناسلىق، مائارىپ، ئائىلە ۋە ئەخلاقشۇناسلىق، تىبابەت، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە، تىل - ئەدەبىيات، شېئىرىيەت، ئېتنوگرافىيە، دراماتورگىيە، ھەربىي ستراتېگىيە ۋە ئىقتىسادشۇناسلىق جەھەتلەردىكى نۇقتىئىنەزەرلىرىدىن ئەينى زامان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىدېئولوگىيىسى توغرىسىدا مۇكەممەلرەك مەلۇماتقا ئېرىشەلەيمىز.

شۇڭا، بىز ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئالىمىنى قەدىمكى زامان دۇنيا تارىخىدا ئۆتكەن ئون چوڭ مۇتەپەككۇرنىڭ بىرسى دەپ ھېسابلايمىز.

بەزى دۆلەتلەردىكى مەخسۇس «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملار يۈسۈپ خاس

ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىكى بىلىم، قانۇن، ئەقىل، ئەخلاق - پەزىلەت قاتارلىق مەسىلىلەردىكى پەلسەپە كۆزقاراشلىرىنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 3500 - يىللاردىن باشلاپ مىلادى 1778 - يىلىغىچە ئۆتكەن ئالىملارنىڭ بىر قاتار ئەسەرلىرىگە سىلىشتۇرۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ ۋە دۇنيا قارىشىنىڭ باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، يەنى ئىلمىي جەھەتتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرمەكتە.

شىنجاڭنىڭ IX ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە بولغان دەۋردىكى تارىخى — شەرقتە تۇرپاندىكى قاراخوجىنى، شىمالدا بەشبالىقنى مەركەز قىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى، غەربىي جەنۇبتا قەشقەر بىلەن بالاساغۇننى مەركەز قىلغان قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ؛ قارا خوجا ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا، قاراخانىلار ئۇيغۇرلىرى ئىسلام دىنىغا ئىتىقاد قىلغانلىقى بىلەن خاراكتىرلىنىدۇ. بۇ ئىككى ئۇيغۇر خانلىقىدىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەلۇم جەھەتلەردە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىپ، ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولسىمۇ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي جەھەتلەردە يەنىلا ئىچكى ئۆلكىلەر بىلەن ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى مۇناسىۋەتنى ساقلاپ كەلگەن.

تۈركىيىنىڭ تارىخشۇناس ئالىمى نەجىپ ئاسىم: بۇ يەردە («قۇتادغۇ بىلىك» تە) لىياۋ خانلىقى دەۋرىدىكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى بولۇپلا قالماي،

جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى ئالىملىرىنىڭ ئىدېئولوگىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىمۇ بار، دېگەن ئىدى.

بۇنىڭدىن، شىمالىي ۋە جەنۇبىي سۇڭ سۇلالىسى (960 - يىلدىن 1279 - يىلغىچە) دەۋرى داۋامىدا ۋەتىنىمىزنىڭ غەربىي شىمالىي تەرىپىدىكى ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىن يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش بۈيۈك مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىرنىڭ يېتىشىپ چىققىنىنىڭ يەككە - يىگانە ئەمەسلىكىنى، بەلكى بۇ دەۋردە ئىدىقۇت ۋە قەشقەرىيىدىكى زىيالىيلار قاتلىمىنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە يەنە باشقا ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى، بۇلارنىڭ ھەر جەھەتتە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

بىز تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلارمىز، تارىخىي پاكىتلارغا ھۆرمەت قىلىمىز. «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر جەۋھەر، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئالتۇن كىتابى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان ئۇلۇغ تۆھپە. ئۇ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ تەركىبىي قىسمى.

ئۇيغۇرلار جۇڭخۇا مىللەتلىرى ئىچىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى، ئوتتۇرا ئاسىيا، شەرق مىللەتلىرى ئىچىدىكى قەدىمكى مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن، ئىشنى «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىشتىن باشلىشىمىز كېرەك.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيە 12 - نۆۋەتلىك

مەملىكەتلىك ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى-
دا سۆزلىگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن ئىدى:
«جۇڭگونىڭ ئىشلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بېقىپ
ئېلىپ بېرىش لازىم. جۇڭگونىڭ ئۆز ئادەملىرىنىڭ
كۈچىگە تايىنىپ ئېلىپ بېرىش لازىم. مۇستەقىل، ئۆز -
ئۆزىگە خوجا بولۇش، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش —
مەيلى ئۆتكەندە بولسۇن ياكى كەلگۈسىدە بولسۇن، بىز-
نىڭ مەۋقەيىمىز». ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت
نەزەرىيىسىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ مۇشۇ بويىچە ئىش كۆ-
رۈشىمىز كېرەك.

ئاخىرىدا، بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ھەر مىللەت
ئالىملىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك»
تەتقىقاتى توغرىسىدىكى ئىلمىي نەتىجىلىرىنى كەڭ-
كۈشادە ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش بىلەن، يۈكسەك ئىلمىي
پوزىتسىيىدىكى ئىتتىپاقلىق يىغىنى بولۇپ قېلىشىنى
ئۈمىد قىلىمەن.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىقنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

ۋەكىللەر، مېھمانلار

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك»
ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مۇئەللىـ
پى مەڭگۈ ئۇيقۇغا كەتكەن جاي — قەشقەردە ئېچىلـ
دى. بۇ يىغىنىنىڭ قەشقەردە چاقىرىلىشى — مەركەز
ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ
قەشقەردىكى ھەر مىللەت خەلقىگە بولغان ئىشەنچىسى
ۋە ئىلھامى. شۇنداقلا، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ «قۇتادغۇ
بىلىك» ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتى ئۈچۈن
تۈرتكە. بىز بۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇشالمىز. قەشقەر ۋىـ
لايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇنداق كاتتا يىغىننىڭ
چاقىرىلىشىغا ئازراق تۆھپە قوشالىغانلىقى — بىزنىڭ
شەرىپىمىز. مەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى قەشـ
قەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە
ۋەكالىتەن، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزدىـ
كى ئالاقىدار پەنلەر ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەر، ئالىمـ
لارنىڭ قەشقەرگە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن
ۋە ئۇلاردىن سەمىمىي ھال سورايمەن! شۇنىڭ بىلەن

بىركە، ھەربىرلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە داۋامىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشلىرىنى تىلەيمەن!

«قۇتادغۇ بىلىك» — XI ئەسىردىكى قاراخانىلار سۇلالىسى زامانىسىدىكى بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مەشھۇر داستانى بولۇپ، ئۇنىڭدا پادىشاھ، ۋەزىر، ۋەزىرنىڭ ئوغلى ۋە دەرۋىش قاتارلىق تۆت پېرسوناژ ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەت ئارقىلىق، ئاپتورنىڭ ئەينى زاماندىكى نەزەرىيە، ئەخلاق، پەلسەپە، قانۇن - تۈزۈم، ھەربىي ئىشلار، يېزا ئىگىلىك، سانائەت، سودا قاتارلىق كەسپلەرگە بولغان ئىدىيىۋى كۆزقارىشى بايان قىلىنغان. ئۇ، قاراخانىلار دەۋرىدىكى مۇھىم ئەسەرلەردىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەت تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، بىر شەكلى ئارقىلىق مۇنداق كەڭ، مۇنداق چوڭقۇر مەنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مۇنداق بەدىئىي ئەسەر شىنجاڭدىن ئەمەس، پۈتۈن دۇنيادىمۇ ئاز تېپىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز شۇنداق دەپ ئېيتالايمىزكى، بۇ داستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى بىر بىباھا گۆھەر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى گۆھەرلەرنىڭ بىرى.

بىز بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلىدىغان بولساق، XI ئەسىردىكى ئۇيغۇر تىلى، ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتىگە ئائىت نۇرغۇن ئەھۋاللاردىن خەۋەر تېپىپلا قالماستىن، بەلكى ئەينى زاماندا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىجتىمائىي ھادىسىلەر بىلەنمۇ تونۇشۇپ

چىقالايمىز. بۈگۈن پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، ئۇزاق مۇددەتتىن
بۇيان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ،
كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەن مەشھۇر
ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەرنىڭ قەشقەرگە كېلىپ، تەت-
قىقات نەتىجىلىرىنى ئالماشتۇرۇشى، بۇ ئەسەردە بايان
قىلىنغان پەلسەپە قائىدىلىرىنى يەنىمۇ ئېچىپ بېرىش-
كە تەييارلانغانلىقى — بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى.
ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئارقى-
لىق يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ
قىممەتلىك مىراستىن تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر خەۋەر
تاپىدۇ. ئالىمغا ۋە ئۇنىڭ ئالەمشۇمۇل ئەسىرىگە بول-
غان تونۇشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، ھۆرمىتى تېخىمۇ
ئاشىدۇ. ۋىلايىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇش قەدىمى تېزلىشىدۇ. مەن، بۇ ئىلمىي
مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ قەشقەردە چاقىرىلغانلىقىدىن ئىنتا-
يىن خۇشالمەن! يىغىنىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىغا
ۋە مول مېۋە بېرىشىگە تىلەكداشمەن!

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە چوڭقۇر چۈ-
شەنچىگە ئىگە. شۇنداقتىمۇ مېنىڭ تەكىتلەپ ئۆتۈش
زۆرۈر دەپ ئويلىغىنىم شۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
گەرچە بالاساغۇندا تۇغۇلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ
ئىجادىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىشلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت
قازىنىشى قەشقەردە بولغان. ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىن

قەشقەر زېمىنىغا دەپنە قىلىنغان. قەدىمكى قەشقەر بىزگە بىر ئۇلۇغ شائىرنى يارىتىپ بەرگەن ئىدى. مەن بۇ قېتىمقى يىغىنىدا ئىشتىراك ئەتكەن ئالىملار، مۇتەخەسسىلەرنىڭ بۇ ئالەمشۇمۇل مۇتەپەككۇرنىڭ ھاياتى، ئىجادىي پائالىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردىن بىزگە كۆپرەك تەلىم بېرىپ، بىزنى تېخىمۇ كۆپ بىلىملەرگە ئىگە قىلىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمەن.

## ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئۇل بېسىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى



ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ كاساپىتى بىلەن ئىزى ئۆچۈپ كەتكەن بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇ- رى، شائىر، پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلگىر- كى قەبرىگاھى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى چۈشتىن كېيىن قاينام - تاشقىنلىققا چۆمدى. ناغرا - سۇناي، پىئونېر- لارنىڭ باراۋان - كاناي سادالىرى ئىچىدە، ئالىمنىڭ

قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياساشقا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى.

مۇراسىمغا ئاپتونوم رايون، قەشقەر ۋىلايىتى، قەشقەر شەھىرىنىڭ پارتىيە - ھۆكۈمەت رەھبەرلىرىدىن تۆمۈر داۋامەت، پېڭدىجېن، ئىمىنوپ ھامىت، تۇرسۇن ئاتاۋۇللا، گوگاڭ، ئىمىن توختى، ئىبىسا شاكىر، جاڭ جىڭۋۇ، ئابلەت مۇھەممەتجان، خوتەن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ياڭجىيەنجاڭ قاتارلىق يولداشلار قاتناشتى.

مۇراسىمدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى يولداش تۆمۈر داۋامەت سۆز قىلىپ مۇنداق دېدى: بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزگەن ئىدۇق. ئەمدى، بۇ ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ ياساشقا ئىش باشلاش مۇراسىمى ئۆتكۈزمەكتىمىز.

يولداش تۆمۈر داۋامەت، ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە بىر نىيەت - بىر مەقسەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا تىرىشىپ كۈرەش قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قۇرۇلۇشىغا ئىش باشلانغانلىقى - پارتىيىمىزنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ قىممەتلىك

مەدەنىي مىراسلىرىنى ئىزچىل قەدىرلەيدىغانلىقى ۋە داڭلىق تارىخىي شەخسلەرنى ھۆرمەتلەيدىغانلىقىنىڭ نامايەندىسى ئىكەنلىكىنى شەرھلىگەندىن كېيىن مۇنداق دېدى: بىزدىن كېيىنكى ئەۋلادلار يېقىن كەلگۈسىدە پۈتىدىغان بۇ قەبرىگاھنى زىيارەت قىلىش ئارقىلىق، مۇتەپەككۇر، پەيلاسوپ، شائىر، سىياسىئون يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ تۆھپىسىنى مەڭگۈ ياد ئەتسۇن، ئۇنىڭ روھىنى ئۆگىنىپ ئالىملارنى ھۆرمەتلەش، ئىلىم-پەننى گۈللەندۈرۈش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتسۇن.

مۇراسىمغا يەنە مەملىكەتلىك ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ بىر قىسىم مەسئۇللىرى، مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەر، قەشقەر شەھىرىدىكى بىر قىسىم زىيالىيلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، ئوقۇغۇچىلار، دىنىي زاتلار، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى.

مۇراسىمغا ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىسىنىڭ ۋالىيسى ئابدۇغوپۇر سىدىق رىياسەتچىلىك قىلدى.

مۇراسىم ئاخىرىدا يولداش تۆمۈر داۋامەت نافراسۇناي سادالىرى ئىچىدە لىنتا كەستى ۋە كۆپچىلىك بىلەن بىللە قەبرىگاھقا ئۇل قويدى. ئاندىن ھەممەيلەن خۇشال-خۇرام ساماغا چۈشۈپ، قىزغىن تەنتەنە قىلدى.

دۆلەت بىر مىليون 500 مىڭ يۈەن ئاجراتقان،

ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېينىڭ قەدىمىي قۇرۇلۇشلارنى تەتقىق قىلىش ـ لايىھىلەش خادىمى ھەسەن ئابدۇرېھىم تەرىپىدىن 1961 ـ يىلىدىكى فوتو نۇسخىسى ئاساسىدا يېڭىباشتىن لايىھىلەنگەن بۇ قەبرىگاھنىڭ ئومۇمىي كۆلىمى بىر مىڭ 600 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا بولۇپ، مەقبەرە، تىلاۋەتخانا، ئىبتىكاپخانا، مەسچىتتىن تەركىب تاپىدۇ. مەقبەرە گۈمبىزىنىڭ ئېگىزلىكى 18 مېتىر بولىدۇ. قەبرىگاھ ئىچىگە گۈللۈك، فونتان ياسالغاندىن تاشقىرى، 300 كۋادرات مېتىر ئەتراپىدا خاتىرە سارايى ھەمدە 35 مېتىر ئېگىزلىكتە خاتىرە مۇنارىسى ياسىلىدۇ. ئەسلىدىكى شەكلى ئاساس قىلىنىپ ياسىلىدىغان بۇ قەبرىگاھ قۇرۇلۇشىغا پۈتۈنلەي زامانىۋى قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە تېخنىكا ئىشلىتىلىپ، تەخمىنەن 1988 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا تولۇق پۈتىدۇ.

«قەشقەر گېزىتى» مۇخبىرى ئابلا ئەخمىدى

(«قەشقەر گېزىتى» 1987 ـ يىل 29 ـ ئاۋغۇست سانىدىن)

## مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمىدا سۆزلەنگەن سۆز

**فېڭ داجېن**

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار، ۋەكىللەر، يولداشلار!

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن ئاياغلىشىدۇ. يىغىن جەريانىدا ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرى «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى ۋە تەسىراتلىرىنى دادىل ئىزلىنىش روھى بىلەن ئەستايىدىل، ساغلام، ئەركىن ئالماشتۇردى. كىتابنىڭ كەڭ مەزمۇنى ۋە چوڭقۇر ئىدىيىسى ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە، كۆپ قاتلاملىق مۇھاكىمە يۈرگۈزدى ۋە شەرھلىدى. يىغىن باشتىن ئاياغ ئىلمىي، دېموكراتىك كەيپىيات ئىچىدە ئۆتتى؛ سەمىمىيەتلىك، ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى بىلەن تولدى. پارتىيىنىڭ «بارچە گۈللەر تەكشى ئېچىلىش، ھەممە ئېقىملار بەس-بەستە سايراش» فاڭجېنى گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن تولۇق مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى. كۆزلىگەن

مەقسەتكە يەتتۇق دېيىشكە بولىدۇ.

بۇ يەردە شۇنى تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، پروفېسسور شىڭ بىنسى، مۇدىر ۋاڭ يىڭپەن، پروفېسسور لىيۇ كۇيلى باشلىق مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئارا ئىلىم ساھەسىدە يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بىر تۈركۈم مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار يولنى يىراق كۆرمەي، چېگرىدىكى شەھەر — قەشقەرگە كېلىپ، يىغىنىمىزغا قاتناشتى. يىغىنىنىڭ ئوبدان ئۆتۈشى ئۈچۈن نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. مەن بۇ يەردە يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلار نامىدىن ئۇلارغا سەمىمىي رەھمەت ئېيتىمەن.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ يىغىنىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت ئالاھىدە قەشقەرگە كېلىپ، يىغىنىمىزغا قاتناشتى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى ۋە ئىلمىي دوكلات، مۇزاكىرىلەرنى بىۋاسىتە ئاڭلىدى. دېمەك، بۇ قېتىمقى يىغىن ھەر قايسى تەرەپلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولدى ھەم كەڭ تەسىر قوزغىدى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئەھمىيىتى شۇ يەردىكى، بۇ يىغىن ھازىرقى باسقۇچتىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. يىغىندا ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملار 100

پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە تاپشۇردى. «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مول مەزمۇنى ۋە چوڭقۇر ئىدىيىسىنى كەڭ - كۇشادە بايان قىلدى. ئىلىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا قازانغان نەتىجىلەرنى نامايان قىلدى. بۇنىڭدىن باشقا، يىغىن يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەسىرىنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە تېخىمۇ كەڭ دىققەت - ئېتىبارغا ئېرىشكەنلىكىنى، قەدىرلەنگەنلىكىنى دۇنياغا ئۇقتۇردى. شۇنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەككى، بۇ يىغىن ئىلىمىزدە كەسپىي تەتقىقاتچىلار، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقات قوشۇنىنىڭ شەكىللەنگەنلىكىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئاز سانلىق مىللەت تەتقىقات قوشۇنىنىڭ شەكىللىنىۋاتقانلىقىنىمۇ كۆرسەتتى. يىغىن جەريانىدا، بۇ تەتقىقات قوشۇنىدىكى پېشقەدەم ئالىملار ئۆزلىرىنىڭ كەڭ بىلىمىنى، ئەتايىدىل ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلىدى؛ ئوتتۇرا ياشلىق ئالىملار كۈچلۈك ئىنتىلىش، دادىل ئىزدىنىش روھىنى ئىپادىلىدى؛ ياش يولداشلار ئۆزلىرىنىڭ جۇشقۇن ئىدىيىسى، ئىلىمگە بولغان قىزغىن ھەۋەس - ئىشتىياقىنى ئىپادىلىدى. بۇ پەللەمپەي شەكىللىك قوشۇننىڭ بارلىققا كېلىشى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىغا ئۈمىد ۋە كۈچ بېغىشلىدى. كىشىنى ئىلھاملاندۇرىدىغان كەلگۈسى مەنزىرىنى بارلىققا كەلتۈردى.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ يىغىن ئىلىمىزنىڭ «قۇتادغۇ بى-

لىك» تەتقىقاتىدا يېڭى باشلىنىش بولۇپ قالغۇسى. شۇ-
نىڭغا ئىشىنىمىزكى، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەشۋىقاتى ۋە
سەپەرۋەرلىكى ئارقىلىق، شۇنىڭدەك «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ
خەنزۇچىسىنىڭ نەشىردىن چىقىشى ۋە تارقىلىشى ئارقىسىدا،
«قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا تېخىمۇ كۆپ ئىستىداتلىق زات-
لار، تېخىمۇ زور نەتىجىلەر بارلىققا كېلىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» — ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدى-
كى غايەت مول مېۋە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق
مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان ئاجايىپ چوڭ تۆھپە. جۇڭخۇا مىللەت-
لىرى مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەر. 13
مىڭ مىسرالىق، گۈزەل، نەپىس، پەلسەپىۋى قائىدىلەر-
گە باي ۋە مىللىي ئەنئەنە بىلەن سىرتتىن كىرگەن مە-
دەنىيەتنى يۇغۇرۇپ بىر گەۋدە قىلغان بۇ داڭلىق ئە-
سەر كۆپ تەرەپلىمىلىك ئۆلمەس نەتىجىلىرىنى ناما-
يان قىلدى. بۇ ئەسەر ھەر تەرەپلىمە تەتقىقات قىم-
مىتىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زامان مەدەنىيەت
تارىخىدا ۋە ئوتتۇرا شەرق مەدەنىيەت تارىخىدا مۇھىم
ئورۇن تۇتىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۇسۇپ خاس ھا-
جىپ ئۇيغۇر تارىخىدىكى داڭلىق شائىر، پەيلاسوپ ۋە
مۇتەپەككۇر. ئۇ، قاراخانىلار سۇلالىسى گۈللىنىشتىن زى-
ئىپلىشىشكە قاراپ كېتىۋاتقان مەزگىلدە ياشىغان. يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپ كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتقان سىياسىي،
ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي زىددىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ،
قاراخانىلار سۇلالىسىنى زەئىپلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش مەقسى-

دە، غايىۋى تۈس ئالغان بىر پەلاننى تۈزۈپ چىققان.
بىلىم، ئەخلاق، قانۇن — مۇئەللىپنىڭ دۆلەتنى تۈزەش،
ئەلنى ئامان قىلىش جەھەتتىكى بۇ پىلانىنىڭ مۇھىم
مەزمۇنىدۇر. ئۇ، بىلىمنى كىشىلەرنىڭ ئەقىل- ئىدرىكى
ۋە ۋىجدانىنى ئاشۇرۇشنىڭ، ئەخلاقنى كىشىلەرنىڭ ھە-
رىكىتىنى قېلىپقا سېلىشنىڭ، قانۇننى دۆلەتنى ئىدارە
قىلىشنىڭ ۋاستىسى ھېسابلىغان. بۇ ئۈچ ئامىل ئاددىي
پۇقرانىڭ ھەرىكەتلىرىنى قېلىپقا سېلىشقا قارىتىلىپلا قال-
ماستىن، بەلكى يۇقىرى قاتلام ھۆكۈمرانلارنىڭ ھەرى-
كەتلىرىنى قېلىپقا سېلىشقىمۇ قارىتىلغان ئىدى. بۇ، ئاشۇ
زاماندىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئىجتىمائىي ئادالەت، ئىج-
تىمائىي باراۋەرلىك ۋە ئىجتىمائىي خاتىرجەملىككە ئېرى-
شىشتەك شېرىن ئارزۇسى ئىدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان ۋە خىزمەت قىلغان
قاراخانىلار سۇلالىسى — ئۇيغۇرلار IX ئەسىرنىڭ ئوت-
تۇرىلىرىدىن كېيىن قەشقەرنى مەركەز قىلىپ قۇرغان
مۇھىم ھاكىمىيەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، تارىم ئويمانلى-
قىنىڭ جەنۇبىي ۋە مەۋارەئۇننەھرنى ئۇزاق ۋاقىت ئى-
دارە قىلغان. ئۇ، ئۇيغۇر تارىخىدىلا مۇھىم ئورۇن تۇ-
تۇپ قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو تارىخىدىمۇ بەل-
گىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، ئۆز ۋاقتىدا سۇڭ سۇلالىسى
ۋە لياۋ سۇلالىسى بىلەن سىياسىي، ئىقتىساد ھەم مەدە-
نىيەت جەھەتلەردە قويۇق ئالاقە قىلغان. قاراخانىلار
سۇلالىسىنىڭ زېمىنى — شەرق بىلەن غەربنى قۇرۇقلۇق
يولى بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ تۈگۈنى

بولغانلىقتىن، ئۇ، شەرق مەدەنىيىتى بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئالمىشىدىغان مۇھىم جاي ئىدى. شۇڭلاشقا، «قۇتادغۇبىلىك» جۇڭگونىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى ئاساس، ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى مەنبە قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىجابىي ئامىللارنى مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، ئوچۇق خاراكتېرلىك ئاساسىي شەكىل ۋە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان. يىغىندا بەزى يولداشلار ئېيتىپ ئۆتكەندەك، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇنداق كۆپ خىل مەدەنىيەتنىڭ جەۋھىرى بولغان كىلاسسىك داڭدار ئەسەر — شىنجاڭدەك قەدىمكى زامان جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيەتلىرى ئۆز ئارا ئۇچراشقان ئالاھىدە مەدەنىيەت تۇپرىقىدىلا ۋۇجۇدقا چىقالايدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن، ئۇزاققىچە كۆمۈلۈپ ياتتى ۋە ئېتىبارسىز قالدى. ئۆتكەن ئەسىرگە كەلگەندە، بەزى ياخشى نىيەتلىك چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ تىرىشىشى ئارقىسىدىلا دۇنياغا تونۇلدى. ئېلىمىزدە بولسا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئورۇنسىز قارىلاندى. پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن، سىياسىي جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشالغاندىن كېيىنلا بۇ كەمگانت ئەسەر دۇنياغا كۆز ئېچىپ، پارلاق نۇرىنى چېچىشقا باشلىدى. 1983 - يىلى بۇ ئەسەر ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا نەشر قىلىندى. بۇ — ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سىياسىي ۋە مەدەنىي تۇرمۇشىدىكى زور ۋەقە، شۇنداقلا ئېلىمىزنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى چوڭ ۋەقە. بۇ

ھال ئېلىمىزدىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن ئا-
ساس سېلىپ بەردى ۋە شەرت ـ شارائىت ھازىرلىدى.
بۇ قېتىمقى يىغىندا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى
بويىچە ئىجابىي نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خۇشاللى-
نارلىق بىر قەدەم تاشلانغان بولسىمۇ، بۇ تېخى تار-
خىي باشلىنىشتىنلا ئىبارەت. خەلقئارا ئىلىم ئەھلىنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى
بىلەن سېلىشتۇرغاندا، پارتىيە ـ ھۆكۈمەتنىڭ بىزگە
قويغان تەلەپلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزنىڭ تەت-
قىقاتىمىز تېخى چوڭقۇر ئەمەس. بۇ ھال دۆلىتىمىزنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئانا ماكانى بولۇش سالاھىيىتىگە
تولىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا، ھەر ساھەدىكى مۇ-
تەخەسسىسلەرنى، ئالىملارنى داۋاملىق تەشكىللەپ، «قۇ-
تادغۇبىلىك» توغرىسىدا پىلانلىق، تەشكىللىك، سىستې-
مىلىق ھالدا مول مەزمۇنلۇق، كۆپ تەرەپلىمىلىك تەت-
قىقاتنى قانات يايدۇرۇشىمىز ھەمدە شۇ ئاساستا ئۇيغۇر
خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە ۋە ۋەتەن-
پەرۋەرلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى جارى
قىلدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇ-
شى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ، ئىلىم
ساھەسى ۋە نەزەرىيە ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئالدىغا قو-
يۇلغان مۇھىم ۋەزىپە، مەن ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى
يىغىندىن كېيىن، ھەر مىللەت تەتقىقاتچىلىرى چوقۇم
داۋاملىق تۈردە ئورتاق تىرىشىپ، ئۇزاتقا قالماي ئېلى-
مىزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقات خىزمىتىنى دۇنيا بويى-

چە ئالدىنقى قاتارغا ئۆتكۈزىدۇ.

شۇنى كۆرۈش كېرەككى، 1000 يىللاردىن بۇيان مەملىكىتىمىزدىكى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي مىراسلىرى كىشىلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۈزلۈكسىز تۈردە قوزغاپ، كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغۇتۇپ كەلدى. بۇ ھال جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە ئۆز ئارا چۈشىنىشنى ئالغا سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئويناپ كەلدى. بۈگۈن بىزنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى تېز قانات يايدۇرۇشىمىزدىكى مەقسەت — ئۇنىڭدىكى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا، جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈشكە، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداشقا پايدىلىق بولغان بارلىق ئىجابىي ئىدىيە ۋە روھلارغا؛ دۆلەتكە، مىللەتكە، جەمئىيەتكە پايدىلىق، خەلققە پايدىلىق ئىجابىي ئىدىيە ۋە روھلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئۇنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىشقا بولىدىغان بارلىق كۈچلەر بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تېخىمۇ ياخشى قاتنىشىپ، تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشنى ئىلگىرى سۈرۈشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ، ئىجتىمائىي پەن خىزمەتچىلىرىنىڭ ماركسىزم- لېنىنىزم ۋە ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنى، ئۇلارنىڭ مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇللىرىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۇ، ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنى، تارىخىي ۋەقەلەرنى، تارى-

مىي شەخسلەرنى تەھلىل قىلىش ۋە تونۇشىمىز ئۈچۈن
ئۆتكۈر ئىدىيىۋى قورال بولۇپ، تۈپ خاراكتېرلىك
يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. بىز دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم
ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپىغا داۋاملىق ئەمەل
قىلىپ، تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا تارىخنى
بۆلۈۋەتمەسلىكىمىز، تارىختىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز،
شۇنىڭدەك قەدىمكى شەخسلەرگە ھازىرقى نۇقتىئىنە-
زەرلەر بىلەن تەلەپ قويماسلىقىمىز، تارىخقا ھۆرمەت
قىلىشىمىز، پاكىتقا ھۆرمەت قىلىشىمىز، ئوبيېكتىپ ھالدا
ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ ئادىل باھا بېرىشىمىز،
زورلاپ تاڭماسلىقىمىز، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، جەۋھىرىنى
ئېلىۋېلىپ، تەتقىقات خىزمىتىمىزنى پۇختا ئاساستا ئې-
لىپ بېرىشىمىز لازىم. بىز داۋاملىق تۈردە ئىلمىي دې-
موكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، «پارتىيىنىڭ بارچە
گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە
سايرىسۇن» دېگەن فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم.
بۇ «قوتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي
پەن تەتقىقاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ سىياسىي
كاپالىتى. يولداش ۋەن لى يېقىندا ئېچىلغان مەملىكەت-
لىك يۇمشاق پەنلەر تەتقىقاتى خىزمىتى سۆھبەت يىغى-
نىدا: «يۈكسەك ئىلمىي ئەركىنلىك كەيپىياتى بولغاندا،
ئاندىن تەپەككۇر بۇلاقلىرىنى ئاچقىلى، مۇستەقىل پى-
كىر يۈرگۈزگىلى، ھەقىقىي بىلىم ۋە قاراشلارنى ئوت-
تۇرىغا قويغىلى بولىدۇ» دەپ كۆرسەتتى. دېمەك، ئى-
دىيە خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنى، ئىلىم مەسىلىسىنى مۇ-

زاكىرىلىنىش ئۇسۇلى، قائىدە سۆزلەش ئۇسۇلى. تەنـقىد ۋە تەنقىدكە قارشى تۇرۇش ئۇسۇلى بىلەنلا ھەل ئىلـغىلى بولىدۇكى. بىرىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بىز ئىلمىي تەتقىقاتنى ئاساس قىلغان دادىل ئىزدىنىشنى ۋە ئەركىن مۇنازىرىنى قوللايمىز ھەم رىغبەتـلەندۈرىمىز. ئىلمىي ئەركىنلىكنى، ئىجادىيەت ئەركىنلىكـنى، مۇزاكىرە ئەركىنلىكىنى، تەنقىد ۋە تەنقىدكە قارشى ئەركىنلىكىنى يولغا قويۇپ، نەزەرىيە تەتقىقات خىزمىتىـنى زور دەرىجىدە جانلاندۇرۇشىمىز كېرەك. مۇشۇنـداق قىلغاندىلا، پەن ـ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان تىنچ ـ ئىناق مۇھىت ۋە دېموكراـتىك كەيپىياتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ، نەزەرىيە تەتـقىقاـتىدا يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيمىز.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنى ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ دائىرىسىدىن كۆپ ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا چوڭ بېگىلىق يارىتىش ـ يارىتالمىساقمۇ ـ تىرىشىپ بەللەر بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان دۆلەت ئىچىدىكى ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىمـلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىغا باغلىق. بۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر تەرەپتىكى ئىختىساسلىق كىشىلەرنى جەم قىلىپ، بۇ ئىشنى پىلانلىق، تەشكىللىك ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. ئۇزاق مۇددەتلىك، قىسقا مۇددەتلىك تەتقىقات پىلانـلىرىنى تۈزۈپلا قالماستىن، تەتقىقاتنىڭ ئومۇمىي دائىـرىلىك پىلانى، كىچىك تارماقلىق پىلانلىرىنىمۇ تۈزۈپ، تەتقىقات خىزمىتىنىڭ نىشانلىق، قەدەم ـ باسقۇچلۇق ھالـ

دا ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا كاـ
پالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك.

يولداشلار، قەشقەر — تارىخى ئۇزاق، مەشھۇر
شەھەر. بۇ يەر پورتىدىن ①، سۇلتان سۇتۇق بۇغراـ
خان، يۇسۇپ خاس ھاجىپ، مەھمۇت قەشقەرى، مۇھەمـ
مەت سادىق، تۇردۇش ئاخۇن (غېرىبىي)، ئابدۇرېھىم نەـ
زارىغا ئوخشاش سىياسىئون، مۇتەپەككۇر ۋە كاتتا ئەـ
دىبلەرنى يېتىشتۇرگەن. شۇنىڭدەك، بەنچاۋ، فاشيەن،
شۈەن جۇاڭلارنىڭ نەتىجىلىرىمۇ بۇ يەردە مۇكەممەللەشـ
كەن. شەرق بىلەن غەربنىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشىغىـ
مۇ مۇھىم تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن، قەشقەر بىر مەزـ
گىل ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى مۇھىم مەدەنىيەت
مەركەزلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىدى. بۈگۈن، پۈتۈن
مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى بىر نىيەت، بىر مەقـ
سەتتە جۇڭخۇانى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈـ
رەش قىلىۋاتقان چاغدا، قەشقەر رايونىدىكى ھەر مىلـ
لەت خەلقىنىڭ تارىختىكى شەرەپلىك مەدەنىيەت ئەنئەـ
نىلىرىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئۇزاق تارىخنى، شانلىق مەـ
دەنىيىتىنى تىرىشىپ تەشۋىق قىلىش ئاساسىدا، ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكومنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىنى ئۈچ يىل ئىـ
چىدە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بويىچە نەمۇنىچى ۋىلايەت

---

① پورتىدىن — (232 — 348) كۇچارلىق، مىلادىيىنىڭ 310 -يىلى لوـ
ياڭغا بېرىپ، شۇچاغدىكى ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىشەنچىسىگە ئىگەبولۇپ، بۇددا
دىنىنى تەرغىپ قىلغان.

قىلىپ قۇرۇپ چىقىش توغرىسىدىكى چاقىرىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ھەم ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇش ئۈچۈن تىرىشىپ كۈرەش قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

ئەڭ ئاخىرىدا، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا تېخىمۇ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىلەكداشلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

## قەشقەر ۋىلايەتلىك پارتكومىنىڭ شۇجىسى گوگاڭنىڭ سۆزلىگەن سۆزى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىدىكى رەھبىري يولداشلار، مۇتەخەسسىس-لەر، ئالىملار ۋە مېھمانلار

مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بۈگۈن غەلىبىلىك يېپىلدى. بۇ كاتتا يىغىن ئاخىرلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئەڭ ئاخىرقى مىنۇتلاردا مەن ج. ك. پ. قەشقەر ۋىلايەتلىك كومىتېتى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋەكالىتەن، بۇ قېتىمقى مۇ-ھاكىمە يىغىنىغا بىۋاستە يېتەكچىلىك قىلغان ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبەرلىرى-دىن، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سان-لىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات شۆيۈەنى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، شىنجاڭ پەل-سەپە، ئىجتىمائىي پەنلەر ئىلمىي جەمئىيىتى بىرلەش-مىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەت-لەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىدىكى رەھبىري يولداش-لاردىن، پۈتۈن مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەر

قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار ۋە
مېھمانلاردىن سەممىي ھال سورايمەن! بۇ كاتتا يىغى-
نىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن مېۋىلىرىنى ۋە يىغىننىڭ ئاخىر-
لاشقانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن! ئالىملار، مۇتەخەس-
سىسلەرنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى جەريانىدا «قۇتاد-
غۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن قوشقان تۆھپىلىرىنى قۇت-
لۇقلايمەن!

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار

«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ ئالەمشۇمۇل ئە-
سەر XI ئەسىردە قەشقەردە ۋۇجۇدقا كەلگەن. بۇ ئەسەر
مەزمۇنى جەھەتتە مول پەلسەپىۋى قائىدىلەرنى ئۆز ئى-
چىگە ئېلىپلا قالماستىن، بەلكى قانۇن - تۈزۈم، ئەخلاق
قاتارلىق جەھەتلەردىكى نۇرغۇن مەزمۇنلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالغان بولۇپ، قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى قەشقەر
رايونى ۋە قەشقەر ئەتراپىدىكى جايلارنىڭ ئىجتىمائىي
ئەھۋالى بىلەن تونۇشۇپ چىقىشىمىزدىكى مۇھىم ھۆج-
جەت. ھەربىرلىرى ئېلىپ بارغان بۇ قېتىمقى ئىلمىي
مۇھاكىمە دۆلىتىمىز ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايو-
نىمىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىگە قارىتا ئىلگىرى
سۈرۈش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى قەشقەرگە بى-
ۋاسىتە ياردەم بەرگەنلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قەشقەر
ۋىلايىتىدىكى ئالاقىدار ئورۇنلار، ئالاقىدار تارماقلاردىكى
رەھبىرىي كادىرلار ھەربىرلىرىنىڭ تەتقىقات نەتىجىسى-
دىن ئەمەلىي خىزمەتكە پايدىلىق بولغان نۇرغۇن ئوب-
دان نەرسىلەرنى ئۆگىنىۋالدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە،

بىزنى مۇشۇ كاتتا ئەسەر ۋە ئۇنىڭ ئاپتورىنى ئىپتىدا-
ئىي قەدەمدە چۈشىنىش ۋە تونۇش ئىمكانىيىتىگە مۇشەر-
رەپ قىلدى. ئەڭ مۇھىمى، مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى
قېزىش جەھەتتە يېڭى باشلىنىش بولدى. ئىشىنىمەنكى،
مۇتەخەسسىسلەر ۋە ئالىملارنىڭ تەتقىقات ئەمگەكلىرىدىن
تېخىمۇ نۇرغۇن پايدىلىق نەرسىلەرنى ئۆگىنىش ئارقىلىق،
ۋىلايىتىمىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيىتىنىڭ كۈللىنىشى
ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. قەشقەر ۋىلايىتىدىكى ئىجتىمائىي پەن
خىزمەتچىلىرى، مىللىي ئەدەبىيات خىزمەتچىلىرىنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ كاتتا ئەسەرگە بول-
غان تەتقىقاتى ۋە مىللىي مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش
خىزمىتى تېخىمۇ ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ. شۇڭا، بىز مۇتە-
خەسسىسلەر، ئالىملارنىڭ بۇ قېتىمقى قەشقەر سەپىرى —
ۋىلايىتىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ناھايىتى ئۇتۇقلۇق
بولدى، دەپ قارايمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن قەشقەر
ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمىگە ۋە-
كالىتەن ھەربىرلىرىگە چىن قەلبىمدىن تەشەككۈر ئېي-
تىمەن!

مۇتەخەسسىسلەر، ئالىملار! يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
«قۇتادغۇبىلىك» دېگەن ئەسىرى — جۇڭخۇا مىللەتلى-
رىنىڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىر گۆھەر بو-
لۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى — قەدىمكى زا-
ماندىكى شىنجاڭ ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جۇڭخۇا مىللەت-
لىرىنىڭ مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىسى. بۇ ئەسەر —
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن بىر دەۋردە ياشىغان مەھ-

-مۇت قەشقەرى يازغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» غا ئوخ-
شاش، بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىز، قەدىرلىشىمىز، قوغ-
دىشىمىزغا ئەرزىيدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز چوقۇم بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، قەشقەر ۋىلايىتىدىكى پەلسەپە خادىملىرى، ئىجتىمائىي پەن خادىملىرى، مىللىي ئەدەبىيات خادىملىرى، تارىخ، مىللەتلەر تارىخى ۋە مىللىي خىزمەت خادىملىرىنىڭ تەتقىقات خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشىغا مەددەت بېرىمىز. ئۇلارنىڭ ھەر بىرلىرىدىن ئۆگىنىپ، تەتقىقات ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە، شىنجاڭ بىلەن، بولۇپمۇ قەشقەر بىلەن باغلىنىشلىق بولغان بۇ ئىككى ئەسەرنى تەتقىق قىلىش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشىغا ياردەم بېرىمىز. شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىمەنكى، بۇ قېتىمقى كاتتا يىغىن ئارقىلىق، جۇڭگونىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا چوقۇم يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى سەۋىيە مەيدانغا كېلىدۇ. بىز ھەر بىرلىرىنىڭ يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى داۋاملىق ئېلان قىلىشلىرىنى كۈتىمىز.

(قىسقارتىلمىسى)

## ئالتۇن دەۋردىكى كاتتا ئۇچرىشىش، پەن تەتقىقات سېپىدىكى ياخشى باشلىنىش

### — مەملىكەتلىك تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇ بىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاياغلاشتى

ئالتۇن دەۋرىمىزنىڭ ئالتۇن كۈزىدە،
يۈسۈپ ۋە مەھمۇتنىڭ يۇرتى قۇۋاندى.
ئالىملار ئۇچراشتى بۇ يەردە شادمان،
خۇش خەۋەر نۇر بولۇپ ئەلگە تارالدى.

جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات شۆبىسى، جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى ئىلمىي جەمئىيىتى، شىنجاڭ پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن ئىلمىي جەمئىيەتلەر بىرلەشمىسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە قەشقەردە چاقىرغان مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق «قۇتادغۇبىلىك» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى يەتتە كۈن داۋام قىلىپ 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى چۈشتىن كېيىن غە-

لىبىلىك ئاياغلاشتى. يېپىلىش مۇراسىمىغا رەسمىي ۋە-
كىللەر ۋە ئىختىيارىي يوسۇندا قاتناشقان تەشقەر زىيا-
لىيلىرى بولۇپ 300 گە يېقىن كىشى بىلەن بىللە ئاپ-
تونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتو-
نوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋا-
مەت، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ دائىمىي ھەيئەت
ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈم
باشلىقى فېڭ داجېن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈ-
مىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، «قۇتادغۇبىلىك» تەھرىر- تەر-
جىمە ھەيئىتىنىڭ مۇدىرى، يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپى-
سىنىڭ باشلىقى ئىمىنوپ ھامىت، قەشقەر ۋىلايەتلىك
پارتكومىنىڭ شۇجىسى گوكاڭ، قەشقەر مەمۇرىي مەھكى-
مىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى ئېيسا شاكىر قاتارلىق رەھبە-
رىي يولداشلار قاتناشتى. شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر
ئاكادېمىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، يىغىن رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى مەمتىمىن يۇ-
سۇپ يېپىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى. تۆمۈر
داۋامەت مۇھىم سۆز قىلدى، فېڭ داجېن خۇلاسە سۆ-
زى سۆزلىدى. گوكاڭ ۋىلايەتلىك پارتكوم ۋە مەمۇرىي
مەھكىمىگە ۋەكالىتەن سۆز قىلىپ، يىغىننىڭ مۇۋەپپەقى-
يەتلىك ئاياغلاشقانلىقىنى تەبرىكلىدى، جۇڭگو ئىجتىما-
ئىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدە-
بىياتى تەتقىقات شۆبىسىنىڭ باشلىقى، پروفېسسور لىيۇ
كۈيلى ھاياجان ئىچىدە ئۆزىنىڭ يىغىن جەريانىدا يۇ-
سۇپ خاس ھاجىپ بىلەن مەھمۇت قەشقەرىگە بېغىشلاپ ياز-

غان شېئىرلىرىنى ئوقۇدى ۋە سۆز قىلدى. جۇڭگو ئىجـ
تىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى پەلسەپە تەتقىقات شۆ-
بىسىنىڭ باشلىقى پروفېسسور شىڭ بىنسى يىغىندىن ئال-
غان تەسىراتلىرىنى بايان قىلدى.

يىغىن جەريانىدا، ئۇيغۇرلارنى ئاساسىي گەۋدە قىل-
غان ھەر مىللەت مۇتەخەسسىسلىرى ۋە ئالىملار ئۇيغۇر
تارىخىدىكى مەشھۇر شائىر، پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھاياتى ۋە ئۇنىڭ جۇڭگو يازما
ئەدەبىيات تارىخىدىكى شېئىر شەكلى بىلەن يېزىلغان
ئەسەرلەر ئىچىدە ھەجمى ئەڭ چوڭ، مەزمۇنى ئەڭ مول
بولغان قامۇس خاراكتېرلىك ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك»
داستانى ئۈستىدە ھەر تەرەپلىمە ۋە كۆپ قاتلاملىق مۇ-
ھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، مۇئەللىپ ۋە بۇ ئەسەرنىڭ جۇڭ-
گو مەدەنىيەت تارىخىدىكى يۈكسەك ئورنىنى مۇئەييەنلەش-
تۈردى، ئەسەرنىڭ تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيىتىگە بول-
غان تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇندىن كېيىنكى تەت-
قىقاتنى تېخىمۇ كەڭ، تېخىمۇ چوڭقۇر، تەشكىللىك، پىلان-
لىق ئېلىپ بېرىشقا ئىدىيىۋى ئاساس ياراتتى.

جۇڭگو ۋە خەلقئارادا يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بول-
غان خەنزۇ ئالىملىرىدىن ليۇ كۈيلى، شىڭ بىنسى قاتار-
لىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر مىللەت ئالىملىرى ۋە
مۇتەخەسسىسلەر مۇنداق قارىدى: «قۇتادغۇبىلىك» —
ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى غايەت زور نامايەندە،
جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىگە قوشۇلغان
ئاجايىپ زور تۆھپە. جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيەت خە-

زېمىندىكى قىممەتلىك گۆھەر. ئۇ، ھەر تەرەپلىمە تەت-
قىقات قىممىتىگە ئىگە بولۇپ، جۇڭگونىڭ قەدىمكى زا-
مان مەدەنىيەت تارىخى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت
تارىخىدا مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. گەرچە بۇ قېتىمقى يى-
غىندا «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بويىچە ئىجابىي نە-
تىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلۈپ، خۇشاللىنارلىق بىر قەدەم
تاشلانغان بولسىمۇ، بۇ تېخى بىر تارىخىي باشلىنىشتىنلا ئى-
بارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىزنىڭ، «قۇتادغۇبىلىك»
بىزنىڭ، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىنىڭ يۇقىرى پەللى-
سىمۇ بىزنىڭ بولۇشى كېرەك. شۇڭا، بىز ئېلىمىزنىڭ مە-
دەنىيەت خەزىنىسىگە ئىنتايىن زور تۆھپە قوشقان بۈك-
گانت ئالىمنىڭ يۈكسەك ئىلمىي پوزىتسىيىسى ۋە قەي-
سەرلىك روھىنى ئۈلگە قىلىپ، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقى-
قاتىنى قەدەممۇ قەدەم چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، تەتقىقات
نەتىجىلىرىنى سوتسىيالىستىك ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇ-
لۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

رەئىس تۆمۈر داۋامەت مۇنداق دېدى: بىز بۇ يى-
غىن جەريانىدا ئىككى چوڭ ئىش قىلدۇق. بىرى، يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش
قۇرۇلۇشىغا ئۇل قويدۇق؛ يەنە بىرى، «قۇتادغۇبىلىك»
نى تەتقىق قىلدۇق. بۇ يالغۇز شىنجاڭ تارىخىدىلا ئە-
مەس، بەلكى مەملىكىتىمىز تارىخىدىمۇ زور ئىش. مەن
بۇ ئىشتىن ناھايىتى خۇشالمەن. مەن «قۇتادغۇبىلىك»
نىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنى چىقىرىشتا زور كۈچ چىقار-
غان ئەھمەت زىيائى، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر قاتارلىق ئالىم-

لارغا، بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ئىمىنوپ ھامىت قا-
تارلىق مەسئۇل يولداشلارغا رەھمەت ئېيتىمەن. بۇ قې-
تىمقى يىغىنىنىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھازىر پەن تەت-
قىقاتى سېپىگە بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياشلىق يولداشلار،
ياش يولداشلار قوشۇلۇپتۇ. بىز ھازىرقى ئالتۇن دەۋر-
نىڭ قەدرىگە يېتىپ، خۇددى بىر ئادەمدەكلا ئىتتىپاق-
لىشىپ كۈچ چىقىرىشىمىز، بولۇپمۇ بىلىم ئارقىلىق دۇن-
يانى يورۇتىدىغان زىيالىيلار، ئالىملار باشلامچىلىق بىلەن
ئىتتىپاقلىشىپ، «قۇتادغۇبىلىك» تىن ئىبارەت بۇ دېڭىز-
دىن تېخىمۇ كۆپ ئۈنچە - مارجان سۈزۈپ، دەۋرىمىز
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشى كېرەك. يولداش تۆمۈر دا-
ۋامەت سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، مۇناسىۋەتلىك تارماقلاردىن
يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەبرىگاھىنى ئىككى يىل ئىچى-
دە تولۇق پۈتتۈرۈشنى، «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتىدا تې-
خىمۇ يېڭى، تېخىمۇ زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ،
قەبرىگاھ يېنىدا تېخىمۇ چوڭراق بىر يىغىن ئېچىشقا
تەييارلىق قىلىشنى تەلەپ قىلدى.

يولداش فېڭ داجېن خۇلاسە سۆزىدە ماۋۇلارنى
ئالاھىدە تەكىتلىدى: بىز دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم ۋە تا-
رىخىي ماتېرىيالىزم پرىنسىپىغا داۋاملىق ئەمەل قىلىپ،
تارىخىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشتا، تارىخنى بۆلۈ-
ۋەتمەسلىكىمىز، تارىختىن چەتنەپ كەتمەسلىكىمىز، شۇ-
نىڭدەك، قەدىمكى شەخسلەرگە ھازىرقى نۇقتىئىنەزەر
بىلەن تەلەپ قويماسلىقىمىز، تارىخقا ھۆرمەت قىلىشى-
مىز، ئوبيېكتىپ ھالدا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ،

ئادىل باھا بېرىشىمىز، زورلاپ تاڭماسلىقىمىز، جەۋھىرىنى ئىلغىۋېلىپ، شاكىلىنى تاشلىۋېتىپ، تەتقىقات خىزمىتىمىزنى پۇختا، ئىلمىي ئاساستا ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. بىز داۋاملىق تۈردە ئىلمىي دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، پارتىيىنىڭ «بارچە گۈللەر تەڭ ئېچىلسۇن، ھەممە ئېقىملار بەس - بەستە سايرىسۇن» دېگەن فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشىمىز لازىم. بۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنى ۋە بارلىق ئىجتىمائىي پەن تەتقىقاتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىشنىڭ سىياسىي كاپالىتى.

ئالىمنىڭ يۇرتىدىكى بۇ ئالىملارنىڭ ئۇچرىشىش يىغىنى جۇشقۇن، سەمىمىي ئىتتىپاقلىق كەيپىياتى ئىچىدە ئۆتتى.

ھەر مىللەت، ھەر ساھەدىن بولغان، ھەر قايسى جايلاردىن كەلگەن 143 رەسمىي ۋەكىل ئىچىدە ئاز سانلىق مىللەت ۋەكىلى 113 نەپەر، ئاياللار 13 نەپەر بولۇپ، 27 نەپەر يۇقىرى دەرىجىلىك، 50 نەپەر ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانى بار تەتقىقات خادىمىدىن تاشقىرى، يەنە بىر تۈركۈم ياش كۈچلەر، ئىشتىن سىرتقى ھەۋەسكارلارمۇ مۇھاكىمىگە قاتناشتى. يىغىنغا تاپشۇرۇلغان 100 پارچىگە يېقىن ئىلمىي ماقالە (بۇنىڭدىن 40 پارچىسى چوڭ يىغىندا ئوقۇلدى) نىڭ ئەھۋالىدىن قارىغاندا، تەتقىقات سەۋىيىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ. سابىق ئۇرۇمچى قىسىملىرىنىڭ مۇئاۋىن سىلىڭيۈەنى ئەزىزۇپ قاسىم، ئاپتونوم رايونلۇق ئاشلىق نازارىتىنىڭ نازىرى مەھمۇت يۈسۈپ قاتارلىق رەھ

بىرى يولداشلارنىڭ بۇ قېتىمقى مۇھاكىمىگە قاتناشقانلىقى يىغىن ئەھلىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى؛ جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىدىكى تۆت چوڭ تەتقىقات ئورنىدىن، 16 ئالىي مەكتەپتىن كەلگەن كەسپىي خادىملار مۇھاكىمىدە تايانچلىق رول ئوينىدى. ئاخبارات - تەشۋىقات، نەشرىيات ئورۇنلىرى يىغىنغا زىچ ماسلاشتى، شۇڭا، يىغىن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى يىغىن ئارىلىقىدا بۇ ئورۇنلاردىن كەلگەن كەسپىي خادىملار بىلەن مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، تەشەككۈر ئېيتتى.

يېپىلىش مۇراسىمىدىن كېيىن، ۋەكىللەر بىرلىكتە خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى، كەچتە بىرلەشمە كۆڭۈل ئېچىش يىغىنى ئۆتكۈزدى. كۆڭۈل ئېچىش يىغىنىغا ۋىلايىتىمىزدە بولۇۋاتقان دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى گۇمىڭ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى خۇاڭ باۋجاڭ قاتارلىق يولداشلىرىمىز قاتناشتى.

«قەشقەر گېزىتى» 1986 -يىل 2 - سېنتەبىر سانىدىن

[illegible]

[illegible]

خان ٥٠٠ پارچىغا يېقىن ئىلمىي ماقالە [illegible]

[illegible]

# 2 — قىسىم

# «قۇتادغۇ بىلىك» كىمنىڭ، ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل

## ئەھمەت زىيائى

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا ھەر بىر مىللەتنىڭ شۇ مىللەتنى تارىخ بېتىدە ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ئەسلەتمە خاتىرە بەلگىلىرى بولغان. ئۇلار ئەنە شۇ خاتىرە بەلگىلىرى بىلەن زامان ئۆزگىرىشىنىڭ نەمەھۇ - ئىنتىزارلىق تۇمانلىرى ئاستىدا يوقىلىپ كەتمەي، ئۆتمۈش ھاياتىنىڭ بارلىق بەلگىلىرىنى تارىختا نامايان قىلىپ، پەخىرلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن، جۇڭگو كۆڭزى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى، ساۋشۆچىن ۋە ئۇنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى بىلەن؛ يۇنانلىقلار ئۆز پەيلاسوپلىرى پلاتون، ئارىستوتېل، بۇقرات، سوكرات، فىساغورس ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن؛ ھىندىلار بىدپاي ھېكىم ۋە ئۇنىڭ «كەلىلە ۋە دەمنە»سى بىلەن؛ ئىرانلىقلار ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە»سى بىلەن؛ ئىنگلىزلار فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە»سى بىلەن؛ ئىنگلىزلار بايرون، شېكىسپىر بىلەن؛ رۇسلار تولستوي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن... ۋەھاكازالار. بىزمۇ ئەمدىلىكتە ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى شانلىق كۈنلىرىمىزنىڭ مەرىپەت

نەشانلىرىنى خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مىللەتلەرگە ئوخشاشلا بۈيۈك تەنتەنە ساداسى ئىچىدە كۆتۈرۈپ چىقىشقا ئىمكانىيەت تاپتۇق. ئۇ بولسىمۇ بىز ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 1000 يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان يىگانە ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» تۇر. هازىر بۇ ئەسەر خەلقىمىز قولىغا ئۆتتى. نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىنىپ تارالدى. بۇ ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن ئۇنى هەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش ئىلمىي پائالىيىتى باشلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىشنى قولغا ئېلىشتا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا تېگىشلىك مۇهىم بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەنسۇبىيەت مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ تىلىنىڭ قايسى مىللەت تىللىقى مەسىلىسىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ يېزىلغانلىقىغا 1000 يىل بولغان بولسىمۇ، شۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئۇ، بەزىدە كۆرۈنۈش، بەزىدە كۆمۈلۈش هاللىرىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ناهايەت 1925 - يىلى پروفېسسور فىترەتنىڭ تاشكەنتتە چىقىدىغان «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ناملىق مەجمۇئەدە بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات بېرىشتە ئۆزى ئۇچراتقان نەمەنگان نۇسخىسىدىن 154 - بەتنىڭ فاكسىمىلىنى بېرىشى بىلەن بۇ ئەسەر دۇنياغا تونۇلدى. شۇندىن بېرى، «قۇتادغۇ بىلىك» قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئالەمشۇمۇل شۆهرەتكە

ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نۇرغۇن دۆلەتلەر، جۈملىدىن ۋېنگرىيە، دانىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىتالىيە، چار روسىيە، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقىغا ئوخشىغان دۆلەتلەردە بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. تەتقىقاتچى ئالىملاردىن ئوتتۇ ئوابرىت (گېرمانىيە)، ۋامبېرى (ۋېنگرىيە)، نەجىپ ئاسىم، رەشىت رەھمەتى ئارات، سەدرى مەقسۇدى، ئا. دىل ئاچار، كوپرولۇ فۇئادزادە (تۈركىيە)، بومباچى(ئىتالىيە)، مالوۋ، رادلوۋ، بارتولد، سامايلوۋىچ (چار روسىيە)، فىترەت، ئەخمەت زەكى ۋەلىدى، ئېمىر نەجىپ، قەييۇم كەرىموۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى) ، تومسېن (دانىيە)، بروككېلمان، ھارتمان (گېرمانىيە) لەر «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئالقىشقا سازاۋەر زور خىزمەتلەر تەقدىم قىلىشتى.

بىز ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، بەزى ئىختىلاپلارنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپلۇقى، ئۇنىڭ تىلى قايسى مىللەتنىڭ تىللىقىدىكى بىر خىل بولمىغان مۇجمەل كۆزقاراشلاردىن ئىبارەت. دېمەك، تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدىكى كۆزقاراشلىرى، پىكىرلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇ توغرىدا ئەھۋال شۇ دەرىجىدىكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دەپ قويۇش

بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدىغانلىقىدا. چۈنكى، ھەر تەتقىقاتچىنىڭ بۇ توغرىلىق قىلغان تۈرلۈك سۆزلىرى، كەتمۈزگەن دەلىل - ئىسپاتلىرى، تۈپنۇ - ھېسسىياتلىرى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز كىمۇ پىكىر ۋە مۇھاكىمىمىزنى، دەلىل - ھۆججەتلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ چوقۇم ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپلۇقى، ئۇنىڭ تىلىنىڭ «مۇقەررەر ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت»لىكىنى ئىلمىي دەلىللەر بىلەن ئىسپاتلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى. شۇ مەقسەتتە مەن پىكىرىمنى تۆۋەندىكى ماۋزۇلاردا ئوتتۇرىغا قويىمەن:

1) «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپلۇقى، ئۇنىڭ تىلىنىڭ قايسى تىللىقى توغرىسىدا ھەر قايسى تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى.

2) بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىم ۋە دەلىل - ئىسپاتلار.

3) بۇ خۇسۇستا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شاھادىتى.

«بارلىق ھەقىقەت تەسادىپى ئەفكاردىن چىقار، يەنى ھەقىقەت چاقماقلىرى پىكىرلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرىدىن چاقنايدۇ» دېيىلىدۇ. شۇبھىسىزكى، ئەسەرنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى بۇ تۇمانلىق ھاۋا، بۇ پىكىرلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان نۇر ئۇچقۇنلىرى بىلەن سۈزۈلەر ۋە ئايدىڭلىشار...

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك» قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىللىقى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئەسەر ئىلىم

دۇنياسىغا تونۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن تەتقىق ۋە تەھلىللەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، چىقىرىلغان تەتقىقات خۇلاسىلىرى ئوخشاش بولمىدى. بەزى مەسىلىلەردە جىددىي ئىختىلاپلار كۆرۈلدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەنسۇبىيىتى ۋە ئۇنىڭ تىلى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار ھەر خىل بولدى.

تەتقىقاتچىلاردىن رادلوۋ: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى توغرىسىدا سۆزلىگەندە بەزى ئۇنداق، بەزى مۇنداق دەپ يۈرۈپ ئاخىرى ئۆزى «قۇتادغۇ بىلىك» تىلى دېگەن يېڭى بىر «ئىستىلاھ» ئويلاپ چىقىپ، ئەسەرنى «ئالتاي تىلى سىستېمىسىدا» ھېسابلاپ، ترانسكرىپسىيىلەشتۈرگەن بولسىمۇ، تومسۇن بۇ ترانسكرىپسىينى ناتوغرا تاپتى①. رادلوۋ ئون يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى سېزىپ، تومسۇننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى②. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك»— «ئالتاي تىلىغا مەنسۇپ» دېگەن پىكىر يوققا چىقتى.

مالوۋ بۇ ئەسەر تىلىنى تەتقىق قىلىپ، دەسلەپتە «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى چاغاتاي تىلى دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، نۇرغۇن تەتقىق قىلغاندىن كېيىن چۈشەنچىسىدىن يېنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى دەپ تونۇدى. بۇ ئىختىلاپلار

① مالوۋ: «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى» 1951 - يىل نەشرى.
② رادلوۋ: «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەشرىگە يېزىلغان ئاخىرقى سۆز».

هازىرقى كۈنىمىزدىن خېلى بالدۇر كۆرۈلگەن ئىنتىلاپ-
لار ئىدى. ئەمدى يېقىن كۈنلەردە، يەنى ئۇيغۇر مىللىتى
جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە
قەد كۆتۈرۈپ ئۆز ھوقۇقى توغرىسىدا سۆزلەشكە باش-
لىغان، ئۆز مىراسلىرىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىشنى،
ئۆز ھوقۇقىنى ئۆزى مۇداپىئە قىلىشقا باشلىغان بىر
چاغدا، بەزى مۇجمەل كۆزقاراشلار مەيدانغا قويۇلدى.
شۇ جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «قۇتادغۇ
بىلىك» نىڭ ئۆزبېكچە تەۋسىي نۇسخىسىنىڭ كىرىش
سۆزىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەسرىي مۇقەددىمىسىدە
يېزىلغان: «چىن - ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى قامۇغ
(پۈتۈن) ئىتتىپاق بولدىلەركىم، مەشرىق ۋىلايىتىدە،
قامۇغ تۈركىستان ئەللىرىدە، بۇغراخان تىلىنچە، تۈرك
لۇغەتىنچە بۇ كىتابتىن ياقشىراق ھەرگىزكىم ئەرسە تەسنىف
قىلمادى. بۇ كىتاب قايۇ پادىشاھقا يا قايۇ ئىقلىمغا
تەگدى ئەرسە غايەت ئۇزلۇقىندىن، نىھايەتتىن كەچە كۆركلۈ-
كىندىن ئول ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى قەبۇل قىلىپ
تەگمە. (ھەر) بىرى بىر تۇرلۇك ئات - لەقەب ئۇردى-
لەر» دېگەن جۈملىلەرنى سىتاتا كەلتۈرۈپ مۇنداق بىر
پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان؛

«... بۇغراخان تىلىنچە دېيىلگەن تىل، بۇغراخان
قول ئاستىدا بىرلەشكەن ھەممە قەبىلىلەرگە چۈشىنىش-
لىك بولغان. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر قايۇ ئىقلىم
ۋە قايۇ پادىشاھقا يەتسە قەدىرلىنىپ ئوقۇلغان، دېمەك،
ئەسەر تىلى شۇ دەۋر تۈرك قەبىلىلىرى تىللىرى

ئاساسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك» نى XI ئەسىرلەردە ياشىغان بىر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش خاتا بولىدۇ...» دېيىلگەن. دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇ خۇسۇستىكى كۆزقاراشلىرى، پىكىرلىرى، چىقارغان نەتىجىلىرىدە تېخى مانا شۇنداق مۇجمەللىكلەر بار.

## 2. بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىم ۋە دەلىل - ئىسپاتلار

1) رادلوۋنىڭ پىكرى تومسوننىڭ سۆزى بىلەن رەت قىلىندى. ئۇ، ئۆز پىكرىنى مۇقىملاشتۇرالمىغان.

2) مالوۋ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى» دەپ جاھانغا ئېلان قىلدى. بۇ بىر دەلىل - ھۆججەت.

3) ئەمدى «‹قۇتادغۇ بىلىك› كە ئۆزبېكچە تەۋسىف»نىڭ كىرىش سۆزىدىكى كۆزقاراشلار ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىش زۆرۈر.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئاپتورى: «قۇتادغۇ بىلىك» نى XI ئەسىردە ياشىغان بىر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش خاتا بولىدۇ، دەيدۇ ۋە ئۆز پىكرىگە مۇنۇ مىساللارنى كەلتۈرىدۇ:

(1) بۇغراخان تىلى ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولغان؛

(2) شۇڭا ھەممىسى قەدىرلەپ ئوقۇغان؛

(3) ئۇ، شۇ دەۋردىكى ھەممە قەبىلىلەر تىللىرى ئاساسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ قاراشلارغا مېنىڭ پىكرىم مۇنداق:

(1) ئەگەر بۇغراخان تىلى ھەممىگە چۈشىنىشلىك ئىكەن، ماقۇل، ئەمما بىر مىللەت ئالىمى يازغان بىر ئەسەرنى باشقا مىللەتلەر چۈشەنسە، ئۇ ئەسەر شۇ ئەسەرنى يازغۇچىنىڭ مىللەت مەنسۇپلۇقىدىن چىقىپ كېتەلەمدۇ؟

ياق، ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

(2) مۇقەددىمىدە: «ئۇل ئەلنىڭ ئالىملىرى، ھېكىملىرى تەرەپتىن چۈشىنىلىپ، تۈرلۈك ئات - لەقەبلەر ئورۇلغان» دېگەن. بۇنىڭدىن «قۇتادغۇ بىلىك» نى باشقا ئەللەر تامامەن چۈشەندى دېگەن مەنە كېلىپ چىقامدۇ؟

ياق. چۈنكى، تەبىئىيكى بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، ھېكىملىرى چۈشەنگەن نەرسىنى ھەر قاچان پۈتۈن خەلقنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن.

(3) «باشقا ئەللەرنىڭ ئالىملىرى، ھېكىملىرى چۈشىنىپ شۇنداق ئات - لەقەب ئورۇشقان» دېگەن ئۇقۇم ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تىلىنى تەشكىل قىلىدۇ، دەپ قارالغان تۈركەش، ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نى ھازىرقى ئۇيغۇرلار

چۈشەنگەندەك چۈشىنەلەمتى؟

ياق!

(4) بىر مىللەت ئىجاد قىلغان بىر ئەسەرنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى چۈشەنگەن تەقدىردە، بۇ ئەسەرنى چۈشەنگەن ئالىمنىڭ مىللىتىگە مەنسۇپ دېگىلى ۋە بۇ ئەسەرنى ئۇنىڭ ئىجادچىسى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مەنسۇبىيىتىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلىغىلى بولامدۇ؟

ياق.

(5) «بۇغراخان تىلىنچە» دېگەن جۈملىدىكى «بۇغرا» دېگەن سۆز خاقان بىلەن ئوخشاش خانلىق ئۇنۋانى. بۇغراخان — خاقان، خاقان — بۇغراخان، بىزدە تەرجىمە قىلىنىپ، نەشىر قىلىنغان «تۈركىي تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە مەھمۇت قەشقەرى نەزىرىدە «خاقانىيە تۈركىي تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى — بىر تىل. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق» دەپ كۆرسەتكەن. ئەمدى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى بىر تىل بولىدىغان بولسا. بۇغراخان تىلى بىر ئۇنۋان ئاساسىدىكى بىر تىلنى ئوقتۇرىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن مۇقەددىمىدىكى «بۇغراخان تىلىنچە» دېگەن جۈملە ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتەلمەيدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر تىل ھېسابلىنىدىغان بۇغراخان تىلىنچە — «خاقانىيە تىلىنچە» يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ بولالمايدۇ؟

دېمەك، پاكىتلار «قۇتادغۇ بىلىك» XI ئەسىر-

لەردە ياشىغان بىرەر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى» دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش خاتا بولىدۇ، دېگەن پىكىرنى قەتئىي رەت قىلىدۇ، يوققا چىقىرىدۇ.

مۇشۇنداق پاكىتلار ئاساسىدا بىز «قۇتادغۇ بىلىك، ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ تىلى — ئۇيغۇر تىلى» دېگەن بىر ھەقىقەتنى سۆزلەشتە ئۆزىمىزنى پۈتۈنلەي ھەقلىق تاپىمىز. چۈنكى، دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە كۆزقاراش ھەر قاچان ئۈستۈنلۈككە ئىگە.

3. بۇ خۇسۇستا «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ شاھادىتى

بۇ ماۋزۇ تۆۋەندىكى ئۈچ كىچىك ماۋزۇچاق ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن:

1) ئەسەردە قوللىنىلغان، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەردىن نەمۇنە.

2) ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» مىسرالىرىدىكى مىقدار نىسبىتىدىن نەمۇنە.

3) ھېچقانداق يەشمىسىزمۇ ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىۋاستە چۈشىنەلەيدىغان مىسرالاردىن نەمۇنە.

1) ئەسەردە قوللىنىلغان، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىۋاتقان سۆزلەردىن نەمۇنە

ئاچ بەزەك چىرىك

ئىفتىماق
ئاقساق
ئالقىش
ئارىخ
ئازغاش
باي
بەلگىلىك
ئىرىك (ژىرىك)
ئىششىخ
قاچان
قارا قۇش
قاراقچى
قارماق
كىرىك
قىلىق
كىزىن (كېيىن)
كېكەش
كەك
قىمغۇز
كۆك (كۆكلىدى)
كۆپ
كۆزك

بىتىك
بۆرى
بۆرك
بوغرا
بولاق
بۇرۇن
بۇرۇن
مەڭ
ماڭىم (ماڭدىم)
مەڭزى
مەڭگۈ
موك
ئوغرى
ئوك
ئوگاي
ئوت
ئوزا
ئۆكۈز
ئۆكۈنچ
ئۇرۇك
ئۆتۈنچ
ئوزە

چىۋىن
چۈمغۇق
ئەم
ئەمچى
ئىلا (ئىلى ناھىيىسى، ۋىلايىتى)
ئىنجەق
ئىنىچ (تىنىچ)
سوغالساق
سۆگەك
شاتۇ
تاغار
تاگشۇق
تەلۋە
تۇغ
تۇن
تورقۇ (تاۋار-توقا)
توسون
تورا
تۇش (تەگتۇشى)
توشاغ
تۇرۇك
تۇرۇغ

| | | |
|---|---|---|
| قۇلان | سان | ئۇۋۇت (ئۇيات) |
| قۇتۇز | سارت | ئۇز |
| لاچىن | سىلىك | |
| ئۇلۇش | تۇغ (بايراق) | |
| ئۆزۈك | تۇرۇك | |
| يېغى | تاقۇغ (خىزمەت تاپ- قاندىن چىققان) | |
| يالىڭ | ساقىش (ھېساب، ساق ئىشتىن چىققان) | |
| بەگلىغ | بىغىرساق (شەپقەت، باغرى ساقتىن چىققان) | |
| ياراغ | يارلىغ | يارماق |
| ياشىن | يات | ياۋاش |
| ياز | يازدى | يىلدىز |
| يىلقى | يىراق | يىنىك |
| يەڭ (كېيىمنىڭ يېڭى) | | |

بۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەر «قۇتادغۇ بىلىك» تە ناھايىتى كۆپ.

**2) ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» مىسرالىرىدىكى مىقدار نىسبىتىدىن نەمۇنە**

76 ئۇنىن ئۈتتى كەكلىك كۈلەر قاتغۇرا.

قىزىل ئاغزى قان تەگ (دەك) قاشى قاپقارا.

ئون، كەكلىك، كۆلەر، قاتغۇرماق، قىزىل، ئىغىز، قان، تەگ، قاش، قاپقارا (11 سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە).

3480 كۆڭۈل كىمنى سەۋسە كۆرۈر كۆزدە ئۇل،
كۆزۈن قانچە باقسا ئۇچار يۈزدە ئۇل،

كۆڭۈل، كىم، سەۋمەك، كۆرمەك، كۆزدە، ئۇل، كۆز، قانچە، باقماق، ئۇچماق، يۈز دە، ئۇل (12 سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە).

3481 كۆڭۈلدە نەگۈ (نېمە) ئەرسە ئارزۇ - تىلەك،
ئاغىز ئاچسا بارچە تىلىن سۆزدە ئۇل.

كۆڭۈل، ئەرسە، ئارزۇ، تىلەك، ئىغىز، ئاچماق، بارچە، تىل، سۆزدە، ئۇل (12 سۆزدىن 11 سى ئۇيغۇرچە).

4917 ئۆلۈغلۇققا ئارتۇق كۆۋەنمە (قوۋانما) كۆلە،
ئۆلۈغ بولدۇڭ ئەرسە، باش ئاغرىغ بىلە.

ئۆلۈغ، ئارتۇق، كۆلمەك، ئۆلۈغ، بولماق، ئەرسە، باش، ئاغرىغ، بىلە (ئون سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە).

1196 ئۆلۈمگ ئاسىغ (مەنپەئەت) قىلماز ئالتۇن - كۈمۈش،

ئۆلۈمۈڭ تىنزوماز (توسماس) بىلىك يا ئوقۇش.

ئۆلۈم، قىلماق، ئالتۇن، كۈمۈش، تىنزوماز، بىلىك، ئوقۇش (توققۇز سۆزدىن سەككىزى ئۇيغۇرچە).

1387 ئاتا ئارقاسىندىن تۇغۇلسا ئوغۇل.
ئانا قارنى مەنزىل قاچ ئايلىق ئامۇل.

ئاتا، ئانا، ئارقا، تۇغۇلماق، ئوغۇل، قىرىن، مەنزىل، قاچ، ئاي (ئون سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە، بىرسى ئەرەبى، چۈشىنىشلىك).

3031 خەزىنە نەرەك (نە كېرەك) كۆپ ئەر ئات چوق كەرەك.
بەگى باي كەرەكسىز بۇزۇن توق كەرەك.

خەزىنە، نەرەك، كۆپ، ئەر، ئات، كېرەك، بەگ، باي، توق (12 سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە).

1061 ئوت ئەم قالمادى كۆر نەچە قىلدىلەر،
ياراشىق نە ئەرسە ئانى بەردىلەر.

ئوت، ئەم، قالماق، كۆر، نەچە، قىلماق، ياراشىق، ئەرسە، ئانى، بەرمەك (ئون سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە).

1595 كىشى ئەمگەك ئىدسا (قىلسا) ساغا بەلگۈلۈك،
ئۇنۇتما ئۇل ئەمگەكنى بولما ئۆلۈگ.

كىشى، ئەمگەك، ساغا، بەلگىلىك، ئۇنۇتما، ئۇل، ئەمگەك، بولماق، ئۆلۈك (ئون سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە).

237 تىرىك ئۆلگۈ ئاخىر تۇشەنگۈ يېرىڭ،
كىشى ئۆلسە ئەدگۈن كۆر ئاتى تىرىك.
(ئۇن سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە)

464 يۈزى كۆركلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار،
سۆزى يۇمشاق ئەردى تىلى تۈز تامار.
(12 سۆزنىڭ بارلىقى ئۇيغۇرچە، چۈشىنىشلىك)

204 سۆزۈم سۆزلەمىشكە ساڭا ئەيمەنۈ،
ئۆزۈم ئۆزى قولدى ساڭا ئۇش، مۇنۇ.
(ئۇن سۆزنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك، گەرچە قولماق - ئۆتۈنمەك، ئۇش — ھازىر ئىستېمالدىن چىققان بولسىمۇ.)

416 ئۇقۇشلۇغ كىم ئەرسە ئۇقىتتى ئانى،
بىلىكلىگ كىم ئەرسە بەزۈتتى ئانى.
(ئۇن سۆزنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرچە، چۈشىنىشلىك.)

3292 قاپۇغ ئاچتى چىقتى قاداشىن كۆرۈپ،
قۇچۇشتى، ئەسەنلەشتى يۈز - كۆز ئۆپۈپ.
(ئۇن سۆزنىڭ بارلىقى ئۇيغۇرچە، چۈشىنىشلىك)

**3) ھېچقانداق يەشمىسىزمۇ ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىۋاسىتە چۈشىنەلەيدىغان مىسرالاردىن نەمۇنە**

كىشى كۆڭلى تۈپسىز تەڭىزتەك تۇرۇر، 211
بىلىك يىنچۇ سانى تۈپىندە ياتۇر.

كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇ بىلىك، 350
قۇتادسۇ ئوقۇغىلىقا تۇتسۇ ئىلىك.

بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىغ تۇرۇر، 1953
بىلىك لامى كېتسە بەگى ئاتى قالۇر.

سۆزۈڭنى كۈدەزگىل باشىڭ بارماسۇن، 167
تىلىڭنى كۈدەزگىل تىشىڭ سىنماسۇن.

بىلىپ سۆزلەسە سۆز بىلىگكە سانۇر، 168
بىلىگسىز سۆزى ئۆز باشىنى يېيۇر.

باقىپ كۆردى ئېلىگ كۆزىن ئىملەدى، 768
ئىشارەت بىلە كەلگىل، ئولتۇر تېدى.

بىر ئانچە تۇرۇپ باش كۆتۈردى ئېلىگ، 774
بۇ ئايتولدىقا ئايدى تەپرەت تېلىگ.

قۇرىمىش يىغاچلار تونادى ياشىل، 67
بەزەندى يېپۈن، ئال، سارىغ، كۆك، قىزىل.

بوزۇم ئەردى ئۇقتەگ كۆگۈل ئەردى يا، 370
كۆگۈل قىلغۇ ئۇقتەگ بوزۇم بولدى يا.

تاتىغ ئەردە بارچە يىگىتلىك ئىشىم، 370
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يىر ئاشىم.

يىگىتلىك نەگۇ (نىمە) يىغدى ئەرسە ماڭا، 372
قارىلىق كەلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.

قاراڭقۇدا ئەردىم يارۇتتى تۇنۇم، 383
تۇنەركتە ئەردىم تۇغۇردى كۈنۈم.

ساڭا سۆزلەدىم مەن سۆزۈم ئى ئوغۇل، 187
ساڭا بىردى بۇ پەند ئۆزۈم ئى ئوغۇل.

كۈمۈش قالسا ئالتۇن مەنىڭدىن ساڭا، 188
ئانى تۇتماغىل سەن بۇ سۆزكە تەڭا.

بۇ ئايتوادى ئولدۇردى ئاقرۇسلىك، 956
كۆزىن يىبرگە تىكتى بەكۈتتى تىلىك.

ئىلىگ ئايدى: ئايتولدى سۆزلە سۆزۈك، 957
نەلۈك شۇك تۇرۇرسەن، نە بولدى ئۆزۈك.

قارا باش ياغىسى قىزىل تىل تۇرۇر، 966
نەچە باش يىدى بۇ تاقى ما يىيۈر.

باشىڭنى تىلەسە تىلىڭنى كۈدەز، 967
تىلىڭ تەگمە كۈندە باشىڭنى يانۇر.

1382 نەچە قاچسا ئاخىر ئۆلۈم تۇتەۇسى،
نەچە قالسا ئاخىر ئۆلۈم يەتگۈسى.

1384 قانى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قاچىپ،
قانى كىم ئاشۇندى ئۆدىندىن كەچىپ.

1396 بۇ تۇشتەگ تىرىگلىك كەچۈر بەلگەسىز،
كەرەك بەگ، كەرەك قۇل بارۇر كەلگۈسىز.

1419 ئەدىز(ئىگىز)، كەڭ، بەدىزلىگ سارايىڭ قالىپ-
قارا‌ڭقۇ يىر ئەۋدە ياتۇرسەن ئۆلىپ.

1441 ۋەفا قىلغۇ ئەرمەز بۇ دۇنيا بىلىن،
كەچەر دۇنيادا ئۆز ئازۇقۇڭ ئالىن.

1501 ئايۇر ئى ئوغۇل كۆردۈڭ ئەمدى مەنى،
نە ھالىن بارىرمەن ئۇنىتما مۇنى.

1503 كەرەكلىك سوزۇگ مەن تۇتۇزدۇم (تۇت-
قازدىم) ساڭا.
سۆزۈمنى ئۇنىتما دۇئا قىل ماڭا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئۇيغۇ-
مىللىتىگە مەنسۇپلۇقىنى، ئۇنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدە-
بىياتى ۋە تىلىنىڭ بىردىنبىر نەمۇنىسى ئىكەنلى-

كىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر بارلىقىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز.

بۇ نۇقتىلار «قۇتادغۇ بىلىك» فىلولوگىيە (تىل - ئەدەبىيات ئىلمى) دائىرىسىدە قولغا ئېلىنىپ، ئۇنى مورفولوگىيە (سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى)، سىمولوگىيە (سۆز مەنىلەرنى تەتقىق قىلىش ئىلمى)، ئېتىمولوگىيە (سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تېپىش ئىلمى)، فونېتىكا (ئاھاڭ)، فونېماتىكا (سۆز مەنىسىنىڭ گراماتىك شەكىللىرىنى بىلىش ئىلمى) ۋە لېكسولوگىيە نۇقتىسىنەزىرىدىن تەتقىق ۋە تەھلىل قىلىنغاندا يەنىمۇ ئوچۇق ئىسپاتلىنىدۇ. ھازىر بىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق تۈنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە جەمئىيىتى تەشكىل قىلىندى.

بىز ئىشىنىمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە بۇ يېڭى دەۋرنىڭ باشلىنىشى بىلەن ئىلمىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ، مۇجمەل قاراشلار تۈزىتىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پارلاق ئىلىم - مەرىپەتلىك ھاياتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان يىمىرىلمەس ئىلمىي مىراس «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئەھمىيەت دەرىجىسى يەنىمۇ يۈكسىلىدۇ.

# يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى

ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر

## 1

«قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇن جەھەتتىن پۈتۈن
بىر تارىخىي دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىسىنى،
يەنى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى سىياسىي ۋە
ئىجتىمائىي تۈزۈم، قانۇن ۋە ئەخلاق ئۆلچەملىرى،
پەلسەپە ۋە دىن، ئىلىم - پەن ۋە مائارىپ، ئەدەبىيات
ۋە سەنئەت قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەش
تۈرگەن بىر قامۇس؛ ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن
قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىرىدىكى خەلقەر
ئەدەبىياتىدا شۇ زامانغىچە مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭ
ھەجىملىك داستان ياكى نەزم بىلەن يېزىلغان يىرىك
دراما ۋە XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئەڭ
ياخشى نەمۇنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن جاھان مەدەن
نىيىتى خەزىنىسىدىكى قىممەتلىك گۆھەرلەرنىڭ بىرى
ھېسابلىنىدۇ. بولۇپمۇ ئىسلام دىنى قاراخانىلار زېمىنىدا
ئاللىقاچان ھۆكۈمران ئورۇنغا ئۆتكەن ۋە ئەرەب -

پارس تىللىرى ئىلىم ھەم سەنئەت ساھەسىدە كەڭ
تەرزدە قوللىنىلىشقا باشلىغان شارائىتتا، مۇئەللىپنىڭ
شۇ دەۋر رېئاللىقىدىكى تۈرلۈك - تۈمەن چىگىش
تېمىلارنى ئۆز ئانا تىلىدا گۈزەل ۋە يېنىك ئۇسلۇب
بىلەن مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ چىققانلىقى ناھايىتى
زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇ جەھەتتىن قارىغاندا،
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ مۇتەپەككۇر شائىرلىق
تالانتى ۋە پەيلاسوپلارغا خاس دانىشمەنلىك ئەمگىكى
بىلەن ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر
ئەدەبىياتى تارىخىدا يېڭى بىر دەۋر ياراتقان ئۇلۇغ
شەخستۇر.

دەرۋەقە، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلق-
لەردە يازما ئەدەبىيات بارلىققا كەلگەندىن بۇيان،
مەيلى ئورخۇن - يېنسەي (ئېنەساي) ۋادىسىدىكى كۆك
تۈرك ۋە ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بولسۇن، مەيلى
بۇدداچى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا بولسۇن ۋە ھەتتا
ئىسلام دىنىنى بۇرۇنراق قوبۇل قىلغان غەربىتىكى
تۈركىي قەبىلىلەر ئارىسىدا بولسۇن، «قۇتادغۇ بىلىك»
دەۋرىگىچە ھېچكىم بۇنداق نادىر ئەسەرنى يارىتىشقا
قادىر بولالمىغان. «قۇتادغۇ بىلىك» كە كېيىنكىلەر
تەرىپىدىن يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىدە: «چىن -
ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا
كەلدىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي تىل-
دىكى خەلقلەر ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا
تۈركىي سۆز بىلەن (ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق

كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق» دەپ تەرىپلىگەنلىكىمۇ ھېچبىر تاسادىپىي ھال ئەمەس.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ھېسابقا ئالمىغان ياكى ھېسابقا ئېلىشنى خالىمىغان بەزى كىشىلەر بۇ ئەسەرنى نوقۇل دىداكتىك (پەند - نەسىھەتلىك) داستان، دەپ چاغلايدۇ ۋە قاراخانىلار بىلەن زامانداش بەزى سۇلالىلەرنىڭ مەشھۇر سىياسىي ئەربابلىرى ھېسابلانغان قابۇس بىننى ۋۇشمىگىرنىڭ «قابۇسنامە» سى، نىزامۇل مۇلكنىڭ «سىياسەتنامە» سى ۋە سۇبۇكتېكىننىڭ «پەندنامە» سى بىلەن بىر قاتاردا قويۇشقا ئۇرۇنىدۇ. ھالبۇكى، بۇ ئۈچ ئەسەر ئۆز دەۋرىدە پۈتۈن مۇسۇلمان شەرقىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن بولسىمۇ، مەزمۇنەن «سىياسەتنامە» لەر بولۇپ، پەقەت پەند - نەسىھەت بىلەن چەكلەنگەنلىكى تۈپەيلى، مەزمۇنىنىڭ بايلىقى ۋە بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتتىن ئۇلاردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن بىر قاتاردا تۇرالمايدۇ.

چۈنكى، يۇقىرىدىكى ئۈچ ئەسەرگە مەزمۇن بولغان پەند - نەسىھەت تېمىسى «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنىنىڭ پەقەت بىرلا تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى پەند - نەسىھەتلەر يۇقىرىدىكى ئەسەرلەردىكىگە ئوخشاش نەسىھەتگۇي ناتىقنىڭ نوتۇقى بىلەن ئەمەس، بەلكى سيۇژىت، جانلىق ئوبراز، بەدىئىي تەسەۋۋۇر ياكى شېئىرىي تىل بىلەن، باشقىچە

ئېيتقاندا، بەدىئىي سىيۇژېتلىق داستان ياكى نەزم بىلەن
يېزىلغان دراما شەكلىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «قۇت-
ادغۇ بىلىك»نى ئوقۇر ئىكەنمىز، مۇئەللىپنىڭ دەبدەبە-
بىلىك ۋەز - نەسىھەتلىرىنى ئەمەس، مىجەز - خۇلقى،
ئىجتىمائىي ئورنى، ھاياتقا بولغان كۆزقاراشلىرى، ياشاش
ۋە پىكىر قىلىش ئۇسۇللىرى، قىياپەت (پورترېت) ۋە
كىيىم - كېچەكلىرىگىچە بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغان
ئىندىۋىدۇئال شەخسلەر (تىپىك پېرسوناژلار) ئارىسىدىكى
جانلىق ۋە كەسكىن دىئالوگلارنى، ياكى چوڭقۇر مۇلا-
ھىزىلىك مونولوگلارنى ئاڭلايمىز. شۇنداقلا، ۋەقەلىكلەر
جەريانىدا يۈز بەرگەن دراماتىك توقۇنۇشلارنى كۆرى-
مىز. شائىرنىڭ فونتانىدەك ئېتىلىپ چىققان لىرىزىمى
تەسىرىدە ئۆزىمىزنى ئۇنتۇپ، گۈزەل تەبىئەت تەس-
ۋىرلىرىنىڭ ئاجايىپ جەزىبىدار مەنزىرىلىرىگە غەرق
بولىمىز. شېئىرىيەتنىڭ ئەۋرىشىمدەك يۇمشاق، تاڭ
سەلكىنىدەك يېنىك ۋەزىنلىرى، تىللادەك جاراڭلاپ
تۇرغان قاپىيىلەر، ئاجايىپ مەجاز (مېتافورا) لار بىلەن
چوڭقۇر پەلسەپىلىك تەپەككۇر دۇردانىلىرىغا تولغان
ھېكمەتلەر دەرياسىغا چۆمۈلۈپ، قانچە - قانچە مىسرا
ۋە بابلارنىڭ ئوقۇلۇپ بولغانلىقىنى تۇيماي قالىمىز.
نەتىجىدە، دۆلەت، جەمئىيەت، سىياسەت، ئىقتىساد، قانۇن
(ھوقۇق)، ئەخلاق، بىلىم ۋە ئەقىل توغرىسىدا، ئىنسان
ۋە ئۇنىڭ ياشاشتىكى مەقسىتى ھەم ۋەزىپە - بۇرچى
توغرىسىدا، ئادالەت ۋە زۇلۇم، ياخشىلىق ۋە يامانلىق،
يورۇقلۇق ۋە قاراڭغۇلۇق، ئالىيجانابلىق ۋە پەسكەشلىك،

باتۇرلۇق ۋە قورقاقلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت، شادلىق ۋە ھەسرەت، قىسقىسى، ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەممە جەھەتلىرى توغرىسىدا قويۇلغان مەسىلە ۋە مۇلاھىزىلەردىن قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ مەنىۋى تىياپىتىنى كۆرەلەيمىز: شائىرنىڭ شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىدا بولغان نارازىلىقى ۋە ئۇنى ئۆزگەرتىپ، راتسىئونال (ئەقىلگە مۇۋاپىق) بىر غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئالىيجاناب غايە ۋە ئىزدىنىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقىمىز. مانا شۇنداق باي مەزمۇننى مۇئەييەن بەدىئىي سيۇژىتقا تىزىپ، بۈيۈك بىر داستان ياكى نەزمىي دراما يېزىش ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن باشلاندى. بۇ پەقەت شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىنى ئەتراپلىق كۆزىتىپ، ئۇنىڭ ئىچكى ماھىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلالىغان ۋە شۇ جەمئىيەت رېئاللىقىدىكى نۇقسانلارنى ئېچىپ تاشلاشقا جۈرئەت قىلالىغان مۇتەپەككۇر شائىرنىڭلا قولىدىن كېلەتتى.

## 2

XI ئەسىردە قاراخانىلار پايتەختى بولغان قەشقەر دىيارىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك بۈيۈك پەيلاسوپ ۋە مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ يېتىشىپ چىققىنى ھەرگىز تاسادىپىي ئەھۋال ئەمەس ئىدى.

تارىختا «غەربىي رايون» دەپ ئاتالغان بۈگۈنكى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا كونا تاش قوراللار دەۋرى-

دىن باشلاپلا ئادەملەر ياشىغان قەدىمىي ماكان بولۇپ، دېھقانچىلىق - چارۋىچىلىق ئىگىلىكى دەسلەپ مەيدانغا كەلگەن جايلارنىڭ بىرى ئىدى. كېيىنچە، تۈرلۈك ھۈنەر ۋە سودا - سېتىقنىڭ راۋاجلىنىشى بىلەن ئىدىكى «يىپەك يولى» ئاشۇ رايوندا شەكىللەندى. سودا - سېتىق ۋە دىن مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ ۋاستىسى بولغاچقا، تۆت بۈيۈك قەدىمىي مەدەنىيەت، يەنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، ھىندى مەدەنىيىتى ۋە مېسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ھەمدە خرىستىيان دىنى، زەردۇشت، بۇددا ۋە ئىسلام قاتارلىق بىر قانچە مەشھۇر دىنلارمۇ شۇ رايوندا كىرەلىشىپ، نەتىجىدە بۇ رايون دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ «تۆت كوچا ئاغزى»غا ئايلاندى. مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش نەتىجىسىدە بۇ رايون ئاھالىسى ھىندى - ياۋروپا ۋە خەنزۇ - تىبەت تىللىرى بىلەنمۇ تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، بۇ رايون ئۈچ بۈيۈك تىل سىستېمىسى (ئالتاي، ھىندى - ياۋروپا ۋە خەنزۇ - تىبەت تىللىرى) كىرەلىشىپ كەتكەن جاي بولۇپ قالدى. مىلادى VII ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە VIII ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، بۇ رايوننىڭ غەربىي قىسمىغا ئەرەبلەرنىڭ قەدىمى يېتىش بىلەن ئەرەب - ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى چوڭ سالماقنى تەشكىل قىلىشقا باشلىدى. ئەسلىدە مىلادى IV — V ئەسىرلەردىن باشلاپ، كېرمان قەبىلىلىرىنىڭ ھۇجۇمى بىلەن غەربىي رىم ئىمپېرىيىسى ھالاك بولۇپ، ياۋروپا كىرىزىس ئىچىدە قالغاندا، قەدىمكى رىمنىڭ ئىلىم - پەن ۋە

سەنئىتىگە ئەرەب تەرجىمانلىرى (جۈملىدىن غەيرىي ئەرەب ئالىملىرى، مەسىلەن، ئەبۇ نەسىر فارابى) ئارقىلىق ئەرەب ئىمپېرىيىسى ۋارىسلىق قىلىشقا باشلىغان ئىدى. ئەرەب ئىمپېرىيىسى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان بىر مۇنچە غەيرىي ئەرەب ئەللىرى (جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرى)دىن تەشكىل تاپقاچقا، شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى شەكىللەنگەن. بۇ مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشىدە، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە ھازىرقى شىنجاڭ خەلقلىرى مۇھىم سالماقنى تەشكىل قىلاتتى. بۇ خەلقلەر ئارىسىدىن چىققان مۇسا خارەزمى، ئەخمەت ئېلى پەرغانى، ئەبۇ نەسىر فارابى، ئەبۇ ئېلى ئىبىن سىنا، ئەبۇ رەيھان بىرۇنى، مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاتارلىق ئالىملار ئۆزىنىڭ ئاجايىپ تالانت ۋە پائالىيەتلىرى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، دۇنياۋى سەۋىيىگە يەتكۈزدى. بولۇپمۇ، مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ قەشقەر دىيارىدىن بالقىپ چىققان ئىلىم - پەن ۋە سەنئەت قۇياشىغا ئوخشاش، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيا، ھەتتا ئەرەب - پارس ئەللىرىگىمۇ ئۆز شۆھرىتىنى يايدى ۋە غەربتە بۇخارا، سەمەرقەنت، باغدات — ئىلىم-پەن، سەنئەتنىڭ مەركىزى بولغان بولسا، شەرقتە قەشقەر دىيارىنى ئەنە شۇنداق مەركەزگە ئايلاندۇردى.

يەنە بىر تەرەپتىن، قۇچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇرلىرى ئىچىدىن چىققان سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ، ئارغۇن سەلى،

بوّيان بوّغا تىبكىن، ئاپرىنچوّر تىبكىن، سىلىغ تىبكىن قاتارلىق ئالىم، تەرجىمان ۋە شائىرلار ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى پائالىيەتلىرى بىلەن تۇرپان رايونىنى بوّددا مەدەنىيىتىنىڭ بىر مەركىزىگە ئايلاندۇرغان ئىدى. قاراخانىلار بىلەن ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ئوتتۇرىسىدا دىنىي ئايرىمچىلىقلارنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، تىل ۋە مەدەنىيەت بىرلىكى ساقلىنىپ تۇراتتى. قەشقەر دىيارىدا يېزىلغان «تۇركىي تىللار دىۋانى» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» تىلى بىلەن تۇرپان (بەشبالىق)دا مەيدانغا كەلگەن تەرجىمە ۋە ئىجادىي ئەسەرلەر تىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىرلىك بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى ئالىملارنىڭ: يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇرپان مەنبەلىرىدىن خەۋەرسىز ئەمەس ئىدى، دېگەن پىكرى دىققەتكە سازاۋەردۇر.

يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ دەۋر شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، بۇ مەدەنىيەت شۇ چاغدىكى ياۋروپا مەدەنىيىتىدىن ئاللىقاچان ئېشىپ كەتكەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەنە شۇنداق دەۋردە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى. ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» — ئەنە شۇنداق دەۋرنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

## 3

ھازىرقى زامان ئەدەبىيات ئەزەرىيىسى بويىچە

ئېيتقاندا، شېئىرىيەت، پروزا، نەسىر ۋە دراماتۇرگىيە يازما ئەدەبىياتنى تەشكىل قىلغۇچى تۆت ئاساسىي ئامىل ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە شېئىرىيەت بىلەن دراماتۇرگىيە بىر قەدەر ئۇزاق تارىخقا ئىگە. قەدىمـكى يۇنان ۋە ھىندى داستانلىرى بىلەن تىياتىرلىرى ھەممە جۇڭگو چاڭچىلىسى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ. ئىدىقۇتتا سانسكرىت تىلىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، 1964 ـ يىلى قۇمۇلنىڭ تۆمۈرتى دېگەن يېرىدىن تېپىلغان «مائىترى سىمىت» ناملىق 20 نەچچە پەردىلىك دراممۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەھۋال ئۇيغۇرلاردا 1000 يىللار بۇرۇنلا دراما سەنئىتىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ شەكىل جەھەتتىن داستان بولۇش بىلەن بىللە دراممىمۇ مەنسۇپلۇقى بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ يورۇـتۇپ بېرىدۇ. مەشھۇر تۈركولوگ گابايىن خانىمنىڭ قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇرچە ئەسەرلەر ئوقۇش ئۈچۈنلا ئەمەس، سەھنىدە ئوينىش ئۈچۈنمۇ يېزىلاتتى، دېگەن نۇقتىئىنەزىرىمۇ شۇنىڭغا قارىتىلغان بولسا كېرەك. شېئىرىيەتكە كەلسەك، باشقا مىللەتلەردىكىگە ئوخشاش، ئۇيغۇرلاردىمۇ ھەممىدىن بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ، ھەمـمىدىن كۆپرەك راۋاجلانغان ژانىر شېئىرىيەتتۇر، ئورـخۇن ـ يېنسەي ئابىدىلىرىنىڭ شېئىرىي تىل بىلەن يېزىلغانلىقى، تۇرپاندىن تېپىلغان بىر مۇنچە بۇددىچى ئۇيغۇر شائىرلىرىنىڭ ئاجايىپ ياخشى شېئىرلىرى، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا كىرگۈزۈلگەن بىر مۇنچە

بېيتلار بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ (خەلق قوشاقلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

ئەمما، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپ دەۋرىدىلا ئىلمىي سىستېمىغا چۈشۈپ، يۈكسەك تەرەققىيات باسقۇچىغا كىردى. «قۇتادغۇ بىلىك» ھەم ئىلمىي، ھەم ئەدەبىي ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەنە شۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق نامايەندىسىدۇر. بۇ ماقالىمىزدە پەقەت ئۇنىڭ ئەدەبىي قىممىتى (ئاساسەن شېئىرىيەت ماھىرلىقى) ھەققىدىلا بەزى مۇلاھىزىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ: شېئىر ۋە شائىر توغرىسىدا

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر قىلالايدىغان؛ دېڭىزنىڭ ئاستىغا شۇڭغۇپ كىرىپ، ئۈنچە - مەرۋايىتلار تېرىپ چىقىدىغان غەۋۋاسقا ئوخشاش رېئال تۇرمۇشتىن سۆز ئۈنچىلىرىنى تېرىپ، قىلىچتىن ئىتتىكرەك تىل بىلەن بەزىلەرنى ماختاپ، بەزىلەرنى سۆكىدىغان؛ ماختىغان كىشىنىڭ شۆھرىتىنى جاھانغا يېيىپ، سۆككەن كىشىنىڭ نامىنى سېسىتىپ تاشلايدىغان ئادەم شائىردۇر ۋە ئۇلارنىڭ ئېيتقان ياكى يازغانلىرى شېئىردۇر («قۇتادغۇ بىلىك»، ٥٦ - بابقا قاراڭ). دېمەك، شائىرنىڭ تەپەككۇرى قىلدىنمۇ نازۇكراق بولۇشى، شېئىر ئۈنچە - ياقۇتتەك سۆز دۇردانىلىرىدىن تەشكىل تاپقان نۇرازلىق تەسەۋۋۇر سەنئىتى بولۇشى، شائىر ئۆز تىلىنىڭ قىلىچ-

تەك ئۆتكۈرلۈكى بىلەن ماختاشقا تېگىشلىك كىشىلەرنى
ماختاپ، سۆكۈشكە تېگىشلىكلەرنى سۆكۈشى لازىم.

كىمنى ياكى نېمىنى ماختاپ، كىمنى ياكى نېمىنى
سۆكۈش مەسىلىسىگە كەلسەك، «قۇتادغۇ بىلىك» داس-
تانىنىڭ پۈتۈن مەزمۇنى ئەنە شۇ مەسىلىگە قارىتىل-
غان، يەنى ئۇنىڭدا ئادالەتنىڭ كاپالىتى
بولغان ئادىل قانۇن، ئەخلاق - پەزىلەت، ئەقىل -
ئىدراك، ئاڭ ۋە بىلىم، يۇرت ۋە ئەلگە ساداقەت ھەم
خىزمەت، دوستقا ۋاپا ۋە مۇھەببەت، دۈشمەنگە غەزەپ
ۋە نەپرەت، تۇرمۇشتا راستچىل ۋە پاكلىق، جەڭدە
باتۇرلۇق ۋە شىجائەت، جاپادا چىدام ۋە غەيرەت،
يوقسۇللارغا شەپقەت، زوراۋانلارغا لەنەت قاتارلىق نۇر-
غۇنلىغان ئالىيجاناب پەزىلەتلەر (ياكى شۇ پەزىلەت
ئىگىلىرى) ماختىلىپ، ئۇنىڭ ئەكسى بولغانلارنىڭ ھەم-
مىسى سۆكۈلگەن. نەتىجىدە ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ
بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ئەدەبىياتنىڭ مەۋجۇت
جەمئىيەتكە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغار مەيداندا
تۇرۇپ، قالاقلىق ۋە قاراڭغۇلۇققا قارشى كۈرەش قىلىش
بىلەن جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرۈش — ئۇنىڭ
بۇرچى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن. باشقىچە
ئېيتقاندا، ئەدەبىياتنىڭ ناھايىتى زور خاھىشچانلىققا
ئىگە ئىدېئولوگىيە قورالى ئىكەنلىكى، شائىرنىڭ ئۆز
دەۋرىگە نىسبەتەن ھەر زامان ئىلغارلىق رولىنى ئوي-
ناپ ئۇنى تەربىيىلىگۈچى بولۇشى لازىملىقى قەيت
قىلىنغان.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ: ئانا تىل توغرىسىدا

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

شائىر ئۆز ئەسىرىدە ئىنساننىڭ ئەڭ ئالىي پەزىلىتىنىڭ بىرى تىل ئىكەنلىكىنى ئەنە شۇنداق ئۇستىلىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتكەندىن كېيىن، يازغۇچى ۋە شائىرلارنىڭ ئۆز ئانا تىلىغا قاتتىق ھۆرمەت قىلىشى ۋە ئۇنى سۆيۈشى، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنى بىلىشى، ئۆز تىلىدا سۆز بار تۇرۇقلۇق باشقىلاردىن سۆز ئۆتنە ئېلىپ يۈرمەسلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ:

6616 مانا قولنى سۇندۇم ئىلىمنى تىلەپ،
قىبتىپ سۆزنى سۆزگە تىزىپ مەن ئۆرا①.

6617 بۇ تۈركىي سۆزنى كۆردۇم ياۋايى كېيىك،
ئۇنى ئاستا تۇتتۇم، ئۆگەتتىم ئارا.

6618 سېلاپ ئەكلەتتىم، كۆڭۈل بەردى تېز،
تېخى بەزى قورقۇپ، ئۈركۈپلا تۇرا.

---

① ئۆرا — دەتلەپ.

6619 سۆز ئالدىم قولۇمغا چىققىنىچە مەن،
كېلىشۈەردى خۇش ھىد ئىپاردەك پۇرا.

دېمەك، كەڭ تەبىئەتنىڭ ئەركىسى بولغان ياۋا كېيىكتەك گۈزەل، ئوماق، شوخ ۋە ئويناق تۈركىي تىل شۇنچە باي تىلدۇركى، ئۇنىڭدىن قانچە سۆز ئالىمەن دېسە، شۇنچىسى قولغا چىقىدۇ ۋە ئۇ سۆزلەر ئىپاردەك خۇش پۇراق چېچىپ تۇرىدۇ؛ ئۇنى سىلاپ، ئەكىلىتىپ، ئۆزىگە ئۆگىتىۋېلىشقا تىرىشسا، ئۇ ئېگىسىگە تېزلا كۆڭۈل بېرىپ، ھەممە ھاجىتىدىن چىقالايدۇ.

13 مىڭ 290 مىسرالىق «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئەرەب - پارس سۆزلىرىنىڭ ئىنتايىن ئاز ئىشلىتىلگەنلىكى (ئىشلىتىلگەندىمۇ پەقەت تىبابەت، ئىسلام ئەھكاملىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ساھەلەردىكى خاس ئاتالغۇلار بىلەنلا چەكلەنگەنلىكى) بۇنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ بۇ ۋەتەنپەرۋەرلىك پەزىلىتى — ئەلىشىر ناۋائىينىڭ «چاغاتاي ئەدەبىياتى» دەۋرىدە ئۆز ئانا تىلىنى ياراتماي، ئەرەب - پارس تىللىرىدا يېزىشقا بېرىلىپ كېتىپ، ئەرەب تىلىنى «ئەسۇلەست» (ھەسەلدەك شېرىن)، پارس تىلىنى «شېكەرەست» (شېكەردەك تاتلىق) دەپ دەۋا قىلغۇچىلارغا قارشى «تۈركىي ھۆن رەسەت» (تۈركىي تىل ئىلىم - سەنئەت تىلىدۇر) دەپ جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ.

---

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلەن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ

ئانا تىل جەھەتتىكى بۇ ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بۈگۈنكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ساغلام راۋاجلىنىشىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارىتى

پىكىر (مەنە) — شېئىرنىڭ جېنى. بىراق، يالىڭاچ بېرىلگەن پىكىر شېئىر بولۇۋەرمەيدۇ. پىكىر (مەنە) بەدىئىي تۈسكە كىرگەندىلا شېئىر بولالايدۇ. بەدىئىي تۈس پەقەت مەجاز (مېتافورا) لار ياردىمى بىلەنلا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ. شۇڭا، مەجاز — شېئىرنىڭ قېنى، ۋەزىن ۋە قاپىيەلەر ئۇنىڭ ھۆسنى ۋە پۈرىقى دېيىلىدۇ. زەللىنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتى دەل شۇ مەنىدە ئېيتىلغان:

ئەي زەللى، بۇ نەسۆزدۇر دەپ مېنى ئەيب ئەتمىگىل،
جىلۋە بەرمەيدۇ ھەقىقەتنىڭ مەجازى بولمىسا.

شۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى ئوقۇغان كىشى شائىرنىڭ ماھارىتىگە قايىل قېلىپ، ئاپىرىن دەيدۇ ۋە ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ XI ئەسىردىلا نەقەدەر يۈكسەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ ئالالايدۇ. مەسىلەن:

«كۆڭۈل تۈپسىز دېڭىزگە ئوخشايدۇ، بىلىم — شۇ دېڭىزنىڭ تېگىدە كۆمۈلۈپ ياتقان ئۈنجۈ - مەرۋايىتتۇر، ئۇنى دېڭىزنىڭ تېگىدىن چىقىرىپ ئىشلەتمىسە، ئۇنىڭ سايىدىكى تاش بىلەن نېمە پەرقى بولسۇن؟

ئالتۇنمۇ قارا يەر تېگىدە ياتقاندا، بىر خىل تاش ياكى مېتال ئىدى، ئۇنى قېزىپ چىقارغاندىلا، شاھلارنىڭ بېشىغا تاج بولىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، ئالىملار قورساقتىكى ئىلمىنى ئەل - يۇرت ئۈچۈن ئىشلەتمەي، يىل - يىللار ساقلىغان بىلەنمۇ، ئۇنىڭ ھېچقانداق پايدىسى بولمايدۇ...».

«ئادەم ۋۇجۇدى قاراڭغۇ ئۆيگە ئوخشايدۇ، پەقەت ئەقىل - پاراسەت بىلەنلا بۇ ئۆي يورۇيدۇ».

«كۆڭۈل دېگەن شىشە (ئەينەك) دەك نازۇك نېمە، ئاۋايلىمىساڭ سۇنۇپ كېتىدۇ ياكى ئىسسىقتا ئېرىپ، سوغۇقتا مۇزلاپ قالىدۇ».

«ئادىل قانۇن — كۆكنى تىرەپ تۇرغان تۈۋرۈكتۇر، ئۇ بۇزۇلسا، ئاسمان يىقىلىپ چۈشىدۇ».

«قارا يەر بىلەن سۇ يارىشىپ ئۆتكەچكە، شۇ ئىناقلىق خاسىيىتىدىن تۈمەن مىڭ چېچەكلەر ئېچىلىپ يايرايدۇ، شۇنىڭغا ئوخشاش ئادەملەر دوست ۋە قېرىنداش بولۇشۇپ، ئوبدان ئۆتسە، ھايات ھەمىشە خۇشاللىق بىلەن ئۆتكەن بولاتتى».

مۇنداق ھېكمەتلىك پىكىرلەرنى يۈز - يۈزلەپ مىسال كەلتۈرۈش مۇمكىن. بۇ پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى مەلۇم مەجازلار بىلەن ئېيتىلغاچقا، ۋەزىن ۋە قاپىيىلەرسىز (نەسرىي ھالدا) نەقىل قىلساقمۇ، يەنىلا شېئىرىيەت جاراڭلاپ تۇرىدۇ. مۇنداق پىكىرلەرنى نەزمىي ھالدا ئوقۇساق، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ئىستېتىك زوق ئالىمىز. مەسىلەن:

6529 قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغۇۋاندەك،
بوكۈن ئاڭا زەپەر ئورۇغىن سۇرتەتتىم.

6530 ئىپاردەك قارا باشقا مەن كافۇر پۈركىدىم،
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531 يۇرۇق يازدەك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن، ھەممىنى قورۇتتۇم.

بۇ مىسرالاردا ئادەملەر ئۈچۈن ياشلىقنىڭ نە قاتارلىق گۈزەل بىر چاغ ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ نە قەدەر ئېغىر ھەسرەت كەلتۈرىدىغانلىقى ئەنە شۇنداق نەپىس مەجازلار بىلەن ئىپادىلەنگەن.

تۆۋەندىكى ئىككى مىسرادا بولسا، پەقەت «بوي (قەددى- قامەت)، كۆڭۈل، ئوق ۋە ياي (يا)» دېگەن تۆتلا سۆزنىڭ ياردىمى بىلەن شۇنداق بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىكى، بۇنىڭ يۇقىرى سەۋىيىدىكى شېئىرىي ماھارەت ئىكەنلىكىگە ھەر قانداق كىشى قايىل قالىدۇ:

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق، بويۇم بولدى يا.

يەنى، بويۇم ئوقيانىڭ ئوقىدەك تۈز چاغدا (يىگىتلىك

چىغىمدا)، كۆڭلۈم يادەك ئەگرى (ھاۋايى ھەۋەسكە بېرىلىپ كەتكەن) ئىدى؛ كۆڭلۈمنى ئوقتەك تۈزەپ (مەنىۋى كامالەتكە ئېرىشىپ) بولغۇچە بويۇم يادەك ئېگىلىپ كەتتى.

تۆۋەندىكى مىساللارمۇ شائىر ماھارىتىنىڭ نەقەدەر يۈكسەكلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

چىن ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ئەڭ ياخشى پەزىلەت، يەنى تىل بىلەن دىلنىڭ ئوخشاش بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا:

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

864 چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۆياتماي يۈرەلىسە ئەلنى كۆرۈپ.

بىلىم توغرىسىدا:

6605 بىلىم بىل، ئۆزۈڭ بول تۆردە ئولتۇرا،
بىلىمدۇر كىشىگە ئۇ مەھكەم تۇرا.

6608 بىلىمەن دېسەڭ، سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز سانالدىڭ بىلىملىك ئارا.

6609 بىلىم بىر دېڭىزدۇر ئۇچى يوق تېۋى،
تىچەلىك سۇمۇركەي سۇ سۈندۈك شورا.

قوماندانىدا بولۇشقا تېگىشلىك خۇسۇسىيەتلەر توغرىسىدا:

2310 سوقۇشقاندا يولۋاس يۈرەكلىك كېرەك،
ئۇتۇشقاندا يىلپىز بىلەكلىك كېرەك.

2311 تولغۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك ئۆچى.

2312 ئۇ بولسۇن ھېلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.

2313 سېغىزخاندىن سەگەكرەك بولسۇن ئۆزى،
كۆرسۇن قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى كۆزى.

2314 ئارا، بولسۇن ئۇ ھەممەتتە ئارسلان،
كېچەسى ھۇقۇشتەك ئويغاق ھەر زامان.

تەبىئەت تەسۋىرى — باھار توغرىسىدا:

61 ئېسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى جەننەت يولى.

64 قوڭۇر يەر ئېپار تولدى، كافۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كۆركەم ئېتىپ.

67 قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن، ھال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

70 تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۈلۈپ،
ئىپار، كافۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

72 غاز، ئۆردەك، قىل، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن
قاقىلداپ ئۇچۇشۇر يۇقىرى - تۆۋەن.

73 ئەنە كۆر، بىرى قونسا، ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.

75 ئۇلاي قۇش سايرىدى ئۇندەپ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچىرغان كەبى سۆيمىشىن.

76 قاقىلدادى كەكلىك، كۈلۈپ قاتقارا،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قېشى قاپقارا.

تاڭ مەنزىرىسى توغرىسىدا:

5677 سەھەر قۇشى قوپتى ئەگىپ ئۇچۇپ،
ناۋا قىلدى سايراپ مىزامىر ئوقۇپ.

5679 نۇر نەيزە چېچىلدى يەردىن پۈتاقلاپ،
پەلەك مەگزى ئوتتەك بولدى يېلىنجاپ.

5680 جانان كۆلگەن كەبى يورىدى جاھان،
تاراپ قايغۇ، شادلىق بولدى نامايان.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ تىجىنىس، تۇيۇق، رۇبائىي ۋە غەزەل (قەسىدە) گە ئوخشاش گۈزەل ژانىرلىرىغىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساس سالغان. بۇنىڭ ئۈچۈن 564 -، 1993 -، 1994 -، 2221 -، 3421 -، 2422 -، 4246 - بېيىتلارغا قاراش كۇپايە.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئارۇز ۋەزنى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ باشتىن ئاياغ ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتاقارىب بەھرىدە (مۇتلەق كۆپ قىسمى مۇتاقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر ياكى مەھزۇپ ۋەزنىدە؛ پەقەت 3800 -، 3801 - بېيىتلار بىلەن ئاخىرىدىكى ئۈچ قەسىدىنىڭ ئىككىسى مۇتاقارىبى مۇسەممەنى سالىم ۋەزنىدە) يېزىلغانلىقى ئارۇز ۋەزنىنىڭ ئەرەب ياكى پارسلارغىلا ئەمەس، ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەرگىمۇ ئورتاق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا بىر قانچە مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق ئەمگىكى بىلەن شەكىللىنىپ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز ئانا تىلى بىلەن ئارۇز ۋەزنىدە يېزىش جەھەتتىكى يۈكسەك ماھارىتى بەزى كىشىلەرنىڭ تۈركىي تىلدا ئارۇز بىلەن شېئىر يازغىلى بولمايدۇ، ياكى ئارۇز ۋەزنى پىكىرنى بوغۇپ قويىدۇ دېگەن قاراشلىرىنىڭ نە قاتارلىق ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى، ئەكسىچە، ئارۇز ۋەزنىنىڭ (ئايرىم بەھرىلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا) تۈركىي تىلغا ناھايىتى يېقىن بولۇپ، ئارۇز ۋەزنى بىلەن تۈركىي تىل ئوتتۇرى-

ـسىدا كارمۇنىڭ باغلىنىش بارلىقىنى، كەپ شائىرلارنىڭ ئۆزىدە ئىنكەنلىكىنى دەلىللەپ بەردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كېيىن، لۇتفى، سەككاكى، ناۋايى ۋە كـەللىكـ دىكى «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نامايەندىلىرىنىڭ ئاجايىپ مۇۋەپپەقىيەتلىرى بۇنىڭ تېخىمۇ يارقىن مىسالىدۇر.

شۇنىمۇ ئېيتىش ئۆتۈش لازىمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تولۇق بىر نەشرى تېخى مەيدانـغا كېلمەي، ئەتـ راپلىق تەتقىق قىلىنمىغان شارائىتتا، بـەزى ئالىمـلار «قۇتادغـۇ بىلـىك» ۋەزىن جەھەتـتىن «شاھـنامە» گە تەقلـىد قىلىـنغان، دېـگەن قاراشـتا بـولۇپ كەلـگەن. ھالبۇكى، «شاھنامە» بىلەن «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان ۋاقىتنى ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى ئارۇز سەنئىتىنىڭ يۈكسەكلىكى بىلەن ئۆزىگە خاس ئورىگىناللىقىنى نەزەرگە ئالغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك»نى شائىرنىڭ ئارۇز ۋەزنىدە يازغان تۇنجى ئەسىرى دەپ ھېسابلاش خاتا. بۇندىن بۇرۇنمۇ شا- ئىرنىڭ بۇ ۋەزىندە ئاللىقاچان ئەسەر يازغانلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولىدۇ. شۇنىڭدەك، بۇ ئەسەردىكى 170 نەچچە تۆتلىكلەر خەلق ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتىنىڭ بىرى بولغان قىتئەلەرنىڭ داۋامىدىن ئىبارەت بولۇپ، پـارس مەسنەۋىلىرىدە، جۈملىدىن «شاھنامە» دە مۇنداق ئەھـ ۋال مەۋجۇت ئەمەس.

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» ئەمدىلا ئايىغى چىقىپ تاپىتاۋلاپ مېڭىشقا باشلىـغان مەدەنىيەتـنىڭ ئەمـەس، بەلكى ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك دەرىجىدە تـە- رەققىي قىلغان مەدەنىيەتنىڭ سەمەرىسى بولغىنىدەك،

ئۇنىڭ شېئىرىي ۋەزنىمۇ ئۇزاق يىللىق تەرەققىياتنىڭ داۋامى ياكى راۋاجىدۇر.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىي مېتودى

مەلۇمكى، ئەدەبىيات - سەنئەتتە رېئالىزم ۋە رومانتىزمدىن ئىبارەت ئىككى خىل ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى مەۋجۇت، بۇ ئىككى ئاساسىي مېتود ئىككى چوڭ ئىدىيىۋى ئېقىم دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

رېئال تۇرمۇشنى ئوبيېكتىپ ھالدا كۆزىتىپ، ئۇنى ئەسلى قىياپىتى بويىچە ئەكس ئەتتۈرۈش يولى بىلەن تىپىك شارائىتتا تىپىك قەھرىمان يارىتىش — رېئالىزم مېتودىدۇر. جۇڭگونىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا مىلادىدىن بۇرۇنقى VIII ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن «كىتابى مەلزۇم» (شېجىڭ) مەجمۇئەسىدىكى بىر قىسىم ئەسەر-لەر، دۇفۇ (مىلادى 712 — 770) شېئىرلىرى ۋە «با-ھادىر شاھ لى زىچىڭ»، بىلەن «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ئەنە شۇنىڭ جۈملىسىدىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئېقىم XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن كېيىن ياۋروپادا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەپ، «تەنقىدىي رېئالىزم» دەپ ئاتالدى. بالزاك، دىككىنس، ل. تولستوي، چېخوف قاتارلىقلار شۇ ئېقىمنىڭ مەشھۇر ۋەكىللىرىدۇر. رېئاللىقنى ھايۋى ئىستەك - ئارزۇلار ۋە قايىنام - تاشقىنلىق لىرىك تەسەۋۋۇر ئىلى بىلەن مۇبالىغىلەشتۈرۈپ ئەكس ئەتتۈرۈش — رومانتىزم مېتودى بولۇپ، ئۇ ئەمەلىيەتتە ھايۋىلىكنىڭ ئەدەبى-يات - سەنئەتتىكى ئىپادىسىدۇر، يۇقىرىدا زىكىر قىلىن-

خان «كىتابى مەنزۇم» دىكى بىر قىسىم ئەسەرلەر بىلەن چۈيۈەن (مىلادىدىن بۇرۇنقى III — II ئەسىر) ۋە لى بەي (VIII ئەسىر) شېئىرلىرى شۇنىڭ جۈملىسىگە كىرىدۇ. ياۋروپادا بولسا، رومانتىزم ئېقىمى XVI ئەسىر-نىڭ ئاخىرى ۋە XIX ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىدە پەيدا بولدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىجادىيەت مېتودىدا مۇشۇ ئىدىيىۋى ئېقىملارنىڭ ھەر ئىككىسى مەۋجۇتتۇر. «قۇتادغۇ بىلىك» ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي رېئال-لىقنى مەلۇم ۋاستىلەر ئارقىلىق چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى جەھەتتىن رېئالىزم ئېقىمىغا مەنسۇپ بولسا، ئەسەر قەھرىمانلىرىنىڭ غايىۋىلەشتۈرۈلگەنلىكى، مۇئەللىپنىڭ ئۆزى تاللىۋالغان تۆت مەجازى شەخس ئارقىلىق «غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويغانلىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەر رومانتىزم ئېقىمىغا مەنسۇپتۇر، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك» رېئالىزم بىلەن رومانتىزم چەمبەرچاس باغلىنىپ، ھەم ئىجتىمائىي رېئال-لىقنىڭ زىددىيەتلەر ئېچىپ تاشلانغان، ھەم غايىۋىلىك يۈكسەك دەرىجىدە ئىپادىلەنگەن ئەسەر. ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشلارنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىككە تەكلىپ ياكى نەسىھەت تەرزىدە ئېيتقان گەپلىرى ئەمەلىيەتتە بىزگە قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي مەۋجۇتلۇقنىڭ يىغىنچاقلىنىپ ئەپلىك سىزىلغان بىر سۈرىتىنى ياكى سىنىپىي زىددىيەتلەردىن يېزىلغان درامىنىڭ بىر قاتار كۆرۈنۈشلىرىنى ئەسلىتىدۇ. شائىر

ئۆز قەھرىمانلىرىنىڭ ئاغزىدىن مۇنداق كەسكىن پىكىر-
لەرنى بايان قىلىدۇ.

... ئەي خان، خەلققە نەزەر سال: ئۇلارنىڭ
بىرى ئاچ، بىرى يالىڭاچ، بىرى زۇلۇم دەستىدىن
بەختى قارا، بىرى يوقسۇزلۇق دەردىدىن بىناۋادۇر،
ئۇلار غەم - قايغۇدىن پىغان چەكمەكتە. ئۇلارنىڭ
ھەممىسى بىمارلارغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىمارلارنى داۋالاي-
دىغان دورا سەندە. چۈنكى سەن تېۋىپقا ئوخشايسەن،
ئۇلار ساڭا موھتاج. ئەگەر سەن ئۇلارنىڭ دەردىگە
يەتمىسەڭ، قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىسەن.

... سەن ئۆزۈڭگە بىر قارىغىنا! خەلق شۇنچە
ئېغىر ئەھۋالدا تۇرغاندا، سەن ھەدەپ ئۆزۈڭگە بايلىق
يىغىۋاتىسەن، دېڭىز ئاستىدىكى ئۈنچە - مەرۋايىتلار،
يەر ئاستىدىكى ئالتۇن - كۈمۈشلەر، تاغ قېتىدىكى
جاۋاھىر - گۆھەرلەر ساڭا يېتىشمەيۋاتىدۇ. ئېتىزدىكى
دانلاردىن ئامبارلىرىڭنى تولدۇرىسەن، ھاۋادىكى ئۇچار
قۇشلار، سۇدىكى بېلىقلار، جاڭگالدىكى ياۋايى ھايۋانلار، قىر-
لاردىكى پادا - پادا ماللار، ھەتتا جەرەن - كېيىك، بۇغا - ما-
راللارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈڭنىڭ قىلىۋېلىپمۇ يەنە نەپسىڭ
قانمايۋاتىدۇ. سېنىڭ ئاچكۆزلۈكىڭدىن ئاتلىقلار ئاتسىز،
ئانىلىقلار ئانىسىز قېلىۋاتىدۇ. بۇ نېمىدېگەن تويماس-
لىق! (71 - باپقا قاراڭ)

مۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. شۇنداق قىلىپ،
رومانتىزم پۇرىقى قويۇق بولغان تەنقىدىي رېئالىزم
مېتودىنىڭ ئاجايىپ ئۈستۈنلۈكى — شىجائەتلىك، رېئا-

لىست بىر مۇتەپەككۇر شائىر ئوبرازى بىزنىڭ كۆز ئالدى-
مىزدا كەۋدىلىنىدۇ. فېئودال خانلىقىنىڭ ئەڭ يۇقىرى
مەرتىۋىدىكى ۋەكىلى بولغان ھۆكۈمدارغا شۇنداق
خىتاپ قىلىش پەقەت يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك ئۇلۇغ
دېموكرات مۇتەپەككۇر شائىرنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان
ئىش ئىدى.

× × ×

يىغىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ
نادىر ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن قاراخانىلار
دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىلدىكى خەلقلەر-
نىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي - مائا-
رىپ ئەھۋاللىرى، دۆلەت، قانۇن، پەلسەپە، ئەخلاق ۋە
دىنىي قاراشلىرى ھەققىدە ئېنسىكلوپېدىك مەلۇمات بەر-
گەندىن تاشقىرى، XI ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ
ئەڭ ياخشى نەمۇنىسىنى يارىتىش بىلەن بىللە، قەدىمكى
مىللىي ئەدەبىيات ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، شەرق
ۋە غەرب ئەدەبىياتىنىڭ مۇنەۋۋەر ئامىللىرىدىن پايدى-
لىنىپ، ئۇسلۇب ۋە ژانىر جەھەتتىن تامامەن يېڭى بىر
ئەدەبىي ئېقىم يارىتىپ ھەم شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇر
ئەدەبىياتىدىكى تۇنجى ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. ھەتتا
ئۆزىدىن كېيىن، ئەخمەت يەسەۋى، ئەخمەت يۈكنەكى
ۋە ناسىر رابغۇزى ئىجادىغا، شۇنداقلا ئەلشىر ناۋايى
ۋەكىللىكىدىكى «چاغاتاي ئەدەبىياتى» نامايەندىلىرىگە چوڭ

ئەسىر كۆرسەتتى.

پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار:

1) ئەبۇ نەسىر فارابى: «شېئىر سەنئىتى»، 1979-يىل، ئۆزبېكچە نەشرى.

2) فۇئاد كوپرولو: «تۈرك ئەدەبىياتى تارىخى»، 1980-يىل، ئىستانبۇل.

3) ئا. دىل ئاچار: «قۇتادغۇ بىلىك تەتقىقاتى»، 1972-يىل، ئەنقەرە.

4) گابايىن: «مانىتىرى – سىمىت ھەققىدە تەتقىقات» ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى.

5) ئا. ن. كونونوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» پوئېمىسى»، 1983-يىل، رۇسچە نەشرى، موسكۋا.

6) س. ن. ئىۋانوۋ: «يۈسۈپ بالاساغۇنىنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ى توغرىسىدا»، 1983-يىل، رۇسچە نەشرى، موسكۋا.

7) ئى. كافىسوغلۇ: «قۇتادغۇ بىلىك ۋە ئۇنىڭ مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى ئورنى» 1980-يىل، ئىستانبۇل.

8) ر. رەھمىتى ئارات: «قۇتادغۇ بىلىك» كە كىرىش»، 1979-يىل، ئەنقەرە.

9) غ. سەدىۋاقاسوۋ (تەھرىرلىكىدە): «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983-يىل، ئالمۇتا.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسى توغرىسىدا

## مەھمۇت يۇسۇپ

ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس «ئىجتىمائىي ئاڭنى ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەت بەلگىلەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن. «قۇتادغۇبىلىك» داستانىمۇ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنىڭ ئىنكاسى، قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ نەمۇنىسى، يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ قاراخانىلار خاندانلىقى جەمئىيىتىنى دانالىق بىلەن كۆزىتىشى، تەكشۈرۈشى، مۇلاھىزە قىلىشى، ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىشى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان ئۇلۇغ ئەسەر.

يولداش ماۋزېدۇڭ «زىددىيەت توغرىسىدا» دېگەن پەلسەپىۋى ئەسىرىدە؛ «مۇرەككەپ شەيئىلەرنىڭ تەرەققىيات جەريانىدا نۇرغۇن زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇلاردىن بىرى چوقۇم ئاساسىي زىددىيەت بولىدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭمۇ ئاساسىي ئىدىيىسى بار، بۇ ئاساسىي ئىدىيە نېمە؟

بۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنى،

ھەر قايسى سىنىپلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى ۋە ئۇستقۇرۇلـ
مىنى مۇلاھىزە قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم فېئوداللىق تۈزۈم ئىدى، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى — يەرگە فېئوداللار ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ياللانما دېھقانلار، ئىجارىكەشلەرنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش يولى بىلەن فېئوداللارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت.

قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدە دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا ۋە بىناكارلىق، ئىلىم - پەن خېلى تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ، ئىجتىمائىي تۈزۈم فېئوداللىق تۈزۈم بولغانلىقتىن، ھۆكۈمران سىنىپ بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش ۋە قىلىنىش مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت ئىدى. قاراخانىلار خاندانلىقى دەۋرىدىكى فېئوداللىق تۈزۈمنىڭ يەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش شەكلى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىل شەكىلدىن ئىبارەت ئىدى:

(1) ئوردا ئىگىدارچىلىقىدىكى خانلىق يەر؛

(2) مەسچىت، مەدرىس، مازارلار ئىگىدارچىلىقىدىكى ۋەخپە يەر؛

(3) فېئودال ئاق سۆڭەكلەر ئىگىدارچىلىقى؛

(4) كەمبەغەل دېھقانلار ۋە ئوتتۇرا دېھقانلار ئىگىدارچىلىقى؛

(5) ئىكتا ئىگىدارچىلىقى.

بۇ بەش خىل ئىگىدارچىلىق شەكلى ئىچىدە

1 -، 2 -، 3 - خىل ئىگىدارچىلىق شەكلىدىكى يەرلەر پۈتۈن خاندانلىق دائىرىسىدىكى يەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇ خىل يەرلەردە ئىشلىگەن دېھقانلار قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىناتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىسلام دىنىنى ئومۇملاشتۇرۇشى، خاندانلىقنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىشى ھەم شاھزادىلەرنىڭ تەخت تالىشىشى بىلەن ئۇزاق ۋاقىت ئۇرۇش بولغان. نەتىجىدە ئىگىلىك ۋەيران بولۇپ، خەلقنىڭ سېلىقى ئېغىرلاشقان. ئېغىر سېلىق ۋە ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە تۈپەيلىدىن خەلق تېخىمۇ گادايلاشقان.

ئۇلۇغ ئالىم بۇ خىل ھالەتنى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 85 - بابىدا تۆۋەندىكىچە پاش قىلىدۇ:

6457 ھالال بىتتى پۈتكۈل، ھارام غولدىدى،
ھارام يەر كۆڭلىنى قارا قاپلىدى.

6458 ھالالنىڭ ئېتىلا قالدى، ئۆزى يوق،
ھارام بولدى قاراقچى، تۈيغۇچى يوق.

6459 قېنى بۇ ھارامنى ھارام دېگۈچى،
ھارامنى قويۇپ بىر ھالال يېگۈچى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغ ئالىمى، خەلقپەرۋەرى بولغانلىقتىن، يۇقىرىدىكى زىددىيەتلەرنى ئۆتكۈر، ھەققانىي، تەپەككۇر كۆزى بىلەن كۆرەلىدى

ھەمدە بۇ خىل فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن ئۇنىڭ ئۇستقۇرۇلمىسى بولغان فېئودال پادىشاھلىق دۆلەت تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش يولىغا ماڭدى. شۇ دەۋردە ئۇنداق ئىسلاھات يولىغا مېڭىشمۇ باتۇرانە جۈرئەتنىڭ، فېئودال ئاق سۆڭەكلەرنى ۋە پادىشاھنى ئۇستىلىق بىلەن قايىل قىلالىغۇدەك ئەقىل - پاراسەتنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلاتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ دەۋرنىڭ خەلقپەرۋەرى، ئۇلۇغ ئالىمى بولغانلىقتىن، ئۇ باتۇرلارچە مەيدانغا چىقتى ھەم ئالىملىق پاراسەت بىلەن قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرىنى قايىل قىلالىدى. ئالىم ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن تۆت پېرسوناژنىڭ سۆھبىتىنى ئاساس قىلىپ، دراممىچىلىق ئۇسلۇبى بىلەن مەسنىۋى شېئىرى شەكىل ئارقىلىق بۇ چوڭ ھەجىملىك داستاننى يېزىپ چىقىپ، قاراخانىلار خاندانلىقى ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلىپ، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش ئارزۇسىنى بىلدۈردى.

دېمەك، بۇ ئۇلۇغ داستاننىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى پەند - نەسىھەتلا ئەمەس، بەلكى ئىسلاھات ئىدىيىسىدۇر، شۇڭا، بۇ ئۇلۇغ ئەسەر مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسلاھات لايىھىسى خاراكتېرىدىكى ئەسەر، ئالىم بولسا شۇ دەۋرنىڭ ئىلغار ئىسلاھاتچىسىدۇر. ئالىم ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھۆكۈمدارلارنى قايىل قىلىشتا دىداكتىكا ئۇسۇلىنى قوللانغان. دىداكتىكا ئالىمنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاساسىي مەقسىتى — ئىسلاھات ئارقىلىق خانلىقنى

مۇستەھكەملەشتۈر؛

ئىسلاھات ئۆزى ئىسلاھ قىلماقچى بولغان ئوبيېكت-نى ئاغدۇرۇپ تاشلىمايدۇ، مەلۇم ئىجتىمائىي تۈزۈم شارائىتىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھات شۇ ئىجتىمائىي تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاشنى مەقسەت قىلمايدۇ، مەلۇم ھالقىلارنى، مەلۇم تەرەپلەرنى يېڭىلايدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىن XI ئەسىردە ياشىغان ۋاڭ ئەنشىنى «جۇڭگونىڭ XI ئەسىردىكى ئىسلاھاتچىسى» دېگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن، مالىيە، ئىقتىساد، سىياسىي، ھەربىي جەھەتتىكى قاراشلىرى ۋاڭ ئەنشىنىڭ قاراشلىرى بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇلۇغ ئۇستاز لېنىننىڭ بۇ باھاسى ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپقىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. ئالىمنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى ئادالەتلىك قانۇن ئورنىتىپ، دۆلەتنى تۈزەش، ئىقتىسادىي جەھەتتە خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت. ئالىم بۇ مۇھىم نۇقتىنى كاپالەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، يەنە خادىملار قۇرۇلمىسىنى، ئىنتىزامنى، ئىستىلنى، مائارىپنى، ئارمىيىنى ۋە باشقىلارنى ئىسلاھ قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم ئۆزىنىڭ ئىسلاھات ئىدىيىسىنى داستاننىڭ 16 - بابىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

687 پۈتۈن كولا نەرسە يېقىمسىز بولۇر،
يېقىمسىز يۈكى، كۆر كۆڭۈلسىز كېلۇر.

688 يېگى نەرسە بولسا، كونا نە كېرەك،
سەرە نەرسە بولسا، يامان نە كېرەك.

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېگىدا بولۇر،
بۇ لەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

690 ئۇراقسىز دەپ ئېيتار بۇ قىلىقىم ئۈچۈن،
ماڭا ئەيىب قويۇرلەر شۇ ئاتىم ئۈچۈن.

ئۇلۇغ ئالىم بۇ مىسرالاردا ئىسلاھات ئارزۇسىنى ۋە ئىسلاھات ئىدىيىسىدىن يانمايدىغان جەسۇر ئىرادىسىنى ئىپادىلەش بىلەن جاھىل كۈچلەرنى ئادالەت ئوقىغا تۇتىدۇ ۋە ئىسلاھاتچىلار بىلەن ئىسلاھاتقا قارشى جاھىل كۈچلەر ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ مانا مۇشۇ يەردە، ئۇلۇغ شەخسلەرنىڭ ئۇلۇغلۇقى ئۇلارنىڭ تەبىئەتنى، جەمئىيەتنى ئۆزگەرتىش لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش يولىدا كۈرەش قىلغانلىقىدا. ياكى ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمدارلارنى قايىل قىلىپ، خەلقنى گادايلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلاھات يولىدا ماڭغانلىقىدا. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغلۇقىمۇ ئۇنىڭ قاراخانىلار جەمئىيىتىنى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى خاراكتېردىكى ئەسەرنى يېزىپ چىققانلىقىدا.

تۆۋەندە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى بولغان ئىسلاھات ئىدىيىسىنى شەرھلەپ ئۆتىمەن:

1. ئالىمنىڭ قانۇننى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرى

ئادالەتنىڭ ئاساسى — باراۋەرلىك، باراۋەرلىكنىڭ كاپالىتى — ئادالەتلىك قانۇن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز زامانىسىنىڭ ئادالەتچىسى، ئادالەتنىڭ كاپالىتى بولغان ئادالەتلىك قانۇننىڭ تەشۋىقاتچىسى ۋە ئادالەتسىز قانۇننى ئىسلاھ قىلغۇچى.

ئالىم بۇ داستاننىڭ 18 - بابىدا ئادالەتلىك قانۇن ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

817 كىرەك ئوغلۇم ئولسۇن، يەتەن توغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

818 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئادالەت مىسرالىرىدا قاراخانىلار خانىدانلىقى زېمىنىدىكى ئەمگەكچان خەلقنىڭ دۆلەتنىڭ ئۆلى ئىگىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «قانۇن ئالدىدا ھەممە باراۋەر» دېگەن ئادالەتنىڭ ھەققانىي ئۆلچىمىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مانا بۇ — ئۇستقۇرۇمىنىڭ جىنى ھېسابلىنىدىغان قانۇننى ئىسلاھ قىلىش لايىھىسى خاراكتېرىدىكى ئۇقتىئىنەزەر. ئىسلاھات ئالدى بىلەن ئىدېئولوگىيە جەھەتتە باشلىنىپ،

ئادىل رېئاللىشىدۇ. شۇڭا ئالىمنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزىرىنى ھېچبىر ئىمغاندا ئىدىيولوگىيە جەھەتتىكى ئىسلاھات دېيىشكە ھەقلىقمىز. XI ئەسىردە، بولۇپمۇ فېئودال پادىشاھلىق دەۋرىدە، بۇنداق ئادىل قانۇننى تەشەببۇس قىلىش نوقاي ئىش ئەمەس. ئادالەت توغرىسىدىكى بۇنداق ئۆتكۈر تەپەككۇر ۋە روشەن بايراق — شۇ زاماندىكى خەلقپەرۋەرلىكنىڭ يۈكسەك نەمۇنىسى، ئۇلۇغ جۇڭخوا ئىلمىزنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيە تارىخىدىكى نۇر چاقناپ تۇرغۇچى گۆھەر.

قانۇن ئادىل بولسىمۇ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئادىل بولمىسا، ئادالەتنى رېئاللاشتۇرغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 18 - بابىدا يۇقىرىقىدەك ئادىل قانۇننى ئورنىتىش ۋە يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتىكى خانلىقنىڭ خادىملىرىدا ساقلىنىۋاتقان يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، خانلىقنىڭ خادىملىرى قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىشنى ۋە ئادىل قانۇننى يۈرگۈزىدىغان خادىملاردا بولۇشقا تېگىشلىك شەرتلەرنى كۆرسىتىپ مۇنداق يازىدۇ:

848 ئۆزۈم خالىماسىنىڭ بىرى يالغان ئۇل،
ئۇنىڭدىن كېيىنكى زۇلۇم قىلغان ئۇل.

849 بىرى ئاچكۆز، تاماخور ۋە تويماس ئۆزى،
بىرى ئالدىراڭغۇ، ئۇياتسىز كۆزى.

850 هەر ئىشتا غەزەپكار، ئاچچىقى يامان،
ئول ئەگرى، ھاراققا بېرىلسە ھەر ئان.

851 بۇ ياڭلىغ كىشىلەر ياراماس ماڭا،
بۇنى ئېيتتىم ئەمدى ئۇچۇقلا ساڭا.

893 نە ياخشى نىزام قويدى بەگلەر بېگى،
يامانغا جازا بەردى زىندان تېگى.

894 ئەگەر ياخشى بولسا خەلق باشچىسى،
پۈتۈن ياخشى بولۇر ئۇنىڭ ئىشچىسى.

895 ئۆزى ياخشى بولسا بۇ بەگلەر ئەگەر،
بېسىپ ھەممە خەلقى، جاھان تۈزلەر.

مانا بۇ مىسرالاردا ئالىم قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى خادىملاردا مەۋجۇت يامان ئىللەتلەرنى پاش قىلىپ، خادىملار قۇرۇلمىسىنى ئىسلاھ قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ۋە خادىملار قۇرۇلمىسى ئىسلاھ قىلىنسا ئادىل قانۇن رېئاللىشىپ، جاھاننىڭ تۈزىلىدىغانلىقىنى ئىنتايىن ئېنىق كۆرسەتكەن. يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتىمىزكى، ئالىم ئالدى بىلەن قانۇننى ئىسلاھ قىلمىغاندا، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى ئىسلاھاتنى ئېلىپ بارغىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن، شۇڭا، قانۇننى ئىسلاھ قىلىشنى ئىقتىسادنى ئىسلاھ قىلىشنىڭ ئالدىغا قويغان.

## 2. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش توغرىسىدىكى بايانلىرى

تەقسىمات مەسىلىسى — ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. شۇنداقلا ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. ماركس «گوتا پروگراممىسىغا تەنقىد» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىستېمال ۋاستىلىرىنىڭ ھەر قانداق بىر خىل تەقسىماتى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ ئۆزىنىڭ تەقسىم قىلىنىشىنىڭ نەتىجىسىدىن ئىبارەت، ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنىڭ تەقسىم قىلىنىشى بولسا ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇللىرىنىڭ خاراكتېرىنى بەلگىلەيدۇ» دەپ كۆرسەتتى. ئالىم ياشىغان جەمئىيەت — مۈلۈككە فېئوداللار ئىگىدارچىلىق قىلىدىغان فېئوداللىق جەمئىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ تەقسىمات تۈزۈمى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىنىش ئاساسىدىكى تۈزۈم ئىدى. ئالىم قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى مۇنداق تەڭسىز تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلمىغاندا، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملىگىلى بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈپ يەتكەن.

قۇللۇق جەمئىيىتىدىن كاپىتالىزمغىچە بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ ھەممىسىدە مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىش — ئېزىش - ئېزىلىشنىڭ ئاساسىي سەۋەبى بولۇپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن، بۇ ئالدى بىلەن تەقسىمات تۈزۈمىدە ئىپادىلىنىپ كەلدى. شۇڭا يۇقىرىقى

ئىجتىمائىي تۈزۈملەردە يۈز بەرگەن ئېزىلىشكە قارشى
كۈرەشلەرنىڭ كۆپى ئالدى بىلەن تەقسىمات تۈزۈمىدىكى
تەڭسىزلىككە قارشى تۇرۇش بىلەن باشلاندى. ئىنسانى-
يەت تارىخىدا تا ھازىرغىچە ئىجتىمائىي تۈزۈم مەسى-
لىسىدە ئېلىپ بېرىلغان ئىسلاھاتلارنىڭ كۆپىدە، ئىسلا-
ھات تەقسىمات تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاندى،
مۇشۇنداق كۈرەش ۋە ئىسلاھاتلار خەلقنىڭ ھىمايىسىگە
ئېرىشتى ياكى غەلىبە قىلدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ
بۇ ھەقىقەتنى XI ئەسىردە تونۇپ يېتىپ، ئىقتىسادىي
ساھەدىكى ئىسلاھات پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، تەق-
سىمات مەسىلىسىنى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە سۈپىتىدە
ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

2960 تەنۇ - جان پىدالاپ ئىشلەيدۇ خادىم،
تىلەپ بەگ سۆيۈنچىن، قىلۇر قۇللۇق ھەم.

2965 شۇ خىزمەت ئۈچۈن بەگ ھەققىن بەرگۈلۈك،
بولۇپ مېھرىبان ھەم ئوبدان كۆرگۈلۈك.

2974 يارامىلىقىغىچە ئېھسانلار كېرەك،
بېجىرگەن ئىشقا تەڭ ھەق بەرمەك كېرەك.

بۇ مىسرالاردا «ئەمگىكىگە قاراپ ھەق بېرىش»
دېگەن ئىدىيە ناھايىتى روشەن ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.
ئالىم يەنە بۇ مىسرالاردا ئەمگىكىگە قاراپ ھەق
بېرىشنى يولغا قويسا، ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەش قىز-

غىنلىقى ئاشىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن:

2959 بۇ خىزمەت مۇشەققەت، قاتتىق ئىش ئېرۇر،
مۇنى بىلسە بەگ، ئىشچى غەيرەتلىنۇر.

دېمەك، ئالىم تەقسىمات تۈزۈمى ئىلغار بولسا، ئىشلىگەن چىشلىسە، ئىشلىگۈچىلەرنىڭ ئىشلەش قىزغىنلىقى ئۆرلەپ، ئىگىلىك راۋاجلىنىپ، ھاكىمىيەت مۇستەھكەملىنىدىغانلىقىنى ئېيتقان. بۇ خىل تەقسىمات تۈزۈمىنىڭ توغرىلىقىنى سوتسىيالىزمنىڭ تەقسىمات پرىنسىپى بولغان ئەمگىكىگە قاراپ تەقسىم قىلىش ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. دېمەك، ئالىمنىڭ تەقسىمات توغرىسىدىكى بۇ نۇقتىئىنەزىرى ئۆز زامانىسغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تەڭداشسىز ئىلغارلىقتۇر.

3. ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى ئىسلاھات بايانلىرى

بايلىق — ھاكىمىيەتنىڭ ئۇلى، تارىختىكى ئەزگۈچى سىنىپلار ھاكىمىيىتىنىڭ يىمىرىلىشى — خەلقنىڭ گادايلىقتىن قۇتۇلۇش كۈرىشىنىڭ نەتىجىسى. ئالىم ئىنسانىيەت تارىخى ئىسپاتلىغان بۇ ھەقىقەتنى بايقىيالىغان. ئالىم مۇشۇ ھەقىقەتكە ئاساسلىنىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى تەبىقىلەرنى تەھلىل قىلىپ، خەلقنىڭ سېلىقىنى ئازايتىپ، خەلقنى بېيىتىش، بولۇپمۇ بوقسۇل تەبىقىنى بېيىتىپ، ئەلنى تۈزەشنى مەقسەت

قىلغان ئىسلاھات لايىھىسىنى بايان قىلغان.
ئالىم «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ 72 - بابىدا مۇنداق يازىدۇ:

5560 بۇلار ئۈچ گۇرۇھتۇر، پەرق ئەتسەڭ بولۇر،
زۇلۇم قىلما، قىلساڭ پالاكەت كېلۇر.

5561 بۇ ئۈچىنىڭ بىرىكىم ئۇ بايلار ئېرۇر،
خەلقىنىڭ كۈچلۈكى شۇلار، ئەي جەسۇر.

5562 كېلىدۇ ئۇلاردىن سۇۋۇڭ ئورتا كىشى،
بۇلار قىلالمايدۇ ئۇ بايلار ئىشى.

5563 كېلۇر ئۇندىن كېيىن خەلق يوقسۇللىرى،
كۆزەتكىن ئۇلارنى سەن ئەڭ ئىلگىرى.

5564 يۈتكۈزمە بۇ بايلار يۈكىن ئورتىغا،
چۈشەر بۇلار بۇزۇلۇپ خاراب ھالىغا.

5565 پېقىرگە يۈتكۈزمە ئورتىلار يۈكىن،
ئۇلەر ئاچتىن، بۇ ھال قىرىپ يىلتىزىن.

5566 كۆزەتسەڭ پېقىرنى ئۇ ئورتا بولۇر،
بىر ئاز تىنسا ئورتا، ئۇ بايلىق تاپۇر.

5567 پېقىر ئورتا بولسا، بولۇر ئورتا باي،
باي ئۇلسا ئورتىلار، بۇ ئەل بېيىغاي.

5568 تۈزۈلۈپ بۇ ئەل، خەلقمۇ تاپقاي ھوزۇر،
ساڭا شۇ چاغدا كۆپ دۇئالار بولۇر.

بۇ مىسرالارنىڭ ئالدىنقى سەككىز مىسراسىدا، قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى پۇقرالارنى باي، ئوتتۇرا، يوقسۇلدىن ئىبارەت ئۈچ تەبىقىگە بۆلىدۇ، ماھىيەتتە قاراخانىلار خاندانلىقىدىكى پۇقرالارنى ئەزگۈچىلەر ۋە ئېزىلگۈچىلەردىن ئىبارەت سىنىپلارغا ئايرىيدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى تۆت مىسرادا سىنىپىي تەھلىل يۈرگۈزۈپ، ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ئېزىلگۈچى سىنىپلارنى ئېزىپ، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىپ ۋەيران قىلىۋاتقانلىقىنى سىلىق، لېكىن چوڭقۇر مەنىلىك تەنە بىلەن پاش قىلىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىككى مىسرادا بۇ سىنىپلارغا قارىتا قانداق سىياسەت بەلگىلەش لازىملىقىنى، يەنى ئەزگۈچىلەرنىڭ ئېزىلگۈچىلەرنى ئېزىشىگە يول قويماسلىقنى، ئېزىلگۈچىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداپ، ئۇلارنىڭمۇ بېيىشىغا شارائىت يارىتىپ بېرىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ئاخىرقى تۆت مىسرادا ئەگەر مۇشۇنداق سىياسەت قوللىنىلسا، خەلق بېيىپ، قاراخانىلار ئېلىنىڭ تۈزۈلىدىغانلىقىنى، خەلقنىڭ خاننى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئالىم XI ئەسىردە تەپەككۇر قىلالىغان ۋە ئېزىلگۈچى سىنىپلارنىڭ مەنپەئەتى مەيدانىدا تۇرالىغان. مانا بۇلار ئالىمنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئالىملا بولۇپ قالماي، بەلكى ئادالەتچى، خەلقپەرۋەر ۋە ئىلغار ئىسلاھاتچى ئىكەنلىكىنى ئىنكار

قىلىپ بولمايدىغان دەرىجىدە ئىسپاتلايدۇ.

4. ئىگىلىك باشقۇرۇش ۋە ئىگىلىك ھېساباتى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش توغرىسىدىكى بايانلىرى

ئۇلۇغ ئالىم بۇ جەھەتتىكى بايانىدا، ئالدى بىلەن خەزىنىنىڭ ماھىيىتى بولغان پۇل، ئالتۇن - كۈمۈشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي كاتېگورىيىنى بايان قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

2746 شېرىن جان ۋە لېكىن ئۇنىڭدىن شېرىن -
بۇ ئالتۇن - كۈمۈشتۇركى، جاندىن شېرىن.

2747 ئېچىلماس كۆڭۈلنى ئاچار بۇ كۈمۈش،
ئېگىلمەس كىشىنى ئېگەر بۇ كۈمۈش.

2749 كىشى كۆرسە ئالتۇن ئۆزى يۇمشىدى،
بېرىك سۆزلۈك ئەرنىڭ سۆزى يۇمشىدى.

ئۇلۇغ ئالىم بۇ مىسرالاردا فېئوداللىق جەمئىيەتتە ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ ۋىجداندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈم ئالدىدا قىلىچقا باش ئەگمەيدىغان باتۇرلارنىڭ، ئادالەت مەيدانىدا ئادىل سۆزلەيدىغان، سوراقخانىدا ئۆز رەقىبىگە قاتتىق - قاتتىق سۆزلەر بىلەن قارشى تۇرىدىغان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى ئالتۇن - كۈمۈش ئالدىدا سىمابتەك ئېرىپ كېتىدىغانلىقىنى يۇقىرى بەدىئىي ماھارەت بىلەن تەسۋىرلەپ، فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ رەزىللىكىنى پاش قىلىدۇ.

ئۇلۇغ ئۇستاز ماركس «كاپىتال» دا «ئالتۇن ئاجايىپ نەرسە، كىمنىڭ ئالتۇنى بولسا، ئۇ ئىزدىگەن نەرسىگە خوجىدۇر» دەپ كۆرسەتكەن. ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن سەككىز ئەسىر كېيىن ئۆتكەن XIX ئەسىرنىڭ ئاتاقلىق شائىرى شېكىسپىر «ئافىنالىق تىمۇن» دېگەن دراممىسىدا:

ئالتۇن! مېتال،
يالتىراق، قىممەت باھا، گۈزەل...
ئالتۇن بولسا ھەممە نەرسە راۋا.
قارىنى ئاق قىلۇر، ئاقنى قارا،
ئىپلاسنى گۈزەل قىلۇر، گۇناھنى ھەق ـ ئادالەت،
رەزىللەرنى كۆتۈرەر، قورقاقنى بېرەر جاسارەت.
كونىلىقنى يېڭىتەر، ياش چوكان قىلىپ كۆرسىتەر،
ھەممىسىگە مالامەت، زىننەت ـ لاتاپەت بېرەر...

دەپ ئاجايىپ بەدىئىي ماھارەت، ھەيرەت ۋە جاسارەت بىلەن كاپىتالىزمنى پاش قىلغان. يۇقىرىقى پۇل ـ ئالتۇن ـ كۈمۈش توغرىسىدىكى قاراشلارنىڭ ئالدىنقىسى XI ئەسىردە، كېيىنكىسى XIX ئەسىردە يېزىلغان. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرىمىزكى، ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىقتىساد ئىلمىنىڭ كاتېگورىيىسى بولغان ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇل توغرىسىدا خېلى مۇكەممەل نۇقتىئىنەزەرنى بايان قىلالىغان.

ئالىم ئالتۇن ـ كۈمۈش، پۇلنىڭ سېھىرلىك كۈچىنى پاش قىلغاندىن كېيىن، خەزىنىدارنىڭ شەرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

2750 تېپەر بەخت، كۆپەيسۇن دېسە مال ـ تاۋار،
كۆزى توق، پەيلى ئۈز بولسۇن خەزىندار.

بۇ مىسرالارمۇ ئىگىلىك باشقۇرغۇچى خادىملار قۇرۇلمىسى، ئىسلاھ قىلىش خاراكتېرىدىكى باياندۇر.

ئالىم يەنە خەزىنىنى ياخشى باشقۇرۇش ئۈچۈن، بوغالتىرىيە تۈزۈمىنى تۇرغۇزۇش ۋە ئۇنى سوكەممەللەشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىسلاھات لايىھىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمى مۇرەككەپ ئىقتىسادىي كاتېگورىيە بولۇپ، بوغالتىرىيە ئەنە شۇ ئىقتىسادىي ھېسابات تۈزۈمىنىڭ تەركىبىي قىسمى ۋە تەپسىلىي قوللىنىلىشىدۇر. بوغالتىرىيە تۈزۈمى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن كېلىپ چىققان ۋە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تەرەققىي قىلىشى بىلەن تەرەققىي قىلغان. رەسمىي بوغالتىرىيە تۈزۈمى جۇڭگودا مىلادىدىن ئاۋۋالقى XI – X ئەسىرلەردە قوللىنىلغان، لېكىن باشقۇرۇش بوغالتىرىيە نەزەرىيىسى مىلادى XV ئەسىردىن باشلاپ پەيدا بولغان. بۇ خىل باشقۇرۇش بوغالتىرىيىسى — ھېسابات، تەھلىل، نازارەت قىلىش ئارقىلىق ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت.

ئالىم داستاندا مۇنداق يازىدۇ:

2774 ھېسابچى كۆزەتسۇن كىرىش ھەم چىقىش،

بوغالتىرىيە تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ

بىرى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەردە يۈز بېرىدىغان كىرىم-
چىقىمنى ھېسابلاشتىن ئىبارەت بولۇپ، يىل ئاخىرلاش-
قاندا بوغالتىر كىرىم - چىقىمنى بوغدۇ. ئالىم مانا مۇ-
شۇنداق ئىگىلىك باشقۇرۇشتىكى بوغالتىرىيە تۈزۈمىنىڭ
ئاساسىي ۋەزىپىسىنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئالىم يەنە بوغالتىرىيە تۈزۈمىنىڭ ھېسابات قى-
لىشتىكى ئىنتايىن نازۇك نۇقتىلىرىنىمۇ كۆرسىتىپ:

2775 يىل، ئاي، كۈن يېزىلسا ۋاقىت ھەم ئېنىق،
بىلىنگەي رەقەم - سان ئايرىم ۋە ئۇچۇق.

دەپ يازىدۇ.

بوغالتىرىيىلىك ھېساباتتا، ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنى
ئەكس ئەتتۈرگۈچى باشلانغۇچ ھېساب ئاساسلىرى ئاي
بىرلىك قىلىنىپ، كۈنلەر تەرتىپ قاتارى بويىچە خا-
تىرىلىنىپ، يىل ئاخىرىدا بوغۇلدۇ. شۇڭا، بوغالتىر-
يىلىك ھېساباتتا ۋاقىت مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم.
چۈنكى، ھېساباتتىكى مەزمۇن ۋە سان ھېساباتنىڭ ئاسا-
سى بولسا، ۋاقىت ھېساباتنىڭ ئىسپاتلىغۇچىسىدۇر.

ئالىم يەنە باشقۇرۇش بوغالتىرىيىسىگە ئائىت مەز-
مۇنلارنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم داستاندا مۇنداق
يازىدۇ:

2774 يېزىپ ھەم كۆزەتسۇن پۈتۈن تۈرلۈك ئىش.

بۇ مىسرادىكى «يېزىپ» دېگىنى ھېساباتنى يې-
زىشقا، خاتىرىلەشكە قارىتىلغان؛ «كۆزەتسۇن پۈتۈن
تۈرلۈك ئىش» دېگىنى — تەھلىل قىلىش، نازارەت

قىلىش، دېگەنلىكتۇر. دېمەك، ئالىم باشقۇرۇش بوغالتىرىيىسىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى XI ئەسىردە ئوتتۇرىغا قويغان. ئالىم قاراخانىيلار خاندانلىقىدا بوغالتىرىيە تۈزۈمىدە مەسىلە بارلىقىنى بايقاپ، يۇقىرىقىدەك ئىسلاھ قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئالىم يۇقىرىقىدەك ئىسلاھات تەكلىپلىرىنى «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ بولۇپ ئاندىن ئوتتۇرىغا قويغان بولماستىن، داستان يېزىلىپ بولۇشتىن بۇرۇنمۇ نەچچە نۆۋەت ئوتتۇرىغا قويغان، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەنە شۇنداق ئىسلاھات تەكلىپلىرىنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارلىرى قوبۇل قىلىپ، قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ قانۇن ۋە ئىگىلىكىدە بىر قاتار ئىسلاھاتلار ئېلىپ بارغان، دەپ قارايمەن. بۇنىڭ پاكىتى سۈپىتىدە، داستاننىڭ 38- بابىدىكى مۇنۇ مىسرالارنى كۆرسىتىمەن:

3093 تۈزەپ كۆڭلىنى ئېلىك شۇندىن بويان،
يۇرۇتتى ئەلگە ياخشى قانۇن ھامان.

3104 بېيىپ ئەل، ئاسايىش بىلەن تىنچ ياتۇر،
شەھەر - كەنت بېزەندى كۆڭۈل شادلىنۇر.

3107 قانۇن — سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت، بەلا،
ئېقىتتىڭ سۇزۇك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

بۇ مىسرالاردىن ئالىمنىڭ ئىسلاھات تەكلىپى بى-

لەن قاراخانىلار خاندانلىقىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىپ ئىگىلىكنىڭ قايتا راۋاجلىنىپ، قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ قايتا مۇستەھكەملىنىشكە قاراپ يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ئالىم قانداق قىلىپ يۇقىرىقىدەك ئىلغار ئىدىيىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالىدى؟ مېنىڭچە، ئالىمنىڭ بۇ ئىلغار ئىدىيىلىرى باشقا ئەللەر ئالىملىرى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلغار ئىدىيىلەرنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس.

ئېنگېلس «دىيورىڭغا قارشى» دېگەن ئەسىرىدە: «ھازىرقى سوتسىيالىزم ئۆزىنىڭ مەزمۇنى جەھەتتىن ئەڭ ئاۋۋال كۆزىتىش نەتىجىسىدۇر» ① دەپ كۆرسىتىدۇ. كۆرىمىزكى، ماركس، ئېنگېلسلەر ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي سوتسىيالىزم تۈزۈمى تېخى ئەمەلگە ئاشمىغان شارائىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ، ماركس بىلەن ئېنگېلسنىڭ كاپىتالىزم جەمئىيىتىنى داھىيانە كۆزىتىشىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ، بىلىش دىئالېكتىكىسىنىڭ ھەقىقىتىدۇر.

بۇنىڭدىن شۇنداق نەتىجە چىقىرىمىزكى، ئوخشاش مەزمۇندىكى بىر مۇنچە ئىلغار ئىدىيىلەر بىر نەچچە ئالىم تەرىپىدىن بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى تامامەن مۇمكىن. مۇنداق ئوخشاشلىقلارنى، ئىلغار ئىدىيىلەرنى بۇ ئالىملار بىر - بىرىدىن كۆچۈرۈپ ئالغان دېيىش بىلىش دىئالېكتىكىسىغا ئۇيغۇن ئەمەس. چۈنكى،

---

① «دىيورىڭغا قارشى» 1957 - يىل، ئۆزبېكچە، تاشكەنت نەشرى، 22 - بەت.

بىر نەچچە ئالىم ئۆزلىرى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى كۆزىتىش ئارقىلىق، ئوخشاش مەزمۇندىكى ئۇلۇغ ئىدىيىلەرنى، لايىھىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا ئوتتۇرىغا قويۇشى تامامەن مۇمكىن. شۇڭا، ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تە ئوتتۇرىغا قويغان ئۇلۇغ ئىدىيىلىرى باشقا ئالىملار ئىدىيىسىنىڭ كۆچۈرمىسى ئەمەس، بەلكى قاراخانىلار جەمئىيىتىنى ئالىملىق تەپەككۇرى بىلەن كۆزەتكەنلىكىنىڭ نەتىجىسى.

يۇقىرىقى نۇقتىئىنەزەرلەردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىمىزكى، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئاساسىي ئىدىيىسى قانۇننى ئادالەتلەشتۈرۈپ دۆلەتنى تۈزەش، خەلقنى بېيىتىپ، خاندانلىقنى مۇستەھكەملەشتىن ئىبارەت ئىسلاھات ئىدىيىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇلۇغ ئالىم بولۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇلۇغ ئىسلاھاتچىدۇر. شۇڭا، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى زامانىمىز ئۈچۈنمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە دەستۇردۇر.

ئەمدى مۇلاھىزىلىرىمنى ئاخىرلاشتۇرىمەن:

ئەي بوۋا — ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ! سىزنىڭ ئارزۇ ئارمانلىرىڭىز بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە ئەمەلگە ئاشتى، روھىڭىز خۇشال بولۇۋاتقاندۇر؟! قەبرىڭىزدە تىنچ يېتىڭ، سىزنىڭ نەۋرە - چەۋرىلىرىڭىز — توق - پاراۋان ئۇيغۇر خەلقى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، سىزنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىڭىزنى يەنىمۇ تەلتۆكۈس ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلماقتىمىز.

# «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئورتاق ئەدەبىي مىراس مەسىلىسى

ئىمىنجان ئەخمىدى

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئەڭ بۇرۇن مەلۇم بولغان نۇسخىسى — ھىرات نۇسخىسىنىڭ 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا، كېيىن ۋېينا ئوردا كۇتۇپخانىسىغا كەلتۈرۈلگەنلىكىگە ۋە 1823 - يىلى فرانسوز شەرقشۇناسى ژائوبېرت ئامېدى تەرىپىدىن دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئېلان قىلىنغانلىقىغا ھازىر بىر يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتتى. 1896 - يىلى قاھىرە نۇسخىسىنىڭ، 1914 - يىلى پەرغانە نۇسخىسىنىڭ ئاشكارىلىنىشى، مەزكۇر ئەسەرنىڭ تولۇق نۇسخىسىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە، جۈملىدىن «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قانات يېيىشىگە ئاساس سالدى.

بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا كىشىنى خۇشال قىلغۇدەك نەتىجىلەر بارلىققا كەلدى. لېكىن، بۇ تەتقىقاتلار ئاساسەن دېگۈدەك چەت ئەللەردە ئېلىپ بېرىلدى.

پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى

فەمخورلۇق قىلىشى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە ئۇنىڭ قارمىقىدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى شۆبىسىنىڭ تىرىشچانلىق كۆرسە-تىشى ئارقىسىدا، 1984 - يىلى بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى نەشر قىلىنغان-دىن كېيىن، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى ئاندىن ئۆز ۋەتىنىدە يېڭى يۈكسىلىش دەۋرىگە قەدەم قويدى.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئالاھىدە بەدىئىي ماھارەت بىلەن يېزىلغان، ئۆز دەۋرىگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە تىپىك داستان ئىكەنلىكىدە شەك يوق. جۈملىدىن ئۇ، شېئىرىي دراماتىك شەكىلدە يارىتىلغان، تۈركىي تىللىق خەلقلەر ئەدەبىياتىنىڭ يېڭى تارىخىي گۈللىنىش باسقۇ-چىغا قەدەم قويغان دەۋرىدىكى دەۋر بۆلگۈچ ئەسەر بولۇش بىلەن خاراكتېرلىكتۇر.

ئابدۇكېرىم راخماننىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1985 - يىل 1 - سانىغا بېسىلغان «قۇتادغۇ بىلىك، داستانى-نىڭ مەزمۇن خاراكتېرى ۋە ئەنئەنىۋى خۇسۇسىيەتلىرى» ناملىق ماقالىسىدە «دۇنيا بەدىئىي ئەدەبىيات تارىخى-دا گۇمانىزم غايىسىنىڭ تۇنجى ساداسىنى ياڭراتقان بۇ ئەسەرنىڭ ‹ئادالەتلىك شاھ، ئوبرازىنى مۇۋەپپەقى-يەتلىك يارىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئىزچىللىققا ئىگە بولغان ‹ئادالەتلىك شاھ، تىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى تېمىنى تېخىمۇ تاكامۇللاشقان مۇئەييەن بىر ئىدىيىۋى سىستېمىغا ئايلاندۇرۇپ، ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىيات زې-مىنىدا يىلتىز تارتقۇزغان» لىقى ئېيتىلغان. شۇنى ئېي-

تىش كېرەككى، بۇ يەردە ئاپتورنىڭ «ئىسلامىيەت قو-
بۇلىدىن كېيىن، قەدىمكى ساپ ئۇيغۇرچە نام - ئىسىم-
لارنىڭ ئەرەبلىشىش دولقۇنى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۇ دەۋر-
دە، شەرقتىكى تۇنجى مۇسۇلمان پادىشاھلىقى — قارا-
خانىلارنىڭ خاس ھاجىپى ۋە ئۆلىماسى بولغان بىر زات-
نىڭ ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەنئەنىگە ئايلانغان ساپ
ئۇيغۇرچە نام - ئىسىملارنى «قۇتادغۇبىلىك» تىكى
ئاساسىي پېرسوناژلارغا تارتۇق قىلىشى بىر مىللەتنىڭ
ئەدەبىيات ئەنئەنىسىدە بەلگىلىك ئىجابىي ئەھمىيەتكە
ئىگە بولۇپ، ئەلۋەتتە دىققەت - ئېتىبارنى قوزغاشقا
تېگىشلىك مەسىلىلەرنىڭ بىرى» دېگەن سۆزلىرى نا-
ھايىتى ئورۇنلۇق بولۇپ، ئۇ، «قۇتادغۇبىلىك»نى «تۈرك
مۇسۇلمانلىرى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش با-
قۇچى» نىڭ مەھسۇلى① دەپ قارىغۇچىلارغا بېرىلگەن
ئوبدان جاۋابتۇر. چۈنكى، «قۇتادغۇبىلىك» — «يېڭىدىن
ئايىغى چىقىپ، تايتاڭلاپ مېڭىۋاتقان بىر مەدەنىيەت-
نىڭ ئەمەس، بەلكى قەدىمىي ۋە يۈكسەك بىر مىللىي
مەدەنىيەتنىڭ بىۋاستە مەھسۇلى»②. ئوتتۇرا ئەسىردە
شەرقتە مەيدانغا كەلگەن ئەدەبىي ئويغىنىش دەۋرىنىڭ

① بۇتىنىيەنتەڭ (ياپونىيىلىك): «ئەرەبىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1985- يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 170 - بەت.

② يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇرچە نەزمىي بە-ىيىنىڭ «مۇقەددىمە» سى، 15 — 16 - بەتلەر، مىللەتلەر نەشرىياتى 1984 - يىل نەشرى.

ئەڭ روشەن، تىپىك نامايەندىسى بولۇشى بىلەن گەۋ-
دىلىنىدۇ.
ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ئەھمىيىتى بىلەن جاھان
مىقياسىدا تونۇلغان بۇ مەشھۇر ئەسەرنى تۈركىي تىل-
لىق خەلقلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەدەبىيات تارىخىدا ئوخشاشمى-
غان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كەلدى. بۇ خىل
ئەكس ئەتتۈرۈشلەر «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەنە شۇ خەلق-
لەرنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى تارىخىدىكى مۇئەي-
يەن ئورنىنى مۇۋاپىق كۆرسىتىپ بېرىش ئاساسىدىمۇ،
شۇنىڭدەك «ئورتاق ئەدەبىي مىراس» مەيدانىدا تۇرۇپ
ۋارىسلىق قىلىش ئاساسىدىمۇ بولدى.
بىز «ئورتاق ئەدەبىي مىراس» دېگەن بۇ ئۇقۇم-
نى ئىنكار قىلماقچى ئەمەسمىز. ئىنسانلار ئۇرۇق - جا-
مائە، قەبىلىداشلىق تۈزۈمدە ياشاۋاتقان مەزگىللەردە،
ئىقتىسادىي تۇرمۇش، تىل ۋە ئولتۇراقلاشقان زېمىننىڭ
ئورتاقلىقىدىن پەيدا بولغان ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئور-
تاق ئەدەبىي مىراس سۈپىتىدە قارىلىدىغانلىقى ئېنىق.
ھالبۇكى، ئۇيغۇرلار ئاللىقاچان ئۇرۇق - جامائە تۈزۈ-
مىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئېنىق مىللەت تۈسىگە ئىگە بول-
غان بىر ئىجتىمائىي ئورتاق گەۋدىنى شەكىللەندۈرۈپ
(گەرچە بۇ ئورتاق گەۋدە ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە
قاراخانىلار سۇلالىسىدىن ئىبارەت ئىككى پاراللېل فېئو-
دال خانلىق تۈپەيلىدىن ئىككى بۆلەككە ئايرىلىپ تۇر-
غان بولسىمۇ)، ئۆز مىللىي ئەدەبىي تىلىنىڭ ئوتتۇرا
ئەسىردىكى ئۇچۇق ۋە خاراكتېرلىك بولغان ئىككىنچى

تەرەققىيات باسقۇچى — «خاقانىيە تىلى» (بۇغراخان تىلى دەپمۇ ئاتالغان) ئاساسىدا، ئۆزىگە خاس مىللىي ئەدەبىياتنىڭ يېڭى گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويغان مەزگىلدە بارلىققا كەلتۈرگەن «قۇتادغۇ بىلىك» كە ئوخشاش ئەدەبىي مىراسلارنى ئەنە شۇ دەۋر ئىجتىمائىي تارىخىي رېئاللىقىدىن چەتنىگەن ھالدا «ئورتاق ئەدەبىي مىراس» كاتېگورىيىسىگە ئېلىپ كىرىشكە قوشۇلالمايمىز.

ستالىن: «مىللەت دېگەن ھەممىدىن بۇرۇن ئومۇملۇق، ئادەملەرنىڭ مەلۇم ئومۇملۇقىدۇر»، «مىللەت دېگەن ئادەملەرنىڭ ئىرق ۋە قەبىلىۋى بىرلىكى ئەمەس، بەلكى تارىخىي يوسۇندا قۇرۇلغان ئومۇملىقىدۇر» ① دېگەن ئىدى. تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئۇرۇق - قەبىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئەجدادىنىڭ نامى بىلەن «تۈرك» دەپ ئاتىغانلىقى، تارىخنامىلەردە ئۇلارنىڭ «تۈرك مىللىتى» دەپ يېزىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئەينى دەۋردە بىرلىككە كەلگەن بىر پۈتۈن مىللەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەرمەيدۇ. ئۇ، پەقەتلا ئېتنىك كېلىپ چىقىش، تىل جەھەتتىن مەلۇم قېرىنداشلىق، ئورتاقلىققا ئىگە بولغان بىر قىسىم قەبىلە، ئۇرۇقلار ئارىسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل ئومۇملاشقان خەلق چۈشەنچىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەنە ئۇرۇق، قەبىلە ۋە قەبىلىلەر ئىتتىپاقلىرى

---

① ستالىن: «ماركسىزم ۋە مىللىي مۇستەملىكە مەسىلىسى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1957 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 62 - بەت.

ئاساسىدا بارلىققا كەلگەن خاس ئىسىملىرى ۋە ئوخشاش-
مىغان دەرىجىدە پەرقلىنىدىغان ئايرىم تىللىرىمۇ بار
ئىدى. مانا مۇشۇ ئورۇق-قەبىلىلەر ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي
تەرەققىياتى داۋامىدا بۆلۈنۈش، پارچىلىنىش ۋە قوشۇ-
لۇش، ئۇيۇشۇشتەك بىر قاتار جەريانلارنى ئۆز بېشىدىن
كەچۈرۈپ، ئادەملەرنىڭ مەلۇم ئومۇملۇقى بولغان مىل-
لەتلەرنى شەكىللەندۈردى. مىللەتلەرنىڭ تەرەققىيات
جەريانى ھامان مىللەتلەرنىڭ قوشۇلۇش جەريانى بو-
لۇپ كەلدى. بىر مىللەتنىڭ نوپۇسى قانچە كۆپ بولسا،
ئۇنىڭغا قوشۇلۇش دائىرىسىمۇ شۇنچە كەڭ بولىدۇ. بىر
مىللەت ھەرگىز يالغۇز بىر-ئىككى ئەجدادتىن ياكى
مەلۇم ئورۇق-قەبىلىنىڭ كۆپىيىشىدىن شەكىللەنگەن
ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئادەملەر ئومۇملىقىنىڭ
قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن. ھەر قانداق مىللەت يەك-
كە ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋە تەرەققىي قىلغان
ئەمەس، ئۆز ئەتراپىدىكى مىللەتلەر بىلەن بولغان
يېقىن مۇناسىۋەتلەر ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ، تەرەققىي
قىلىپ كەلگەن. «ئۇيغۇرلار نوپۇسى كۆپ، ئىقتىساد،
مەدەنىيەت جەھەتتە يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان
بىر مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش جەريانىدا، ئۇنىڭغا
دەسلەپ شىمالىي دالادىكى باشقا كۆچمەن مىللەتلەر
قوشۇلغان. كېيىنچە، تەڭرى تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىدى-
كى ۋە كۇئېنلۇننىڭ شىمالىي ئېتىكىدىكى ئىككىنچى مىل-
لەتلەر قوشۇلغان». «شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈر-
كى، ئۇيغۇرلارنىڭ مۇھىم ئېتنىك مەنبەسى يالغۇز دىڭ-

لىك، تۇرا، ئۇيغۇرلاردىنلا ئىبارەت بولماستىن، يەنە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن سىڭدۈرۈپ كېتىلگەن، ئەسلىدىن جەنۇبىي شىنجاڭدا ئولتۇرۇشلۇق بولغان ئىككىنچى مىللەتلەرمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ»①. يولداش گوباۋنىڭ بۇ يەردە تەشەببۇس قىلىۋاتقىنى — ئېتنىك مەنبە بىلەن مىللەتنىڭ شەكىللىنىش جەريانىنى ئىزچىل بىرلەشتۈرۈپ قارايدىغان تارىخىي ماتېرىيالىزملىق ئۇسۇل.

«ئۇيغۇر» دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ ھەم بىر قەبىلىنىڭ، ھەم قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ نامى ئىكەنلىكى كىشىلەرگە ئايان. مىلادىيىدىن ئاۋۋالقى III ئەسىرلەردىلا ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرغان. جۇڭگو تارىخنامىلىرىدا ئۇيغۇرلار ئەنە شۇ دەۋردىن باشلاپلا «تۇغلۇقلار» (دىڭلىڭلار) دېگەن نام بىلەن كۆزگە چېلىقىدۇ. مىلادى III ئەسىردىن كېيىن بۇ نام «ئېگىز ھارۋىلىقلار» (تېلېلار، تۇرالار) دەپ ئاتالدى (ئەلۋەتتە، بۇ خىل ئاتىلىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادىنى تەشكىل قىلغان ئۇرۇقلار ئىسمىنىڭ ئاھاڭ ياكى مەنە جەھەتتىكى تەرجىمىسى ئاساسىدا مەيدانغا كەلگەن، بۇنى يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ). ئورخۇن ئابىدىلىرىدە «ئۇيغۇر» نامى بىلەن ئەلل دەسلەپ قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنى قۇرۇپ بىر باشلانغۇچ

① گوباۋ: «شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا بەزى ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئۇيغۇرچە ژۇرنال)، 1985 - يىل 6 - سان 43 - بەت.

مىللەت ئاساسىنى — بىر خەلق ئومۇملۇقىنى تەشكىل قىلغان بۇ خەلق ئۆز ئىسمى بىلەن «ئۇيغۇر» دەپ تىلغا ئېلىنىدۇ.

ئادەتتە، بىر خەلقنىڭ تارىخى ئۇنىڭ نامىدىن خېلى بۇرۇن باشلىنىدۇ. ئۇيغۇرلار «ئۇيغۇر» نامى بىلەن تونۇلغۇچە بولغان ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەر داۋامىدا، نۇرغۇن قېتىم پارچىلىنىش، ئۇيۇشۇش جەريانىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ «ئۇيغۇر» دېگەن نامى مۇقىم ساقلىنىپ ۋە تونۇلۇپ كەلدى. چۈنكى، «ئېلىمىزنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان «ئۇيغۇر-لارنىڭ مەدەنىيىتى مىلادى ٧ ئەسىردىلا خېلى يۇقى-رى دەرىجىگە يەتكەن ئىدى»①. «ئۇيغۇر» دېگەن بۇ نامنىڭ ئۇلار قەبىلە، قەبىلىلەر ئىتتىپاقى، «توققۇز ئوغۇزلار» نى تەشكىل قىلغان گۇرۇپپىلىنىشلار داۋامىدا ئىزچىل تونۇلۇپ كېلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبمۇ ئۇلار-نىڭ باشتىلا بىر مۇستەھكەم بىرلىكنى، ئۆزىگە خاس بىرلىككە كەلگەن مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى-دىن بولسا كېرەك.

بىز دىققىتىمىزنى ئورخۇن ئابىدىلىرىگە قايتىدىن ئاغدۇرغىنىمىزدا، «تۈرك» دېگەن بۇ بىر قەدەر كەڭ مەنىدىكى خەلق چۈشەنچىسى بىلەن، شۇ خەلق تەركى-بىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئايرىپ چۈشەندۈرۈشلەرنىڭ ئەينى

---

① بارتولد، «يەتتەسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، ١٩٨٤ - يىل ٢ — ٣ - قوشما سان ٥٠ - بەت.

دەۋر رېئاللىقىغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئابىدىلەردە «توققۇز ئوغۇزلار» تەركىبىدىكى خەلق ۋە قەبىلىلەر (ئۇيغۇرلارنىڭ «توققۇز ئوغۇزلار» نى تەشكىل قىلغان ئاساسىي خەلق ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان) نىڭ ھەممىسى سىر تاردۇش قەبىلىلىرى بىلەن بىرلىكتە «تۈرك» نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

بىرلىككە كەلگەن تۈرك خاقانلىقىدا ئۇيغۇرلار ئاساسىي كۈچ ئىدى. «بۇ جەھەتتە تارىختا، تۈرك دۆلىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، شەرق ۋە غەرب تەرەپلەرگە كېڭەيمىچىلىك قىلغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ كۈچىدىن پايدىلاندى، دېيىلگەن» ①. ئورخۇن ئابىدىلىرىدىكى «توققۇز ئوغۇزلار ئەسلىدە ئۆز خەلقىم ئىدى» (كۆل تېگىن ئابىدىسى)، «تەڭرىدىن بولغان ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ... ئون ئۇيغۇر، توققۇز ئوغۇز ئۈستىدە 100 يىل ئولتۇرۇپ» (بايانچۇر ئابىدىسى) دېگەن قۇرلار ئاۋۋالقى خاقانلىقنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى كۆرسىتىپ بەرسە، يۇقىرىدىكى ئابىدىدىكى «توققۇز ئوغۇز خەلقىمنى يېغىپ ئالدىم» دېگەن قۇرلار 744 - يىلى قۇرۇلغان خاقانلىقنىڭ «توققۇز ئوغۇزلار» (ئاساسلىقى ئۇيغۇرلار) تەرىپىدىن قۇرۇلغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ كېيىنكى گۇرۇپپىلىنىشلىرى نەتىجىسىدە، «توققۇز ئوغۇزلار» ئاساسەن

---

① سۇبىخەي: «ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدا يېڭى مۇلاھىزە». «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال)، 1985 - يىل 11 - سان 12- بەت.

ئۇيغۇرلارنى كۆرسىتىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ شەرق تۈرك خاقانلىقى تارىختا «ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى» دېگەن نام بىلەن تونۇلدى.

982 — 983 - يىللىرى نامەلۇم ئاپتور تەرىپىدىن يېزىلىپ، بىزگىچە يېتىپ كەلگەن قىممەتلىك تارىخىي مىراس — «ھۇدۇدۇلئالەم» بىزگە «ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى» قۇرۇلغان دەۋردىكى ۋە كېيىنكى مەزگىلدىكى تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ جايلىشىش ئەھۋالى ھەققىدە قىممەتلىك مەلۇماتلارنى بېرىدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» دىكى مەلۇماتلاردا، توققۇز ئوغۇزلار «شەرقتە جۇڭگوغا قوشنا بولغان، جەنۇبتا تۈبۈتلارنىڭ بىر قىسىم رايونى ۋە قارلۇقلار بىلەن چېگرىداش بولغان، غەربتىكى چېگرىسى قىرغىزلارنىڭ بىر قىسىم رايونىغىچە يەتكەن، شىمالدا قىرغىزلارغا قوشنا بولغان»، «بۇ دۆلەت (قوچۇنى كۆرسىتىدۇ — ت) تۈركىي قەبىلىلەر دۆلەتلىرى ئىچىدە ئەڭ چوڭ دۆلەت»، «باشتىنلا ئادەم سانى ئەڭ كۆپ قەبىلە ئىدى» دەپ يېزىلغان. «ھودۇدۇلئالەم»دىكى خاتىرىلەرگە ئاساسلانغاندا، «توققۇز ئوغۇزلار» نىڭ يەنە ئاستىن ئاتۇشتا (XIII باب 3 - پاراگراف)، خوتەندىن قەشقەرگىچە بولغان يول ياقىسىدىكى جايلاردىمۇ (XI باب 10 -، 20 - پاراگرافلار) ئولتۇراقلاشقانلىقى، غەرب تەرەپتە ئۇلارنىڭ چېگرىسى ئىسسىق كۆل ئەتراپىدا ئىكەنلىكى (V باب 8 - پاراگراف)، ئۇلارنىڭ بەزى كەنت - بازارلىرىنىڭ ئىلى دەرياسى ۋادىسىدا ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىڭ تەڭرىتاغلىرىنىڭ

ئوتتۇرا قىسمىدا، تارىم ئويمانلىقىنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا ماكانلاشقانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

ئاكادېمىك بارتولد ئۆزىنىڭ «يەتتىسۇ تارىخىنىڭ ئوچېركى» ناملىق ئەسىرىدە، قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان خەلق ئۈستىدە توختىلىپ: «بۇ خەلقنى ياغما خەلقى دەپ پەرەز قىلىشقا ئاساس بار. ياغمىلارنىڭ پادىشاھى بۇغراخان ئۇنۋانىدا بولغان» دەيدۇ. «ھۇدۇدۇلئالەم» دە، ياغمىلارنىڭ «توققۇز ئوغۇزلار»نىڭ بىر قەۋمى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىكى خاتىرىلەردە ياغمىلارنىڭ بۇگۈنكى شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى، يەنى تەڭرىتاغلىرى ئوتتۇرا قىسمىنىڭ جەنۇبىدىن قەشقەرگىچە بولغان رايونلار (توشقان دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم رايونلار بۇنىڭ سىرتىدا) ۋە نارىن دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى بىر قىسىم جايلارغا تارقالغانلىقى بايان قىلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ جايلىنىش «ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى» يىمىرىلگەندىن كېيىنكى دەۋرگە تەئەللۇق بولۇپ، ياغمىلارنىڭ ئەسلى يۇرتى بولغان تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، توشقان دەرياسىنىڭ شىمالى ۋە ئىلى دەريا بويلىرى (بۇ ھەقتە مەھمۇت قەشقەرىنىڭ دىۋانىدىمۇ ئېنىق مەلۇماتلار بار) ياغمىلارنىڭ غەربكە سۈرۈلۈشى (ئېلىمىزنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بۇ «قارلۇقلارغا كېتىش» دەپ ئاتالغان) بىلەن، بولۇپمۇ 840 - يىلدىن كېيىنكى كۆچۈشلەردە بۇ زېمىن باشقا ئۇيغۇر ئۇرۇقلىرى (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى) تەرىپىدىن ئىگىلەپ ئېلىنغان،

قاراخانىيلار دەۋرىدە بۇ زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا بۇدداچى ئۇيغۇرلارغا قارشى نۇرغۇن جەڭلەر ئېلىپ بېرىلغان. بۇ جەڭلەر ئەكس ئەتتۈرۈلگەن قوشاقلارنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن خېلى كۆپ ئۇچرىتىش مۇمكىن.

«غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇنىڭدىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن ئۈچ هاكىمىيەت گەرچە ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىك بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئىككى تارىخىي ۋەقەنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە ياكى ئوخشاش بىر ئورۇنغا قويۇپ مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇ، ئۇيغۇرلارنىڭ «ئۈچ تارماق»قا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچكەنلىكىنىڭ بىۋاسىتە نەتىجىسىدە مەيدانغا كەلگەن ئەمەس. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۈچ هاكىمىيىتىنىڭ مەيدانغا كېلىشىدىكى سەۋەبلەر خېلى مۇرەككەپ. بىرىنچىدىن، بۇ يەردە «قوچو ئۇيغۇر ئىدىقۇتى»نىڭ مەيدانغا كېلىشىدە، قوچوغا كەلگەن «قالدۇق بىر قىسىم» ئۇيغۇرلارنىڭ ئەسلىدە شۇ رايوندا ئولتۇرۇشلۇق ئۇيغۇرلار ۋە تۇرالار بىلەن قوشۇلغانلىق مەسىلىسى، ئەسلىدە تەڭرىتېغىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالىدا ئولتۇرۇشلۇق تۇرالار ۋە ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلغانلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. ئەڭ مۇهىمى، يەنە «قارلۇقلارغا كەتكەن، ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلغانلىق مەسىلىسى مەۋجۇت»①. 840 - يىلى تەڭرىتاغلىرىنىڭ

① گۇ باۋ: «يەنە [illegible] ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىگە دائىر بىر قانچە مەسىلە توغرىسىدا»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» (ئىچكى ژۇرنال) 1985 - يىل 12 - سان 4 - بەت.

جەنۇبىي ۋە شىمالىغا كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ كۆپ
بولغاندىمۇ 200 — 300 مىڭغا يېتىدىغانلىقى خاتىرىلەن-
گەن. چارۋىچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئاساسىدىكى مۇشۇن-
چىلىك بىر كۆچمەن خەلقنىڭ ئاللىقاچان يېزا ئىگىلىك،
باغۋەنچىلىك، قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئىشلەپچىقىرىشى، شە-
ھەر مەدەنىيىتى باسقۇچىغا ئۆتكەن نەچچە مىليونلىغان
خەلقنى ئۆزگەرتىۋېتىشىنى تەسەۋۋۇرغا سىغدۇرۇش مۇم-
كىن ئەمەس. «ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى»نىڭ يىمىرىل-
ىشى ئارقىسىدا غەربكە كۆچكەن ئۇيغۇرلارنىڭ (توققۇز
ئوغۇزلارنىڭ) ئۆز قېرىنداشلىرى بىلەن قوشۇلۇشى، شەر-
قىي ئۇيغۇرلارغا (ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىغا) نىسبەتەن ئېيت-
قاندا، بۇ ئېتنىك بىرلىكنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىگەن
بولسا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىغا نىسبەتەن ئېيتقان-
دا، بۇ رايوندىكى خەلقنىڭ ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان
ھالدا بىر ئىجتىمائىي ئورتاق گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇشى-
نى ئىلگىرى سۈرگەن.

بالاساغۇننىڭ ياغمىلار تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنىشى
942 — 943 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. شۇندىن ئېتى-
بارەن، بالاساغۇن قاراخانىلارنىڭ مۇھىم بىر سىياسىي
مەركىزىگە ئايلاندى. سۇلتان سۇتۇق بۇغرا قاراخاننىڭ
ئوغلى مۇسا ئىبنى ئابدۇلكېرىم 960 - يىللىرى بالاسا-
غۇندا خانلىق تەختىگە ئولتۇردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ-
نىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلۇشى، قەشقەردە ياشاپ، ئىجاد قى-
لىشى قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان ئۇيغۇرلار — ياغ-
مىلارنىڭ بالاساغۇندىكى سىياسىي ئورنىنىڭ كۆچىيىشى

ۋە پەسىيىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بالاساغۇننىڭ قاراخانىيلارنىڭ يازلىق پايتەختى بولۇشى. بولۇپمۇ 960 - يىلىدىن كېيىن ئۇنىڭ سىياسىي ئورنىنىڭ ئۆسۈپ قەشقەردىن يۇقىرى ئورۇنغا ئۆتۈشى، چوڭ خاقان — ئارسىلان قاراخاننىڭ بالاساغۇندا، مۇئاۋىن خاقان — بۇغرا قاراخاننىڭ قەشقەردە تۇرغانلىقى ئارقىسىدا، ياغمىلارنىڭ بالاساغۇندا كۆپلەپ ئولتۇراقلاشقانلىقى تەبىئىي. لېكىن، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، ياغمىلارنىڭ بالاساغۇندىكى تەسىر كۈچى بارغانسېرى ئاجىزلاپ كەتكەن. قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى ئىجتىمائىي ھاياتىدا قەدىمىي شەھەر — قەشقەر يەنىلا بۇ خاندانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت مەركىزى بولۇپ قالغان.

قاراخانىيلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن ياغمىلاردىن بولغان سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئەۋلادلىرى بالاساغۇندا زور سىياسىي تەسىرگە ئىگە بولۇپ تۇرغان مەزگىللەردە، يۈسۈپنىڭ بالاساغۇندا تۇغۇلغانلىقى (1018 — 1019 - يىللار). قاراخانىلار شەرق ۋە غەربكە بۆلۈنۈپ بالاساغۇندىكى بۇغراخان ئەۋلادلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى قەشقەرگە قايتىدىن مەركەزلىشىشى بىلەن يۈسۈپنىڭمۇ قەشقەرگە كۆچۈپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئەسىرىنى شۇ يەردە تاماملىغانلىقى ۋە ئۇنى قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەنگە تەقدىم قىلغانلىقى. خاننىڭ مۇئەللىپكە ناھايىتى زور ئىلتىپات كۆرسىتىپ «خاس

هاجىپ»لىقتەك يۇقىرى ئۇنۋان بەرگەنلىكىدەك ئەمەل-
يەتنىڭ يۇسۇپ خاس هاجىپ ياغمىلاردىن، «سۇتۇق بۇغ-
راخان ئەۋلادىغا يېقىن كىشى، ياكى ئۇرۇق - ئەۋلادى
بولۇشى مۇمكىن»① دېگەن پەرەزگە مەلۇم ئاساس بول-
غانلىقى تەبىئىي. چۈنكى، فېئودال خاندانلىقلاردا هاكىمى-
يەت بېشىدىكى تەبىقىدە نەسەب ۋە ئۇرۇق سۈرۈشتۈرۈ-
لىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان.

شۇنىسى ئېنىقكى، «ئورخۇن ئۇيغۇر خاقانلىقى» نىڭ
قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدى - كەينىدە، قارلۇق، ياغمىلارنىڭ
غەربكە سۈرۈلۈشىدىن قاراخانىلار سۇلالىسىغىچە بولغان
ئۇزاق بىر تارىخىي جەرياندا قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇل-
غان كەڭ زېمىندا مىلادى ۷ ئەسىردىلا خېلى يۇقىرى
دەرىجىگە يەتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ئاساسىدا، ئەرەب
ۋە پارس مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزىگە خاس
دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە، گۈللەنگەن بىر يېڭى قارلۇق-
ئۇيغۇر مەدەنىيىتى بارلىققا كەلدى. ئاۋۋال قارلۇقلارنىڭ،
ئارقىدىنلا ياغمىلارنىڭ توققۇز ئوغۇزلاردىن بۆلۈنۈپ چى-
قىپ غەربكە سۈرۈلۈشى، 840 - يىلىدىن كېيىن توققۇز
ئوغۇزلارنىڭ غەربكە كۆچۈشىدىن، بىرلىككە كەلگەن
قاراخانىلار سۇلالىسىغىچە بولغان بۇ تارىخىي جەريان
بىزگە «توققۇز ئوغۇزلار» دىن ئىبارەت بۇ ئېتنىك بىر-
لىكنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى ئەمەس، ئۇنىڭ يېڭى تارىخىي

① لى گوشياڭ، «قۇتادغۇ بىلىك، قاغانلىق ئەسەر»، «مىللەتلەر ئەدە-
بىياتى تەتقىقاتى» (خەنزۇچە)، 1986 - يىل 2 - سان 25 - بەت.

دەۋردە ئۆزىگە خاس بىر يېڭى مەزمۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەردى. بۇ يېڭى تارىخىي دەۋردە مەيدانغا كەلگەن يېڭى مەدەنىيەت، تىل ھادىسىسى، ئەمەلىيەتتە بىر تارىخىي ئىزچىللىقنىڭ داۋامى ئىدى.

ئەدەبىياتنىڭ مىللىيلىكى — مەلۇم مىللەت ئەدەبىياتىنىڭ باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىغا نىسبەتەن ئۆزىدە ھازىرلىغان خاسلىق ئالاھىدىلىكىدۇر. بىر مىللەتنىڭ ئەدەبىيات تەرەققىياتى ئىزچىل بىۋاستە ئاساس بولىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىك بولىسىمۇ، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئىدېئولوگىيە ئالاھىدىلىكلىرى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي مەۋجۇدىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈشتىكى ئۇسۇل ئالاھىدىلىكى (مېتودولوگىيە ۋە تېماتىك ئالاھىدىلىك) ۋە ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي قورالى بولغان تىل ئالاھىدىلىكىدىن ئىبارەت ئۈچ ئاساسىي تەرەپ — شۇ مىللەتنىڭ ئەدەبىياتىنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن ئېنىق پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىياتنى شۇ دەۋر ئىچىگە قويۇپ قارىغىنىمىزدا، بىز ئۇنىڭدىكى ئۆزىگە خاس بولغان ۋە ئۇنى باشقا مىللەتلەر ئەدەبىياتىدىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇرىدىغان تىل ئالاھىدىلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. ئاتاقلىق تىلشۇناس ن. ئا. باسكاكوۋ ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار» دېگەن ئەسىرىدە «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلىنىڭ تۈركىي تىللارنىڭ قارلۇق گۇرۇپ-

پىسى قارلۇق ـ ئۇيغۇر تارماق گۇرۇپپىسىغا كىرىدىغانلىقىنى ئاتاپ كۆرسەتتى ۋە بۇ تىلنىڭ ئوغۇز، قىپچاق تىللىرىدىن پەرقلىنىدىغان ئۆزىگە خاس ئالامەتلىرىنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتتى. باسكاكوۋنىڭ ئېنىق قىلىپ يۇقىرىقى ئىككى مەشھۇر ئەسەر تىلىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ يادىكارلىقىغا كىرىدىغانلىقىنى ئېنىقىپ ئۆتكەنلىكى ھەمدە قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسىنىڭ ئېغىز تىلىنى «خاقانىيە تۈركلىرىنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) تىلى» دەپ كۆرسەتكەنلىكى، بارتولدنىڭ: «قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قەشقەر بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار... قەشقەرنى ئىگىلىگەن قەبىلە قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ قورغۇچىلىرى. ھەقىقەتەنمۇ توققۇز ئوغۇز ياكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولغان ياغمىلار قاراخانىلار سۇلالىسىنى قۇرغان» ① دېگەن سۆزلىرى بىزنى قاراخانىلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن «قۇتادغۇ بىلىك»تەك ئەدەبىي مىراسلارنىڭ مىللىي تەۋەلىك مەسىلىسى ھەققىدە يېتەرلىك ئاساس بىلەن تەمىنلەپ، باشتا ئېيتىپ ئۆتكەن بىر قاتار قاراشلىرىمىزنى يەكۈنلىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

دېمەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاتىغان «تۈرك تىلى» خاقانىيە تۈركلىرى تىلىنىڭ دەل ئۆزى. بۇ تىل ھەققىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى نەشرگە تەييار-

---

① بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ قىسقىچە تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ١٩٨٠ - يىل، خەنزۇچە نەشرى ١٠٩ - بەت.

لىغۇچىلار مۇنداق يازىدۇ: «‹تۈركىي تىللار دىۋانى›دا باشقا تۈركىي قەبىلىلەرگە نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن ‹تۈرك›، — ‹خاقانىيە تۈركلىرى›دۇر؛ باشقا تۈركىي قەبىلىلەرنىڭ تىللىرىغا نىسبەتەن ئىشلىتىلگەن ‹تۈرك تىلى›، ئومۇمىي ئەدەبىي تىل بولغان ‹خاقانىيە تىلى›نىڭ قىسقارتىلغان ئاتالغۇسىدۇر» ①. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — خاقانىيە تىلىدا يېزىلغانلىقى ھەمدە ئۇنىڭ ئەنە شۇ ئەدەبىي تىلنىڭ ئەڭ تىپىك، نادىر ئۈلگىسى ئىكەنلىكى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن تونۇشلۇقى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئايان.

ئىسلام دىنى مۇھىتىدا، قاراخانىلار سۇلالىسى تەۋەسىدە مەيدانغا كەلگەن «قۇتادغۇبىلىك»نى ئەينى ۋاقىتتا ئىدىقۇت خانلىقىدىكى بۇدداچى ئۇيغۇرلارنىڭ قوبۇل قىلالماسلىقى ئېنىق. سىياسىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى بۆلۈنمە ھالەت پەيدا قىلغان بۇ سەۋەب ھەرگىزمۇ بىر مىللەتنى ئىككى مىللەت ئورنىغا قويۇپ چۈشەندۈرۈشكە ئاساس بولالمايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ سىياسىي ئىدېئولوگىيە جەھەتتىكى توساقنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىشى بىلەنلا، تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىدىكى خەلقنىڭ شەرقتىكى قېرىنداشلىرى بىلەن بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتى بولۇپ بىرلىككە كېلىشى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلاپ بەردى. شۇنداق ئىكەن، ئۇيغۇرلار ئىككى قاناتقا بۆلۈنۈپ تۇرغان مەزگىلدە، قاراخانىلار زېمىنىدا شە-

① مەھمۇت قەشقەرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، 1 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1980 - يىل ئۇيغۇرچە نەشرى، 30 - بەت.

كىللەنگەن قارلۇق - ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە، جۈملىدىن ئۇنىڭ ئەدەبىياتىغا ئەينى دەۋردە قاراخانىلار دەۋرى ئەدەبىي تىلى بولغان خاقانىيە تىلىنى شەكىللەندۈرۈپ، شۇ ئەدەبىي تىلدا ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەدەبىي مىراسلىرىنى ياراتقان خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى ۋارىسلىق قىلىشى، تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ئەدەبىياتقا ئۆزى ئاساسى بەلگە قىلغان ئەدەبىي تىل — خاقانىيە تىلى ئاساسىدا تۈركىي تىللارنىڭ ئايرىم بىر گۇرۇپپىسى بولغان قارلۇق گۇرۇپپىسىنى تەشكىل قىلغان خەلق — ئۇيغۇر ۋە ئۆزبېك خەلقلىرى ۋارىسلىق قىلىشى كېرەك.

ئەلۋەتتە، بىر ئۇلۇغۋار ئەسەرنىڭ تەسىرى ئۆز مىللىتى، خەلقى دائىرىسىدىن ئېشىپ كەتكەن بولىدۇ. ھەر قايسى مىللەتلەر ئەنە شۇ ئۇلۇغۋار ئەسەرنىڭ ئۆز ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئوخشاشمىغان دەرىجىدىكى تەسىرىنى ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈشكە پۈتۈنلەي ھەقلىق. لېكىن، بۇ ھامان ۋارىسلىق قىلىش مەسىلىسى ئەمەس، تەسىر مەسىلىسى. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىنىڭ بىر قاتار ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مىللىي تەۋەلىكى ئېنىق ئايرىلىپ تۇرغان «قۇتادغۇبىلىك» تەك ئەدەبىي مىراسلارنى ۋارىسلىق ۋە تەسىر مەسىلىسىنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن ھالدا «ئورتاقلىق» دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىش — ئىلىم ساھەسىدىكى ئىلمىي بولمىغان پوزىتسىيە بولۇپ، كىشىلەرنى قايىل قىلالمايدۇ. ئەدەبىيات تەتقىقاتىنىڭ تارىخ، ئېتنوگراپىيە، مىللەتشۇناسلىق تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈشى بۇ جەھەتتىكى قالايمىقانچىلىقنى تۈگىتىپ، تەتقىقات زېمىنى ۋە ئاسمىنىنى يەنىمۇ كېڭەيتمەكتە ۋە سۈزۈلدۈرمەكتە.

## «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىككىلىك ۋە بېيىت، مەسنەۋى

### ئەرشىدىن تاتلىق

ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق تارىخقا ئىگە مەدەنىيەتلىك، ئىجتىھاتلىق خەلق، قەدىمكى زامان ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىمۇ ئۆزىنىڭ مىللىيلىكى، ئاممىباپلىقى، مەزمۇنىنىڭ مول، بايلىقى، شەكلىنىڭ ھەر خىللىقى، مەنىسىنىڭ چوڭقۇر، پىكرىنىڭ ئىنچىكىلىقى بىلەن مەلۇم ۋە مەشھۇر.

بۇ يازما ئەدەبىيات مىلادى VI — VII ئەسىرلەردىن XI ئەسىرلەرگىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆز بېشىدىن بىر ئۇلۇغ تارىخىي بۇرۇلۇش بىلەن بىللە تارىخىي تەرەققىيات دەۋرىنى ئۆتكۈزدى. ئەنە شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ يىرىك ئەدەبىي نامايەندىلىرىدىن بىرى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك» ۋەتىنىمىزنىڭ بىر پۈتۈن شانلىق تارىخىي دەۋرىنى تەشكىل قىلغان قاراخانىلار دەۋرى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ھەر تەرەپلىمە ئىنكاسىنىڭ جەۋھىرى ۋە بىۋاستە مەھسۇلاتى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى ئالەمشۇمۇل ئەسەرلەر قاتارىدىن ئۆزىگە مۇناسىپ ئورۇن ئېلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، بۇ نادىر ئەسەر

XIX ئەسىردىن باشلاپ ئالىم دۇنياسىنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى زور دەرىجىدە ئۆزىگە تارتىپ كەلدى. جۇملىدىن، كېيىنرەك بۇ بۈيۈك ئەسەر ئۈستىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە تەتقىقات «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئانا يۇرتى بولغان بىزنىڭ ئېلىمىزدىمۇ زور قىزىقىش بىلەن باشلىنىپ دەسلەپكى قەدەمدە بەزىبىر ئۈنۈملۈك ئىشلار قىلىندى ھەم قىلىنىۋاتىدۇ. مەنمۇ بۇ ئەسەرنى يورۇقلۇققا چىقىرىشتا ئىشلەتكەن شېئىرىيىتىمىزنىڭ قەدىمكى مىللىي ئىككىلىك شەكلى ئۈستىدە ئازراق توختالماقچىمەن.

ھازىرغىچە تېپىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىشلەتكەن مىللىي ئىككىلىك شەكلىنى ئىلمىي خادىملىرىمىز ئۆز ئەمگەكلىرىدە ئورۇنسىز ھالدا «بېيىت» ياكى «مەسنىۋى» شەكلى دەپ ئاتاشقا ئادەتلىنىپ كەلمەكتە. قولىمىزدىكى 85 بابلىق «قۇتادغۇ بىلىك» جەھەتتىكى تەپسىلىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ 6645 تىن ئىبارەت ئىككىلىك (13290 مىسرا)لىق بۇ نادىر ئەسەرنى شەكىل جەھەتتىن ئۆزى ياشاپ ئىجاد قىلغان ھىجرىيىنىڭ 462-يىللىرى (مىلادى 1067 - يىلى)دىن بۇرۇنقى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ناھايىتى كەڭ تارالغان ئوخشاش ئىككى قاپىيىلىك، يەنى «ئىككىلىك» شەكلىدە يازغان. ئاز بىر قىسمىنى بولسا، «رۇبائىي»، «تەجنىس»، «تۇيۇق» شەكلىدە يازغان (گەرچە بۇ شەكىللەر كىتابىتا شۇنداق دەپ ئاتالمىغان بولسىمۇ، بۇ شەكىللەرنىڭمۇ بىزدە بارلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ). بۇ

خىل مىللىي شەكىل قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزغا ئوخشاش ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ ياشاش بىلەن تەرەققىي قىلىپ كەلمەكتە ۋە ھازىرمۇ ئۆزىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلماقتا. ئۇ، ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتى ئۈچۈن شەكىل جەھەتتىن قىممەتلىك مىراس ھەم ئۆرنەك.

بۇ ئەسەرنىڭ ۋەزنى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئەسەرنىڭ ۋەزنىنى مۇتەقارىپ (مۇسەممىنى مەقسۇر) دەپ مۇقىملاشتۇرغاندىمۇ، بۇ ۋەزىنىنىڭ بىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزدا بۇرۇندىن بارلىقىنى ئېيتقان①، ئەمما شەكلىنى يەنىلا مەسنەۋى (ئىككىلىك) دەپ بۇ ھەقتە توختالماي ئۆتۈپ كەتكەن.

مەسنەۋى شەكلىگە كەلسەك، بۇ ئاتالغۇ ئەرەبچە بولۇپ، بىزچە ئوخشاش قاپىيەلىك «ئىككىلىك» دېگەن ئۇقۇمنى بېرىدۇ. بۇ ئاتالغۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تىن 140 يىللار كېيىن ۋۇجۇدقا كەلگەن مەۋلانا جالالىددىن رۇمى (1207 — 1273) نىڭ «مەسنەۋى» دېگەن ئەسىرى بىلەن بىزگە سىڭىپ كىرگەن. يىل تەرتىپى بويىچە ھېسابلىغاندىمۇ بۇ ئىككى ئەسەرنىڭ يارىتىلىشى ئارىلىقىدا ئىككى ئەسىردىن ئارتۇقراق ۋاقىت بار.

«بېيىت» دېگەن سۆزگە كەلسەك، بۇمۇ ئەرەبچە

① ئا. ئ. ئۆتكۈرنىڭ 1983 - يىل ئېلان قىلغان «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە» ناملىق ماقالىسىگە قارالسۇن.

ئاتالغۇ بولۇپ، مەنىسى يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش، يەنى ئوخشاش قاپىيىلىك «ئىككىلىك» ياكى «تەكرار ئىككىلىك» دېگەن ئۇقۇمنى بىلدۈرىدۇ. بۇ سۆزمۇ بىزگە ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى گۈللىنىش دەۋرىدە سىڭىپ كىرگەن.

بۇ سۆزلەردىن خېلى يىللار بۇرۇن ئۆزىمىزنىڭ يازما ئەدەبىياتىمىزدا كەڭ قوللىنىلىپ قېلىپلاشقان مىللىي شەكىل «ئىككىلىك»نى قوبۇل قىلىپ يازغان بۈيۈك بىر ئەسەرنى ئۆزىدىن خېلى يىللار كېيىن مەيدانغا كەلگەن، كېيىنكى كۈنلەردە بەزىبىر سەۋەبلەر بىلەن بىزگە سىڭىپ كىرگەن «مەسنەۋى»، «بېيت» شەكىللىرىنىڭ نامى بىلەن ئاتاشنى چوڭ نۇقسان دېمىگەندىمۇ، بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزنىڭ ھەر تەرەپلىمە ۋە چوڭقۇر بولمىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»تىن ئىبارەت پۈتۈن بىر ئەسەردە، پەقەتلا 97 ئورۇندا ئەرەبچە سۆز ئىشلىتىلگەنلىكى توغرىسىدا مەلۇمات بار. شەكىلگىلا ئەمەس، مەزمۇن ۋە سۆزنىڭ ساپلىقىغا شۇنچىلىك ئېتىبار بىلەن دىققەت قىلغان ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۈيۈك ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»تە ئىشلەتكەن مىللىي شەكىلنى ئۇيغۇرچە «ئىككىلىك» دەپ ئاتىماي، ئەرەبچە «مەسنەۋى»، «بېيىت» شەكلى دەپ ئاتاش، يالاڭ دوپپىنىڭ ئۈستىگە ئەرەبچە سەللە يۆگىۋالغاندەك غەلىتە تۇرىدىكەن.

نەزەرىيىچى، تەتقىقاتچى، تىلچىلىرىمىزنىڭ بۇنىڭغا دىققەت قىلىشى لازىمىكىن دەيمەن.

# «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى «تادۇ» ئۇقۇمى توغرىسىدا دەسلەپكى مۇلاھىزە

سەمەت خېۋىر

يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئاتاقلىق شائىر، كۆپنى بىلىدىغان ئالىم بولۇپلا قالماستىن، ئۆز زامانىسىنىڭ دەۋر روھىنى ئۆزىنىڭ مەشھۇر نەزمىي ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرگەن ئۇلۇغ پەيلاسوپ. «قۇتادغۇ بىلىك» تارىخىيلىق بىلەن لوگىكىلىقنىڭ بىرلىكى ئىپادە قىلىنغان، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ئابستراكسىيەلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مەنتىقىلىق شەكىل بىلەن ۋۇجۇدقا كەلگەن بىر قاتار پەلسەپىۋى كاتېگورىيەلەرنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىدىن ئىبارەت بولغان، كەڭ بىلىم ۋە چوڭقۇر تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولغان، مول ماتېرىيالىزم ۋە دىئالېكتىكا ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نادىر پەلسەپىۋى ئەسەردۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى پەلسەپە تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇئەييەن باسقۇچنىڭ پەلسەپىۋى نامايەندىسىدۇر. يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىسى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قارىشىنى ئىپادە قىلىدىغان مۇئەييەن كاتېگورىيەلەر ۋە بۇ كاتېگو-

رىيىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنىڭ ئومۇمىي سىستېمىسىدىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ۋاقتىمىزدا، ئۇ قوللانغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيىلەر ۋە بۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ ئۆزئارا ئىچكى باغلىنىشى توغرىسىدا چوڭقۇر مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن مەنىۋى بايلىققا ياتىدىغان يالتىراپ تۇرىدىغان گۆھەر «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىز»نى تاللاپ ئېلىپ، «كېرەكسىز شاكال»نى ئىرغىتىپ تاشلاپ، قەدىمكىنى ھازىرقى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

مەن بۇ ماقالەمدە پەقەت «قۇتادغۇ بىلىك»تە روشەن يوسۇندا ئىپادىلەنگەن، شۇنداقلا ئۇنىڭدا مۇھىم ئورۇن ئىگىلىگەن دۇنيانىڭ مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان «تادۇ» ئۇقۇمى توغرىسىدىلا توختىلىمەن.

«تادۇ» — يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوللانغان دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئاساسىي ئۇقۇم. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدا توختىلىپ بۇنداق دەيدۇ.

60 بۇ تۆت يار ماڭا تۆت تادۇدەك ئېرۇر،
تۈزۈلسە تادۇ چىن ھاياتلىق بولۇر.

143 ئۈچى سۇ، ئۈچى يەل، ئۈچى بولدى ئوت،
ئۈچى تۇپراق، بۇلاردىن دۇنيا ۋۇجۇد.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ يۇقىرىقى تۆت مىسرالىق

شېئىرىدا دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قارىشىنى بايان قىلىپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قارىشىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، «تادۇ»(تۆت زات) ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۆت چارىيارنى «تادۇ» غا ئوخشىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئېنىق قىلىپ، «تادۇ» دىن چىن ھاياتلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، «تادۇ» دىن دۇنيا ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دەيدۇ. بۇ يەردە «تادۇ» چىن ھاياتلىقنىڭ، دۇنيانىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. دۇنيانىڭ مەنبەسى زادى نېمە، ماددىمۇ، ياكى ئاڭمۇ؟ بۇ مەسىلە پۈتۈن پەلسەپىدىكى، بولۇپمۇ يېقىنقى زامان پەلسەپىسىدىكى تۈپ مەسىلە، شۇنداقلا ھەر قانداق بىر پەيلاسوپ چوقۇم جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك بىر مەسىلە. پەيلاسوپلار مۇشۇ مەسىلىگە بەرگەن جاۋابلىرىنىڭ ئوخشاشمىغانلىقىغا ئاساسەن ئىككى چوڭ لاگېرغا بۆلۈنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان «تادۇ» ئۇقۇمى «دۇنيانىڭ مەنبەسى ئاڭ» دېگەن قاراشنىڭ يەكۈنى بولماستىن، «دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددا» دېگەن قاراشنىڭ يەكۈنى. «تادۇ» دېگەن بۇ ئۇقۇمنىڭ قەدىمكى يۇنان، ھىندىستان، ئەرەب دۆلەتلىرى، شۇنىڭدەك ئېلىمىز جۇڭگونىڭ پەلسەپە تارىخىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان دۇنيانىڭ مەنبەسى بەش زات (بەزىدە تۆت زات)تىن تەشكىل تاپقان دېگەن قاراش بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئوخشاشلىق بولسىمۇ، ئەمما كەم ھېسابلانغاندىمۇ بۇ دەۋردىن 1000 يىل كېيىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى، شۇ

ئەينى بىر زاماندا پەلسەپە ياۋروپادا تېئولوگىيىنىڭ دېدىكى-
گە ئايلانغانلىقى؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مەنسۇپ بولغان جە-
مەتتىن قەدىمكى يۇنان، ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ پەلسەپە
ئىدىيىسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپلا قالماستىن، ئىلىمىز
جۇڭگونىڭ ئىچكى رايونلىرىنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىدىن
چوڭقۇر ئۇزۇق ئالغانلىقى، شۇنىڭدەك يۈسۈپ خاس
ھاجىپ شەرق بىلەن غەرب مۇناسىۋىتىنى ئۆزئارا تۇ-
تاشتۇرغان مۇھىم قاتناش تۈگۈنى بولغان قەشقەر-
تۇزۇمدىكى، ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان
قاراخانىلار دۆلىتىدە خاس ھاجىپلىق ئۇنۋان بىلەن ئوردا
مەسلىھەتچىسى بولۇپ ئىشلىگەنلىكى قاتارلىق ئەھۋاللار
ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «تادۇ» ئۇقۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس
ئالاھىدە مەزمۇنغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. ئۇنىڭ
قەدىمكى زامان ماددا ئۇقۇمى بىلەن بولغان ئورتاقلى-
قىمۇ بار، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىمۇ
بار. شۇڭلاشقا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان
«تادۇ» ئۇقۇمى ئۇستىدە كونكرېت، ئەمەلىيەتكە مۇۋاپىق
تەھلىل يۈرگۈزگەندە، ئۇنىڭ «تادۇ» ئۇقۇمى ھەققىدە
بىر قەدەر توغرا ۋە ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىل-
غىلى بولىدۇ.

بىرىنچى، تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ۋە مول ئىج-
تىمائىي تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئاساس قىلىش يۈسۈپ
خاس ھاجىپ قوللانغان «تادۇ» ئۇقۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس
مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكىدۇر.

پەلسەپىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققى-

ياتى ئىجتىمائىي. ئىلمىي ۋە ئىدىيىۋى ئامىللارنى ئۆزـنىڭ ئاساسى قىلىدۇ. دەۋر روھىنىڭ مەنىۋى ئىپادىـسىدىن ئىبارەت بولغان پەلسەپە ئۇ ئاساس قىلىدىغان ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە ئىدىيىۋى ئامىللارنىڭ ئۆزگىرىـشىگە ئەگىشىپ، ئۆزىگە خاس يېڭى تۈس ئالىدۇ. قەـدىمكى زاماننىڭ ستىخىيىلىك ماتېرىيالىزمى ۋە ساددا دىئالېكتىكىسى، يېقىنقى زاماننىڭ مېتافىزىك ماتېرىياـلىزمى ھەمدە XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى مەيدانغا كەلگەن ماركسىزملىق پەلسەپىدىن ئىبارەت ماتېرىيالىـزملىق پەلسەپىنىڭ ئوخشاش بولمىغان ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچى ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە ئىدىيىۋى ئاساسلىرى ئوخشاش بولمىغان، بىر – بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىـدىغان ئالاھىدە تەرەققىيات باسقۇچلىرى بىلەن زىچ باغلانغان پۈتكۈل دۇنيانىڭ ئومۇمىي ماھىيىتى توغرىـسىدىكى پەن – پەلسەپە تەبىئەت، جەمئىيەت، تەپەكـكۇر توغرىسىدىكى بىلىملەرنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇشى، ئابستراكسىيىلەشتۈرۈلۈشى ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدۇ ۋە راۋاجلىنىدۇ (ۋەھالەنكى، تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە تەپەككۇر پەنلىرىمۇ تارىخىي يوسۇندا ۋۇـجۇدقا كەلگەن ۋە تارىخىي يوسۇندا راۋاجلىنىدۇ). ئۇنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇش ۋە ئابستراكسىيىلەشتۈرۈلۈش دەرىجىسى ۋە ئۇنىڭ چوڭقۇر – تېيىزلىقى ئۇنىڭ ئىجـتىمائىي مەنبەسى، ئىدىيىۋى مەنبەسى بىلەن باغلانغان بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىلمىي مەنبەسى بىلەنمۇ زىچ باغلانغان بولىدۇ. قەدىمكى زامان ماتېرىـ

يالىزمىغا خاس ماددىلىق ۋە ستىخىيىلىك خۇسۇسىيەت
مۇھىم بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىق بىلەن باغلانغان
ئىدى. يېقىنقى زامان ماتېرىيالىزمىغا خاس مېتافىزىك-
لىق خۇسۇسىيەت تەبىئىي پەندىكى بۆلەكلەرگە ئايرىپ
تەتقىق قىلىشنىڭ پەلسەپىدىكى كۆچۈرۈلمىسى ئىدى.
ماركسىزملىق پەلسەپە بولسا تەبىئىي پەن ئىجتىمائىي
ۋە تارىخىي تەجرىبىلەرنىڭ دۇنيانىڭ ئومۇمىي مەنزىرى-
سىنى كۆرسىتىپ بېرەلىگەنلىكىنىڭ پەلسەپىدىكى ئىنكا-
سى ئىدى. تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەن ۋە تە-
پەككۇر پەنلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا پەلسەپىۋى
قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويىدىغان پەيلاسوپلارغا نىسبە-
تەن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ تەبىئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنلەر-
نى تىرىشىپ ئىگىلىشى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ
ئىلمىي بولۇشىغا نىسبەتەن سەل قارىغىلى بولمايدىغان
تەسىر كۆرسىتىدۇ. يۈسۈپ خاس هاجىپ ئۆزى ياشىغان
تارىخىي شارائىتتا مول بىلىم ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى
چوڭقۇر هېس قىلغان، شۇڭىدەك ئۆزى ئىجتىهات بىلەن
ئۆگەنگەن مول تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ۋە كەڭ
تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزىنىڭ دۇنيا قارىشىنىڭ
ئىلمىي ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق
كۆرسەتكەن ۋە ئۇنىڭ ئىچىگە ئەپچىللىك بىلەن
سىڭدۈرگەن. ئۇلۇغ ئالىم ۋە ئاتاقلىق پەيلاسوپ ئوتتۇرىغا
قويغان دۇنيانىڭ مەنبەسىنى ئىپادە قىلىدىغان «تادۇ»
ۋە ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان باشقا كاتېگورىيىلەر، شۇ-
داقلا ئۇ كاتېگورىيىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى توغرىسى-

دىكى بايانلار قويۇق ئىلىم - پەن پۇرىقىغا ئىگە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە ئەھمىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

1843 بىلىملە پەرقلىنەر كىشى يىلقىدىن،
نېمە بار بۈيۈكرەك بۆلەك بىلىمدىن؟

1846 يۈرى، يىلقا بولما، ئەقىل، بىلىم بىل،
بىلىم بىرلە سۆزلە، يورۇق تۇت تىلىڭ.

2789 بىلىملىك كىشىلەر بولۇر چىن كۆلى،
دۇرۇس قايدا بولسا يورۇيدۇ كۆنى.

2790 تۇتالماس ئۆزىنى ئەر ئەقىل بولمىسا،
قىلالماس ئەر ئىشنى بىلىم بولمىسا.

6606 بىلىمسىز يۈرەك، تىل نېمىگە يارار،
بىلىم بىرلە سۈدەك ئومۇمغا يارا.

3168 بىلىملە يېشىلگەي پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئۆق، ئاڭلىق ياشىغىن.

4022 كىشى ئۆگىنىش بىرلە ئالىم بولۇر،
بىلىم بىلسە بارچە ئىشلار ئوڭلىنۇر.

4388 بىلىم بىرلە ئىنسان ئىشىن باشلىسا،
تاپار مەقسىتىنى نېچۈك ئىشلىسە.

3223 تائەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم تامغىلايدۇ دوزاخ ئىشىكىن.

3225 بىلىمسىز قىلىنغان تائەتتىن كۆرە،
گەر ئۇخلار بىلىملىك ساۋابى ئۆرە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە بىلىمنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، چىنلىق بىلىملىك كىشىلەردە بولىدىغانلىقىنى، بىلىم ئومۇمغا نىسبەتەن خۇددى سۇدەك ياراملىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ، يەنە بىلىم دوزاخ ئىشىكىنى تامغىلايدۇ، بىلىمسىز قىلىنغان تائەتتىن ئۇخلىسىمۇ بىلىملىك ساۋابى ئۆرە تۇرىدۇ، دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ، بىلىمنى ئادەم بىلەن ھايۋاننى پەرقلەندۈرىدىغان بەلگە ھېسابلايدۇ؛ بىلىم بىلەن ھەر قانداق قىيىن مەسىلىلەرنىڭ يېشىلىدىغانلىقىنى، بارلىق ئىشلارنىڭ ئوڭشىلىدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتكۈل دۇنيا قارىشى ئىچىدە بىلىمنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتقانلىقىنى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ بىلىمنى ئۆز دۇنيا قارىشىنىڭ مۇھىم ئىلمىي ئاساسى قىلىشقا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكىنى بايقىۋېلىش ئانچە قىيىن ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىلىم - پەنگە زور دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلگەنلىكى — ئۇنىڭ يالغۇزلا بىلىمنىڭ ئەھمىيىتى ۋە زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئادەتتىكىچە

ۋەز - نەسىھەت قىلغانلىقىدىلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىم بولغىنى، ئۆز زامانىسىدىكى نۇرغۇن بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭغا كامىل بولغان بۇ ئالىمنىڭ ئۆزى ئىگىلىگەن بۇ بىلىملەرنى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ دائى-رىسىدە ماھىرلىق بىلەن قوللىنىپلا قالماستىن، مۇشۇ بىلىملەردىن پايدىلىنىپ پەلسەپىۋى ئومۇملاشتۇرۇش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىگە خاس پەلسەپىۋى سىستېمىسىنى شەكىللەندۈرگەنلىكىدە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز پەلسەپىسىنىڭ ئىلمىي ئاساسىغا ئايلاندۇرغان ماتېماتىكا، گېئومېترىيە، ئاسترو-نومىيە، فىزىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، ھەربىيشۇناسلىق، تىبابەتچىلىك قاتارلىق بىلىملەرنى ئۆز زامانىسىدا پىش-شىق ئىگىلىگەن ۋە ئۇنى ئۆز پەلسەپىسىگە ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن ئىدى.

2629 يېزىش ھەم ئوقۇش بىلسە، چۈشەنسە سۆزىن،
كىشى ئالىم قىلۇر بۇنىڭلە ئۆزىن.

2631 ئوقۇپ كۆپ كىتابلار، بىلسۇن ھەر سۆزى،
چۈشەنسۇن شېئىرنى ھەم يازسۇن ئۆزى.

2632 ئۆجۈم① ھەم تىبابەت بىلسۇن چۈش ئۆرۈش،
ئۆدۈل كەلسۇن يەنە ئۇ ئۆرۈگەن چۈش.

---

① ئۆجۈم — (ئەرەبچە) يۇلتۇزلار توغرىسىدىكى ئىلىم.

2633 ئۇ بىلسۇن ھېساب ھەم گېئومېترىنى،
كەسىر ھەم يەر ئۆلچەش ئىلىملىرىنى.

2634 يەنە دامكا ـ شاھماتنى ئۇ بىلسۇن خوپ،
ئويۇنغا چۈشكۈچىنى ئالسۇن ئۇتۇپ.

2635 ئۇ بىلسۇن چەۋگەننى، ئاتار بولسۇن ئوق،
يەنە قۇشچى ۋە ئوۋدا تەڭدىشى يوق.

2636 پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى بىلسۇن تىلى،
پۈتۈن خەتنى بىلسۇن، پۈتۈسۇن قولى.

2784 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئىنچىكە ئىشتۇر،
يەر ـ ئاسمان ھېسابى شۇ بىلەن بولۇر.

2786 بۇ ئىلمى ھەندىسە ئىرۇر بەك چۇقۇر،
ئۇنىڭدا ھېكمەلەر بېشىمۇ قايۇر.

2787 يارار ئۇ يەتتە قات كۆكنى دانىدەك،
چۇقۇر ـ دۆڭنى ئوششاق قىلىپ ئاجرىتۇر.

4376 بۆلاردىن سۆڭك گەمدى بۇ يۇلغۇزچىدۇر،
كۆرەرسەن، بۇ يول بەك ئىلچىكە ئىرۇر.

4377 يىل، ئاي، كۈن ھېسابى بۆلاردىن بولۇر،
كىرەكلىك ئىرۇر بۇ ھېساب، ئەي جەسۇر.

4378 ئوقۇ ھەندەسەنى دېسەڭ بىلەيىن،
ئىچىلغاي ھېساب ئىشىكى شۇندىن كېيىن.

4379 تولۇق بىل كۆپەيتىش، بۆلۈش ۋە كەسىر،
كامالغا يېتىشتە ئىمتىھاندۇر بىر.

4380 بۇ تەزئىنى① يا تەنسىق② نى سەن ياخشى بىل،
ئەگەر بىلسەڭ ئاندىن ساناق جەزىر③ قىل.

4381 يەنە جەمئىي تەفرىق④، مىساھەت⑤كە ئۆت،
يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چۆپچە تۇت.

4382 تىلىسەڭ يەنە سەن ئالگېبرانى ئۇق،
يەنە ئۇقلىدىس ⑥ نىڭ ئىشىكىنى سوق.

4383 بۇ دۇنيا، ئاخىرەت ئىشىنى، ئىشەن،
قىلۇر بۇنى ئالىم ھېسابلاش بىلەن.

4384 بۇزۇلسا ھېساب گەر، ئەي ياخشى كىشى،
بۇزۇلغاي ھەر ئىككى دۇنيانىڭ ئىشى.

---

① تەزئىنى — (ئەرەبچە) ئىككى قاتلاش، قاتلىما.
② تەنسىق — (ئەرەبچە) كېمەيتىش، ئېلىش.
③ جەزىر — (ئەرەبچە) يىلتىز تېپىش.
④ جەمئىي تەفرىق — (ئەرەبچە) قوشۇش، ئايرىش.
⑤ مىساھەت — (ئەرەبچە) يەر مەيدانى.
⑥ ئۇقلىدىس — قەدىمكى يۇنان ھېكىملىرىدىن بىرى.

4385 بولۇرسەن ئۆزۈڭ كەر بىر ئىش ئىشلىمەك،
يامان - ياخشى ۋاقنى ھېسابلاش كېرەك.

4386 كۆن، ئاينىڭ قۇتلۇقى ھەم نەسلىرى بار،
مۇبارەك چاغنى تاپ، ئەي قەلبى پاك ئەر.

2788 كىشى بول بىلىملىك، ئاقىل كۆڭلى تۈز،
ئەقىللىك كىشىلەر ئىشى بارچە ئۆز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۈتۈن تىلدا سۆزلەشنى، ھەر خىل يېزىقتىكى خەتلەرنى ئوقۇيالايدىغان ۋە يازالايدىغان بولۇشنى، ئىلمىي نۇجۇم، ھەندىسە، ئالگېبرا، كېنومېتر، كەسىر، يەر ئۆلچەش قاتارلىق بىلىملەرنى ئىگىلەشنى تەلەپ قىلغان. بۇ ئالىم ئالدى بىلەن مۇشۇ ساھەلەر بويىچە ئىختىسالىق كىشى ئىدى. دائىما شاھمات ۋە چەۋگەنلىكمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغان ئەمەس. يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشى ئۈگىنىش بىلەن ئالىم بولىدۇ، ئىلمىي ھەندىسە بىلەن يەتتە قات كۆكنى دائىدەك قىلغىلى بولىدۇ، يۇلتۇزچىلار يىل، ئاي ۋە كۈن ھېسابىنى چىقىرىدۇ، ھېسابىنىڭ ھەر خىل تۈرلىرىنى ئۇقۇقاندا يەتتە قات پەلەكنى بىر تال چوپتەك بىلگىلى بولىدۇ. ئالىملار بۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەت ئىشىنى ھېسابلاپ چىقىرىدۇ، بىر ئىشنى ئىشلىمەك بولساڭ يامان - ياخشى ۋاقىتنى ھېسابلاش كېرەك. ۋاقىتنىڭ ياخشى مەزگىلىنى تاللا. بىلىملىك ئەقىللىك بولىدۇ. دەيدۇ.

تارىختا مول بىلىم ئىگىلىگەن پەيلاسوپلار بىلەن بىلىم جەھەتتە نامرات پەيلاسوپلارنىڭ پەلسەپىلىرى، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىدىمۇ مول مەزمۇن جەھەتتىكى نامراتلىق ئىپادىلەنمەي قالمايدۇ. مول تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى ئىگىلىگەن ئالىملار شۇ ساھە بويىچە زور مۇۋەپپەقىيەتلەرنى يارىتالىشى مۇمكىن. ئەمما پەلسەپە ساھەسىدە، تەبىئىي پەن ساھەسىدە مۇۋەپپەقىيەت يارىتىشى ناتايىن، بۇ يەردە مۇنداق بىر-بىرسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدىغان ئىككى خىل ئەھۋال مەۋجۇت، ئۇنىڭ بىرى، تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى پەلسەپىنىڭ ئىلمىي ئاساسىغا ئايلاندۇرۇش، پەلسەپە ساھەسىدىمۇ تەبىئىي پەن ھەقىقىتىنى كۆرسەتكەن يولى بىلەن مېڭىش؛ يەنە بىرى، تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى پەلسەپە بىلەن قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇش، پەلسەپە ساھەسىدە تەبىئىي پەن ھەقىقىتى كۆرسەتكەن يولدا ماڭماستىن، ئۇنىڭ ئەكسىچە تەبىئىي پەنگە قارىمۇ قارشى يولدا مېڭىش، پەنگە خىلاپ يولدا مېڭىش. بۇ بولسا رەت قىلىپ بولمايدىغان تارىخىي پاكىت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدىنقى يولدىن ماڭدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىسىدە قەدىمكى پەلسەپىگە خاس بىۋاسىتە كۆزىتىشچانلىق ئىپادىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما پەنگە تايىنىپ ئۆز دۇنيا قارىشىنى ئىپادە قىلىدىغان يەنە بىر خىل خاھىشمۇ سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھالدا ناھايىتى روشەن ئىپادىلەنگەن ئىدى. ئۆزىنىڭ

ئومۇمىي تارىخىي ئورنىدىن قارىغاندا، ئۇ گەرچە قەدىمكى زامان پەلسەپىسىگە تەئەللۇق بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ قەدىمكى زامان پەلسەپىسىگە خاس بىۋاستە كۆزىتىشچانلىقنى مەلۇم دەرىجىدە يەڭگەن. ئۇنىڭدا، قانداقلا بولمىسۇن ئىلىم - پەنگە يۈزلىنىش خاھىشى مۇھىم بىر پاكىتقا ئايلانغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپىسىنىڭ «ئەقىلگە مۇۋاپىق مېغىزى»، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتىلا ئەمەس، بەلكى رېئال قىممىتى تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان مەنىۋى بايلىق دەل يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپىسىدىكى ئىلىم - پەنگە تايىنىش خاھىشى بىلەن زىچ باغلانغان. ئۇنىڭ قىممىتى پەلسەپە قاراشلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى شۇ قاراشلارغا ئاساس بولغان ئىلىم - پەننىڭ بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئۆز قىممىتىنى ئوخشاشلا ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىدا تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «تادۇ» ئۇقۇمى ئۇنىڭ پۈتۈن پەلسەپىسىدە ئىپادىلەنگەن ئىلىم - پەنگە تايىنىش روھىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى ئۇنىڭغا خاس مۇھىم بىر ئالاھىدىلىكتۇر.

ئىككىنچى، دەسلەپكى قەدەمدە تەبىئەت بىلەن جەمئىيەتنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرگەنلىك «تادۇ» ئۇقۇمىغا خاس يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكتۇر. بىر پەلسەپىۋى كاتېگورىيە تارىخىي يوسۇندا مەيدانغا كېلىدۇ. تارىخنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئۇ پەلسەپىۋى كاتېگورىيىنىڭ مەزمۇنىمۇ بېيىپ بارىدۇ، تېخىمۇ راۋاجلىنىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ
لوگىكىلىق باشلىنىش نۇقتىسى بولغان «تادۇ» ئۇقۇمى
بىلەن قەدىمكى ياۋروپا، ئەرەب ۋە قەدىمكى جۇڭگو
پەلسەپىسىدە ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق شەكىللەنگەن
ئىپتىدائىي بىر نەچچە ئاساسىي زات توغرىسىدىكى ئۇقۇم
ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا ئوخشاشلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇنى
ئالدىنقىسىنىڭ ئاددىي ۋە نوقۇل كۆچۈرۈلمىسىدىن ئىبا-
رەت دەپ ھېسابلىغىلى بولمايدۇ. «تادۇ» ئۇقۇمى قە-
دىمكى زامان پەلسەپە ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلغانلىق-
تىن ئىبارەت بىر نۇقتىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپلا قالماستىن،
پەلسەپىۋى ئۇقۇمنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقانلىقتىن ئىبارەت
تېخىمۇ مۇھىم بولغان يەنە بىر مەزمۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە
ئالغان.

بىلىشنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن، شۇنىڭدەك پەل-
سەپىنىڭ تەرەققىيات تارىخىدىن قارىغاندا، مەيلى قاي-
سى دۆلەتتە بولسۇن، دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى
ئىپتىدائىي ماددا (بىر نەچچە ئاساسىي زات ئۇقۇمى)
ئىنسانىيەت ئەمەلىيىتىنىڭ، بىلىش تەرەققىيات تارىخى-
نىڭ مۇئەييەن باسقۇچىدا شەكىللەنگەن. ئىجتىمائىي،
تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇئەييەن باسقۇچىنى ئىپادە
قىلغان بۇ كاتېگورىيىنىڭ مەزمۇنى دەۋر تەرەققىياتىغا
ئەگىشىپ بېيىپ باردى. شۇنىڭدەك ئۇ، يەنە بىر يېڭى
كاتېگورىيىنىڭ شەكىللىنىشىدە ئىپتىدائىي ماتېرىياللىق
رولىنى ئوينىدى. ئەڭ دەسلەپتە شەكىللەنگەن بەش
ماتېرىيال ئۇقۇمى بىلەن پەلسەپىۋى ئۇقۇم بولۇپ شە-

كىللەنگەن بەش ئاساسىي زات ھەققىدىكى ئۇقۇم ئوتتۇ-رىسىدا مەلۇم ئوخشاشلىق بولسىمۇ، ئەمما ئالدىنقىسىنى كېيىنكىسى بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويغىلى بولمايدۇ. ئال-دىنقىسى بەش ئاساسىي زات بىلەن باغلانغان بولسىمۇ، تېخى ئۇ پەلسەپىۋى ئۇقۇم مەنىسىنى بىلدۈرەلمەيتتى، پەقەت پەلسەپە ئۇقۇمىنىڭ بىشىدىن ئىبارەت بولغان ئىدى، كېيىنكىسى بولسا مۇئەييەن ئۇقۇم ئىدى. كېئولوگىيە ماتېرىياللىرى ئىسپاتلاپ بېرىدىغان «يېڭى مۇز دەۋرى» دىن كېيىن، قار - مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرى كەلكۈن ئاپىتىگە دۇچ كەلگەن ئىدى. بۇنىڭغا دائىر ئىزلارنى كېئولوگىيىلىك ماتېرىياللاردىن ۋە قەدىمكى زامان خەلقلىرى ئارىسىدا تارقالغان سىر-لىق رىۋايەتلەردىن ھېس قىلغىلى بولىدۇ. بىزنىڭ ئەۋ-لادلىرىمىز كەلكۈن ئاپىتىگە قارشى جاپا - مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش جەريانىدا «بەش نەرسە» (سۇ، ئوت، ياغاچ، مېتال، توپا) نىڭ خۇسۇسىيىتىنى، ئۇلار-نىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا باغلىنىشنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭدەك، مۇشۇنداق بىر تەجرىبىگە تايىنىپ، كەلكۈن ئاپىتىگە قارشى كۈرەشنى مەلۇم مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتۈرگەن ئىدى. بۇ پەقەت ئىشلەپ-چىقىرىش كۈرىشى تەجرىبىسىنىڭ يەكۈنىدىكى بەش نەرسىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى چۈشەنچىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، پەلسەپىۋى ئۇقۇمىنىڭ شەكىللىنىشىدە پەقەت بىخلىق رولىنىلا ئوي-

نىغان ئىدى. تېخى دۇنيانىڭ مەنبەسىنى بىلدۈرىدىغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيە بولۇپ شەكىللەنمىگەن ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ مۇئەييەن تەرەققىياتى نەتىجىسىدە، باشلانغۇچ جەمئىيەتنىڭ ئورنىنى ئىگىلىگەن قۇللۇق جەمئىيەتتە پەلسەپە مەيدانغا كەلدى. بىر نەچچە «ئاساسىي زات» پۈتكۈل دۇنيانىڭ مەنبەسىدىن ئىبارەت دەپ قارالغان ئاشۇ تارىخىي دەۋردىلا. ئاندىن بىر سەكرەشنى باشتىن كەچۈرۈپ، پەلسەپىۋى كاتېگورىيىگە ئايلاندى. ھەر قايسى دۆلەت ماتېرىيالىستلىرى دۇنيانىڭ مەنبەسى بىر نەچچە «ئاساسىي زات» تىن ئىبارەت دەپ قارىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئاساسىي زات دەپ قارىغانلىرى ئاز - تولا پەرقلىنەتتى. يۇنانلىق ماتېرىيالىستلار دۇنيانىڭ مەنبەسى تۆت ئاساسىي زاتتىن — ئوت، سۇ، توپا، ھاۋادىن تەشكىل تاپقان دېسە، ھىندىلارنىڭ «چارۋاكلار ئېقىمى» دۇنيانىڭ مەنبەسى تۆت ئاساسىي زاتتىن ئىبارەت دەپ قارىدى. ئۇلار شامالنى يۇنانلىقلار ئوتتۇرىغا قويغان ھاۋانىڭ ئورنىغا دەسسەتكەن ئىدى.

قۇللۇق جەمئىيىتى مەملىكىتىمىزدە يەن دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن ئىدى. مىلادىيىدىن 1000 يىل بۇرۇنقى ئاشۇ دەۋردە دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ ئىپتىدائىي ماتېرىيالىزملىق ۋە دىئالېكتىكىلىق ئىدىيىلەر بارلىققا كەلدى. ئاشۇ دەۋردە يەنلىك جىزى دېگەن كىشى يازغان «كىتابى خوڭ-

پەن»① دە سۇ، ئوت، ياغاچ، مېتال، تۇپراقتىن ئىبارەت بەش نەرسە توغرىسىدا ۋە ئۇلارنىڭ خاراكتې-رى ئۈستىدە توختالغان ھەمدە ئۇلار تۇرمۇشتا بىردەم-مۇ ئايرىلغىلى بولمايدىغان ماددىي نەرسىلەردىن ئىبا-رەت دېيىلگەن ئىدى. چۈنچيۇ، جەنگو دەۋرىدە رەسمىي پەلسەپىۋى سىستېمىلار ۋۇجۇدقا كەلدى. مۇشۇ دەۋرگە مەنسۇپ چىن شىخۋاڭدىن بۇرۇن ئۆتكەن بەزى مۇتە-پەككۇرلار بەش نەرسە قارىشىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇنى دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئۇقۇمغا ئايلاندۇردى. چىن دۆلىتىدىن بولغان شىبو② دېگەن كىشى بەش ئاسا-سىي زاتنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىدىن ھەممە نەرسە ۋۇ-جۇدقا كېلىدۇ دېگەن قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى دۇنيانىڭ مەنبەسىگە باغلاپ ئىزاھلىغان، ئاندىن ئۇ، دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ئىپتىدائىي بەش ئاسا-سىي زات ئۇقۇمىغا ئايلانغان ئىدى. پەلسەپىۋى مەز-مۇنغا ئىگە بولمىغان «بەش نەرسە» ھەققىدىكى قاراش-نىڭ پەلسەپىۋى مەزمۇنغا ئىگە «بەش ئاساسىي زات»

---

① خۇڭپەن — «شاڭشۇ» دېگەن كىتابنىڭ ئىچىدىكى بىر ئەسەر. رە-ۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇ ئەسەر جەنگو دەۋرىدە پەيلىك جىزى دېگەن كىشى تەرىپىدىن يېزىلغان. «خۇڭپەن» بەش نەرسىنى ئاساس قىلىپ ئىشلەپچىقىرىلغان سىرلىق سىستېما. ئەمما ئۇنىڭ ئىچىدە «بەش نەرسە» بىلەن تەبىئەت ھادىسىلىرى چۈشەندۈرۈلگەن مەزمۇنلار، ساددا ماتېرىيالىزملىق ئامىللارمۇ بار.

② شىبو — غەربىي جۇ سۇلالىسى (مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ٧٧٠ - يىللار-دىن مىلادىيەدىن بۇرۇنقى ١٤ - يىللار) جۇ پەگىلىكىنىڭ تارىخچىسىنىڭ تارىخىي دەۋ-رىدە ياشىغان.

ھەقىقىدىكى قاراشقا تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ ئۆزى بىر تارىخىي جەريان بولۇپ، ئۇ لوگىكىلىق جەھەتتىن بىلىشنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە، پەلسەپىنىڭ شەكىللىنىش ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ئۇيغۇن كېلىدۇ. كىشىلەر ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا، ئالدى بىلەن ئايرىم شەيئىلەر ھەققىدە مۇئەييەن بىلىشكە ئېرىشىدۇ. ئاندىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ پۈتكۈل دۇنيانىڭ ماھىيىتى ھەققىدىكى بىلىشكە، پەلسەپىۋى دۇنيا قاراشقا ئېرىشىدۇ. دۇنيانىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى «ئاساسىي زات» قارىشى تارىختا ئۆتكەن جۇڭگولۇق ۋە چەت ئەللىك ئىدېئالىستلارنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشلىرىدىن تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. جۇڭگولۇق پەيلاسوپلاردىن كۇڭزى①، مېڭزى②، لاۋزى③ قاتارلىقلار؛ چەت ئەللىك پەيلاسوپلاردىن پلاتون④ قاتارلىقلار دۇنيانىڭ مەنبەسى ماددىي «ئاساسىي زات» ئەمەس، ئىدىيە ياكى خۇدا مەنىسىنى ئالغان «تەڭرى»، «تەرىقەت»، «قانۇنىيەت»، «يوق»، «مۇتلەق ئىدىيە» دېگەندىن ئىبارەت دېيىشتى.

---

① كۇڭزى — (مىلادىدىن بۇرۇنقى 551- يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 479- يىل) چۇنچيۇ دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە ياشىغان ئىدىيولوگ، سىياسىئون، مائارىپچى، روجا ئېقىمىنىڭ ئىجادچىسى.

② مېڭزى — (مىلادىدىن بۇرۇنقى 372- يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 289- يىل) جەنگو دەۋرىدىكى ئىدىيولوگ، سىياسىئون، مائارىپچى.

③ لاۋزى — چۇنچيۇ دەۋرىدىكى ئىدىيولوگ، دوجا ئېقىمىنىڭ ئىجادچىسى.

④ پلاتون — (مىلادىدىن بۇرۇنقى 427- يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 347- يىل) قەدىمكى يۇنانلىق ئوبيېكتىپ ئىدىيالىست.

دۇنيانىڭ مەنبەسى «ئىدىيە» (تەڭرى) دىن ئىبارەت دېگەن قاراش دۇنيانىڭ مەنبەسى «ئاساسىي زات» تىن ئىبارەت دېگەن قاراشتىن تۈپتىن پەرقلىنەتتى. ئۇلار- نىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئىككى ئىدىيىۋى لۇشيەندىن بىر - بىرسىگە قارىمۇ قارشى بولغان ئەڭ قەدىمكى ئىككى خىل پەلسەپۋى لاگىر شەكىللەنگەن ئىدى. دۇنيانىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار ئىجتىما- ئىي تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر- لاشتى. بىر - بىرسىگە قارىمۇ قارشى ئىككى خىل پەل- سەپۋى لۇشيەن ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەشمۇ بۇرۇنقىدىن بارغانسېرى مۇرەككەپلەشتى. لېكىن، دۇنيانىڭ مەنبەسى ھەققىدىكى قاراشلار ئۆزىنىڭ تارىخىي مەنبەسىدىن ئېيت- قاندا، ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئاشۇ ئىپتىدائىي قاراشلارغا چېتىلماي قالمايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوللانغان «تادۇ» ئۇقۇمى ئۆزىنىڭ ئومۇمىي مەزمۇنى جەھەتتىن دۇنيا بىر نەچچە «ئاساسىي زات» تىن تەشكىل تاپقان دېگەن قاراش بىلەن مەلۇم ئوخشاشلىققا ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، «ئاساسىي زات» نى بەش ئەمەس، تۆت دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قارى- شى بىلەن يۇنانلىق ماتېرىيالىست ئېمپېدوكىل ① ۋە ئەبۇ نەسىر فارابى② نىڭ دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىس-

---

① ئېمپېدوكىل — (مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ٤٩٠ - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى ٤٣٠ - يىل) قەدىمكى يۇنانلىق ماتېرىيالىست پەيلاسوپ.

② فارابى — (٨٧٠ — ٩٥٠) پەيلاسوپ، مۇزىكا نەزەرىيىچىسى.

دىكى قارىشى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق تېخىمۇ يېقىن. ئېمپېدوكىل كائىناتنىڭ ھەممىسى «تۆت زات» تىن، يەنى ئوت، سۇ، توپا، ھاۋادىن شەكىللەنگەن دەپ قارىغان ئىدى؛ فارابى بولسا، ئاسمان جىسىملىرى ۋە يەر جىسىملىرى ئورتاق تۆت زاتتىن ۋە ئۇنىڭ بىرىكمىلىرىدىن تەشكىل تاپقان دېگەن ئىدى. روشەنكى، مەيلى چەت ئەلنىڭ، مەيلى ئېلىمىز جۇڭگونىڭ پەلسەپە تارىخىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان «تادۇ» ئۇقۇمى دۇنيانىڭ مەنبەسى بىر نەچچە ئاساسىي زاتتىن ئىبارەت دېگەن ماتېرىيالىستىك قاراشنى ئىزچىللاشتۇرغانلىقى ئىنكار قىلىشقا بولمايدىغان بىر تارىخىي پاكىتتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئاساسىي زات قارىشىغا ۋارىسلىق قىلىپلا قالماستىن، تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئۇنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتتى. ئۇ «تادۇ» دىن دۇنيالا ئەمەس، تىرىكلىكمۇ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تادۇ ئۇقۇمىنىڭ مەزمۇنىنى تەبىئەت دۇنياسىدىن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىگە قەدەر كېڭەيتىشكە ھەرىكەت قىلدى. «تادۇ» تەبىئەتنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭ مەنبەسى بولۇپلا قالماستىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنىڭمۇ مەنبەسى. بىز «ئاساسىي زات» نىڭ تەرەققىياتى بىلەن باغلانغان ياۋروپا ۋە ئېلىمىز ئىچكى رايونلىرىنىڭ پەلسەپە تارىخىنى ئەسلىگىنىمىزدىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى تۆھپىسىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغانلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس

تىلىمىز. قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپلىرى ئەسلى زات قارىشىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بىللە، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى مەلۇم بىرسىنى كائىناتنىڭ ئاپىرىدە بولۇشىدا تېخىمۇ مۇھىم، تېخىمۇ مەنبەلىك ئورۇندا تۇرىدۇ دەپ قارىغان ئىدى. كائىناتنىڭ مەنبەسىنى تېلېس ① «سۇ» دېسە، ئاناكسىمېنت ② «ھاۋا» دېدى، ھېراكلىت③ «ئوت» دېگەن ئىدى. ھېراكلىت نەزىرىدە «ئوت» باشقا نەرسىلەرگە قارىغاندا، تېخىمۇ جانلىق، تېخىمۇ ئۆزگىرىشچان ئىدى. ئۇ، «دۇنيانى ھەر قانداق ئىلاھ ياكى ھەر قانداق كىشى ياراتقان ئەمەس. دۇنيا مەڭگۈ كۆيۈپ تۇرىدىغان، شۇنداقلا ئۆچۈپ بارىدىغان ئوت» دېگەن ئىدى. لېنىن ھېراكلىتنىڭ مۇشۇنداق نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بۇ دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق پرىنسىپنى قالتىس چۈشەندۈرگەنلىك» ④ دېگەن ئىدى. جۇڭگونىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلىرى دۇنيانىڭ مەنبەسى بەش ئاساسىي زاتتىن تەركىب تاپقان دېگەن قاراش ئاساسىدا، تەدرىجىي يوسۇندا شۇلارنىڭ ئىچىدى-

① تېلېس — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 624 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 547 - يىلغىچە ياشىغان ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ، ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا ۋە ھاۋا رايى جەھەتتە تۆھپىسى بار.

② ئاناكسىمېنت — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 610- يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 546 - يىلغىچە ياشىغان قەدىمكى يۇنان مىلىت ئېقىمىنىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى.

③ ھېراكلىت — مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 540 - يىلدىن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 480 - يىلغىچە ياشىغان قەدىمكى يۇناننىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى.

④ «لېنىن ئەسەرلىرى» 38- توم، خەنزۇچە نەشرى 395- بەت.

نكى مەلۇم بىر زاتنى دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ قاراي-
دىغان بولدى. ۋاڭ چوڭ① «هاۋا» كائىناتنىڭ مەنبە-
سى. ياڭچۇەن② «سۇ» كائىناتنىڭ مەنبەسى. فاڭ يىجى③
«ئوت» كائىناتنىڭ مەنبەسى دەپ قارىدى. ياۋروپادا
ئالەمنىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ستىخىيلىك ماتېرىيا-
لىزم ۋە ساددا دىئالېكتىك ئىدىيە «سۇ» ياكى «هاۋا»
نى ئاساس قىلىپ راۋاجلاندۇرۇلغان بولماستىن، «ئوت»
نى ئاساس قىلىپ راۋاجلاندۇرۇلغان ئىدى. جۇڭگودا
دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ماتېرىيا-
لىستىك ئىدىيە «سۇ» نى ياكى «ئوت» نى ئە-
مەس، «هاۋا» نى ئاساس قىلىپ راۋاجلاندۇرۇلدى.
جۇڭگونىڭ ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىسى ۋە چوڭقۇر، مول
مەزمۇنغا ئىگە دىئالېكتىكا ئىدىيىسى دۇنيانىڭ مەنبە-
سى «هاۋا» دېگەن قاراش بىلەن باغلانغان. بۇ بولسا،
جۇڭگو پەلسەپىسىگە خاس جۇڭگوچە ئالاهىدىلىكنىڭ
مۇهىم ئىپادىسىدۇر، ئۇ، بەش ئاساسىي زات ئىدىيىسى ئاسا-
سىدا شەكىللەنگەن. دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى
«هاۋا» دېگەن ئۇقۇم كەم دېگەندە، ۋاڭ چوڭدىن تارتىپ
فاڭ يىجىغىچىلىك بىر قاتار تەرەققىياتلارنى ئۆز بېشى-
دىن كەچۈردى. ئۇنىڭ مەزمۇنى زور دەرىجىدە بېيىدى.

---

① ۋاڭ چوڭ — (مىلادى ٢٧ — ٩٧) شەرقىي خەن سۇلالىسىنىڭ ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپى.

② ياڭچۇەن — ۋېي - جىن ئارلىقىدىكى پەيلاسوپ.

③ فاڭ يىجى — (مىلادى ١٦١١ — ١٦٧١) مىڭ - چىڭ سۇلالىرى ئارىلىقىدىكى پەيلاسوپ، ئالىم.

ئاناكسىمېنت دۇنيانىڭ مەنبەسى دەپ قارىغان «ھاۋا»، جۇڭگو پەيلاسوپلىرىدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر قاراشنى شەكىللەندۈردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتىكى قاراش زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. ۋاڭ چوڭ ئالەمنىڭ مەنبەسى «ئىپتىدائىي ھاۋا» دەپ قارىدى. ئۇ: ئىپتىدائىي ھاۋا-مۇنىزىملىق ماتېرىيالىزملىق ئالەم قارىشىغا روشەن ئاساس سېلىپ، تەرىقەت (داۋ) مۇنىزىملىق ئىدېئالىزملىق ئالەم قارىشىنى يېڭىپ، جايىنى ① ۋە «خۇەي نەنزى» ② گە قارىغاندا تېخىمۇ ئىلگىرىلىدى. بۇ بولسا، جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدىكى بىر سەكرەش ئىدى. لوزۇگيۈەن③ ئىپتىدائىي ھاۋانىڭ ئۆز ھەرىكىتى توغرىسىدىكى قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، ئالەمنىڭ مەنبەسى ئىپتىدائىي ھاۋا، شۇنداقلا ئۇ، ھەرىكەتنىڭ سەۋەبى؛ ئاسمان بىلەن يەر ئوتتۇرىسىدىكى بارلىق ھەرىكەت ئىپتىدائىي ھاۋانىڭ ئىچىدىكى يىڭ - ياڭنىڭ ئىسسىق - سوغۇقلۇق ئۆزگىرىشىدىن كېلىپ چىققان دېگەننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ۋاڭ چوڭنىڭ ئىپتىدائىي ھاۋامۇنىزىملىق ماتېرىيالىزمىغا

---

① جايىنى — مىلادىدىن بۇرۇنقى 200- يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 168- يىلغىچە ياشىغان غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ سىياسىئونى، ئەدەبىياتچى.

② خۇەي نەنزى — غەربىي خەن سۇلالىسىنىڭ ۋاڭى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىدىن سۇفېي، لى شاڭ، ۋۇبى قاتارلىقلار يازغان ئەسەر. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمى 21 پارچە ماقالىدىن، سىرتقى قىسمى 33 پارچە ماقالىدىن تەركىب تاپقان. كىتاب ئۆزىنىڭ مەزمۇنىدىن قارىغاندا، ھەر خىل ئېقىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

③ لوزۇگيۈەن — (مىلادى 773 — 819) تاڭ دەۋرىدىكى ئەدەبىياتچى، پەيلاسوپ.

تاز بولمىغان مەزمۇنلارنى قوشتى. لويۇشى ① نىڭ قا-
رىشىچە، ئىپتىدائىي ھاۋا يەڭ - ياڭغا بۆلۈنىدۇ. يەڭ -
ياڭدىن ئىبارەت ئىككى ھاۋانىڭ ئۆزئارا تەسىر كۆر-
سىتىشىدىن ئوخشاش بولمىغان ماددا ھەرىكىتى تۇغۇ-
لۇپ، نەرسىلەر ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. نەرسىلەر ئۆزىنىڭ
خۇسۇسىيىتىگە قاراپ توپقا بۆلۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدىكى
جانلىقلار ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلاردىن ئىبارەت ئىك-
كى خىلغا بۆلۈنىدۇ. ھايۋانات ئىچىدىكى ئەڭ ئەقىللىك،
قانۇن - تۈزۈملەرنى تۈزەلەيدىغان ۋە ئىگىلىيەلەيدىغان،
شۇنىڭدەك ھەر خىل تەبىئىي بايلىقلاردىن پايدىلىنىپ،
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى بەرپا قىلالايدىغىنى ئادەم.
ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ماددا بولغان تەبىئەت دۇنيا-
سى بىلەن بىرلىكى بار، دەپ قارىدى. بۇ بولسا، ماتې-
رىيالىزملىق مونىزمنىڭ ئالەم قارىشى بىلەن ئىنسانىيەت
جەمئىيىتىدىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ماددىلىق خۇسۇسى-
يەتكە ئىگە ئوبيېكتىپ جىسىمنى كۆزىتىش جەھەتتىكى
بىر سىناق ئىدى. ۋاڭ ئەنشى ② دۇنيانىڭ مەنبەسى
ئىجتىمائىي ھاۋا، ئۇ كونكرېت يوسۇندا مېتال، ياغاچ،
سۇ، ئوت، توپىدىن ئىبارەت بەش خىل ماددىي زاتقا
ئايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، كا-

---

① لويۇشى (مىلادى 772 — 842) تاڭ دەۋرىدىكى ئەدەبىياتچى،
پەيلاسوپ.

② ۋاڭ ئەنشى — (مىلادى 1021 — 1086) شىمالىي سۇڭ سۇلالىسى
دەۋرىدىكى سىياسىئون، ئىدېئولوگ، ئەدەبىياتچى.

ئىنات مەيدانىغا كەلگەن، دەپ قارىدى. ئۇ، كائىناتنىڭ ھەممىسىنىڭ ھەمراھى بولىدۇ، ھەمراھنىڭ ئىچىدە ھەمراھ بولىغاچقا، كائىناتنىڭ ئۆزگىرىشى چەكسىز بولىدۇ، دەپ قارىدى. ئۇ، زىددىيەت قارىشىنى بەش ئاساسىي زاتنىڭ ئىچىگە سىڭدۈردى. ئىدېئالىزمنىڭ پىشقان فورمىسىغا نىسبەتەن چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ۋە تەنقىدىي يوسۇندا ۋارىسلىق قىلىش ئارقىلىق ماتېرىيالىزملىق ئىدىيىنى يېڭى بىر باسقۇچقا كۆتۈرگەن مەشھۇر پەيلاسوپ ۋاڭ تىڭشاڭ① تەرىقەتچىلەر پەلسەپىسى قوللانغان پەلسەپىۋى كاتېگورىيىگە ماتېرىيالىزملىق مەنە بېرىپ ھاۋامونىزملىق ماتېرىيالىزمنى راۋاجلاندۇردى. ئۇ: ئاسمان - زېمىن پەيدا بولۇشتىن ئىلگىرى پەقەت ئىپتىدائىي ھاۋا مەۋجۇت ئىدى، ئىپتىدائىي ھاۋا كىشىلەرنىڭ تەرىقەت قانۇنىيىتىنى يارىتىش سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئىپتىدائىي ھاۋانىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان ھېچقانداق ماددا، ھېچقانداق تەرىقەت، ھېچقانداق قانۇنىيەت يوق، دېدى. فاڭ يىجى مول تەبىئىي پەن بىلىملىرى ئاساسىدا ئوت، ھاۋا مونىزملىق ماتېرىيالىزملىق تەبىئەت پەلسەپىسىنى بەرپا قىلىپ، ماددىنىڭ بىرلىكى بىلەن ماددا ھەرىكىتىنىڭ مەڭگۈلۈكلىكىنى، ماددا بىلەن ماكان - زامانىنى بىرلەشتۈردى. ئوت - ھاۋانىڭ ئەرسىلەرگە ئايلىنىشىنىڭ

① ۋاڭ تىڭشاڭ — (مىلادى 1474 — 1544) مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پەيلاسوپ، ئەدەبىياتچى.

ئىچكى مەنبەسى. ئوت بولغاچقا ئاسماننىڭ مەڭگۈ ھەرىكىتى، ئىنسانىيەتنىڭ مەڭگۈ ھەرىكىتى بولىدۇ، دېدى. ئىلىمىز جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدا «بەش ئاساسىي زات» ئىدىيىسىنىڭ شەكىللەنگەنلىكى، شۇنىڭدەك ئۇنى ئاساس قىلغان دۇنيانىڭ مەنبەسىنى ئىپادە قىلىدىغان مول مەزمۇنغا ئىگە «ھاۋا» ئۇقۇمىنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكى دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى ماتېرىيالىستىك ئۇقۇمنىڭ تارىخىي يوسۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ تارىخىي يوسۇندا راۋاجلىنىپ، مۇئەييەن بىر تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنىڭ پەلسەپىۋى بىلىش چەمبىرىكىنىڭ مەلۇم بىر ھالقىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدا لويوشى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ماددىي بىرلىكىنى ئىپتىدائىي يوسۇندا قىياس قىلغان ئىدى. فېيېرباخ① نىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مۇھىمى، كونا ماتېرىيالىزمنىڭ نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنلىكتىن ئىبارەت بولدى. ماركس — ئېنگېلسكە تايانمايمۇ مۇستەقىل يوسۇندا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ياراتقان دېتسگېن② تارىخ ئالدىدا توختاپ قالغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ماتېرىيالىزملىق ئاسا-

① فېيېرباخ — (1804 — 1872) گېرمانىيىلىك ماتېرىيالىست پەيلاسوپ.

② دېتسگېن — (1828 — 1888) گېرمانىيىلىك ماتېرىيالىست پەيلاسوپ.

سىي زات قارىشىدا تۇرۇپ، دۇنيانىڭ مەنبەسىنى ئىپا-
دە قىلىدىغان «تادۇ» ئۇقۇمىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. «تادۇ»
(تۆت زات)نى تەبىئەت دۇنياسىنىڭ مەنبەسى دەپ قاراش
بىلەنلا چەكلەنمەستىن، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭمۇ مەن-
بەسى دەپ قارىغانلىق — ئۇنىڭ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن
ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئوتتۇرىسىدا ئۆتكىلى بولمايدى-
غان خەندەك يوقلۇقىنى، بەلكى ئۇلارنىڭ بىرلىكى
ئۇلارنىڭ ماددىلىقىدا ئىكەنلىكىنى دەسلەپكى قەدەمدە
قىياس قىلغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇنى ئەلۋەتتە يۈسۈپ
خاس ھاجىپ قوللانغان دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدى-
كى، «تادۇ» ئۇقۇمىنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم
بىر مەزمۇنى دەپ ھېسابلاشقا توغرا كېلىدۇ.

ئۈچىنچى، تەقدىرچىلىككە قارشى تۇرۇش — يۈسۈپ
خاس ھاجىپ قوللانغان «تادۇ» ئۇقۇمىنىڭ يەنە بىر
ئالاھىدىلىكىدۇر.

تەقدىرچىلىك — دۇنيانىڭ مەنبەسى ۋە ئۇنىڭ تە-
رەققىياتىنىڭ سەۋەبىنى ئۇنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، غەيرىي
تەبىئىي كۈچلەردىن ئىزدەيدىغان، كىشىلەرنى ئۆ-
زىنىڭ رېئال تۇرمۇشىدىكى تەقدىرگە تەن بېرىپ،
قۇلچىلىق ئىدىيىسىنىڭ ئەسىرىگە ئايلىنىشنى تەشەببۇس
قىلىدىغان خاتا قاراشتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلىم-
پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئاساسىدا دۇن-
يانىڭ مەنبەسى «تادۇ» دىن ئىبارەت دەپ قارىغانلىقى
ئۈچۈن، ئىلىم — پەنگە زىت بولغان، دۇنيانىڭ مەنبە-
سىنى قانداقتۇ غەيرىي بىر كۈچكە باغلاپ قويىدىغان،

تەقدىرچىلىكنى تەشەببۇس قىلىدىغان قاراشلارنى پەنگە تايىنىپ قاتتىق رەت قىلدى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ جىنكەشلىك ۋە تىبابەتچىلىك، كىبەللىك ۋە سالامەتلىك ئۈستىدە توختالغاندا، تەقدىرچىلىكنى ناھايىتى ماھىرلىق بىلەن مۇنداق سۆكىدۇ:

4358 تىرىك بولسا ئادەم ئۇ كىبەل بولۇر،
تىۋىپلار كىبەلگە داۋالار قىلۇر.

4357 يەنە بەك كىرەكلىك ساڭا بۇ كىشى،
ئۇخشالماس ئۇنىڭسىز تىرىكلىك ئىشى.

4359 كىبەللىك — كىشىچۈن ئۆلۈم قولدىشى،
كىشىگە ئۆلۈم بار، ھايات ئوخشىشى.

4356 ئۇلاردىن بىرىسى تىۋىپلار ئىرۇر،
پۈتۈن دەرد — كىبەلگە داۋالار قىلۇر.

4361 بۇلاردىن قالسا، باردۇر ئەپسۇنچىلار،
پەرى — جىنلىق كىبەل داۋالاۋچىلار.

4364 تىۋىپلار تەن ئالماس ئۇلار سۆزىنى،
ئۇلارمۇ تىۋىپقا ئۆرۈر يۈزىنى.

4365 بىرى دەر: دورا يەپ كىبەل ساقىيار،
بىرى دەر: قاچار جىن، ئىبىلسا تۇمار.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ يەردە مۇنداق بىر نەچچە مۇھىم پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ: بىرىنچى، ئادەم ھاياتىدا كېسەل بولماي قالمايدۇ. كېسەللىك — ئۆلۈمنىڭ قولدىشى، يەنى كېسەللىك ئۆلۈمگە سەۋەبچى بولىدۇ؛ ھاياتلىق مۇقەررەرلىككە ئىگە بولغىنىدەك، ئۆلۈممۇ مۇقەررەرلىككە ئىگە. ئىككىنچى، تېۋىپلار كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاپ، تېنىگە شىپالىق تەقدىم قىلىدۇ. ئۈچىنچى، رېئال تۇرمۇشتا تېۋىپلار ۋە ئەپسۇنچىلار بار، ئەپسۇنچىلار تېۋىپلاردىن يۈز ئۆرۈپ تۇمار ئېسىلسا جىن قاچىدۇ دەيدىغانلىقىنى، تېۋىپلارنىڭ ئەپسۇنچىلار سۆزىنى تەن ئالمايدىغانلىقىنى، ئۇلار كېسەل دورا ئارقىلىق ساقىيىدۇ دەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىر قارىماققا گەپ ئادەم، سالامەتلىك، تېۋىپلار ۋە ئەپسۇنچىلاردىن ئىبارەت كونكرېت ئادەملەر ۋە كونكرېت ئىشلار ئۈستىدە كېتىپ بارغاندەك كۆرۈنىدۇ، ئەمەلىيەتتە بولسا، مۇشۇ مەسىلىلەر ئاساسىدا دۇنيانىڭ مەنبەسى مەسىلىسىدىكى ئەڭ كونا، ئەڭ چىگىش، ئەڭ نازۇك مەسىلە ناھايىتى سىلىق، ئەپچىل ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا ھەل قىلىنىدۇ. ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ۋە تىبابەتچىلىك بىلىمىگە تايىنىپ تۇرۇپ ئۆز قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقان يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەن بىلەن قىلچىلىكمۇ سىغىشالمايدىغان «ئەپسۇن»، «جىن»، «تۇمار» قاتارلىقلارنى ئىككىلەنمەي رەت قىلىدۇ. ناھايىتى روشەنكى، «ئەپسۇن»، «جىن»، «تۇمار» نىڭ ھېچ ياراتقۇچىغا چېتىلىدۇ. دۇنيادا

ياراتقۇچى مەۋجۇت دەپ قارالسا، بۇ ياراتقۇچى ئۆزى-نىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى قىلىغان «ئەپسۇن»، «جىن»، «تۇمار» قاتارلىق نەرسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ «كارامىتى»نىڭ مەۋجۇتلۇقى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. ئەگەر دۇنيادا ياراتقۇچى مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارالسا، ئۇنىڭ بىلەن باغلانغان «ئەپسۇن»، «جىن»، «تۇمار» ھەمدە ئۇلارنىڭ كارامىتىمۇ مەۋجۇت ئەمەس دەپ قارىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «ئەپسۇن»، «جىن»، «تۇمار» ۋە ئۇنىڭ كارامىتىنى ئىنكار قىلغان ئىكەن، ئەمەلىيەتتە مۇشۇ ئۇقتىدا ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى، ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ياراتقۇچى بىلەن باغلانغان تەقدىرگە تەن بېرىشنىمۇ ئىنكار قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كېسەلنىڭ سەۋەبى، ئاقىۋىتى، مىجەزگە بېقىش، ئىستەككە يېتىشكە تىرىشچانلىق كۆرسىتىش توغرىسىدىكى بايانلىرى ئۇنىڭ ئالدىنقى قارىشىنى كۈچەيتىدۇ. كېسەل نېمىدىن بولىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ كېسەل گالدىن كىرىدۇ (4615 - بېيىت) دەيدۇ، ئاغرىقنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈچىدىن كېتىدۇ، ئۆلۈم ئالدىرىتىدۇ (4616 - بېيىت) دەيدۇ. قانداق قىلغاندا كېسەللىكتىن قۇتۇلغىلى بولىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىسسىق - سوغۇقنى ئايرىش كېرەك (4620 - بېيىت)، مىجەزىگە بېقىپ تاماق يېيىش كېرەك. مىجەزىگە ياققاننى يېيىش، مىجەزىگە ياقمىغاننى يېمەسلىك؛ ياشقا قاراپ، ياشنىڭ

چوڭقۇيشىغا ئەگىشىپ، يېمەكلىك تەركىبىنىمۇ سوغۇقتىن ئىسسىققا ئۆزگەرتىش كېرەك، قۇرۇق سوغۇق ئاشقا، ھۆل ئىسسىقنى تاپ (4626 - بېيىت). ھۆل سوغۇق ئاشقا. ئىسسىق قۇرۇق ئىشلەت (4627 - بېيىت). سوغۇق بولسا ئىسسىقلىق قىل. ئىسسىق بولسا سوغۇقلۇق قىل. (4628 - بېيىت). ئەگەر مىجەزىڭ مۆتىدىل بولسا، ئىسسىقلىق - سوغۇقلۇق ئارا چارە قىل دەيدۇ. كىشىلەرنىڭ مىجەزىگە ماس ھالدا، ئۇلارنىڭ رەڭگى سېرىق، ئاق، قارا ياكى قىزىل بولىدۇ (4623 - بېيىت). ئۇلار بىر - بىرسى بىلەن قارشىمۇ قارشى بولىدۇ. مىجەزىگە ياراشقاننى يېيىش كېرەك. ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى خۇلاسىلەپ، ئۆزىنى ھېكمەتلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈش كېرەك دەيدۇ. ئىستەككە قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەك؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىستەك بولۇش كېرەك. ئۇ تىلىگەن بىلەن ئەمەلگە ئاشمايدۇ (4783 - بېيىت). ئۇنىڭغا يېتىش ئۈچۈن، شۇنىڭ كويىدا بولۇش كېرەك (4784 - بېيىت). تىرىشسا تىلەككە يەتمەي قالمايدۇ دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ تۆت مەسىلىنى شەيئىنىڭ ئۆز ئىچىدىن تېپىشقا تىرىشقان. شەيئىنىڭ سىرتىدىن بىرەر نەرسىنى خالىغانچە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنىڭ ئىچىگە زورمۇ زور سىغداپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلمىغان، بۇ يەردە ھەقىقەتەن «ئەپسۇن»، «جىن»، «تۇمار» لار ئۈچۈن پاناھلىق ئورۇن قالمىغان. شۇنىڭدەك، ئۇلار چېتىلىدىغان يارىتقۇچىنىڭ ئىرادىسى تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان «تەقدىر» دېگەن نەرسىمۇ ھېچقانداق

ئەمەلىي يوسۇندا تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان جانسىز نەرسە تەرىقىسىدە بىر چەتكە قايرىپ قويۇلغان... ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان بىر ئەلدە تېۋىپ ۋە ئەپسۇنچىلار ئۈستىدە توختىلىش ئارقىلىق ياراتقۇچىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىشتىن بىشارەت بەرگەنلىكى — ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان تادۇ ئۇقۇمىنىڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇنىڭ يۇنان ۋە ئەرەب پەلسەپىسى بىلەن ياۋروپا پەلسەپىسى ئوتتۇرىسىدا، جۇڭگو بىلەن غەرب پەلسەپىسى ئوتتۇرىسىدا پەلسەپىنىڭ بىر تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ تارىخىي نامايەندىسى سۈپىتىدە باغلىغۇچىلىق، كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىلىمىزدە، بۈگۈنكى كۈندىمۇ «ئەپسۇن»، «جىن ۋە تۇمار» نىڭ كۈچىگە ئېتىقاد قىلىدىغانلار ئاز بولمىغان سالماقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدىكى قاراشلىرى ھېلىمۇ خۇراپاتلىققا خاتىمە بېرىپ، پەنگە ھۆرمەت قىلىشتا ئۆزىنىڭ ئەمەلىي قىممىتىنى ھەرگىز يوقاتمايدۇ.

تۆتىنچى، چۈش ھادىسىنى ئەنئەنىۋى قاراشلار بويىچە ئەمەس، ئىچكى - تاشقى شارائىتلارغا ئاساسەن چۈشەندۈرمەكچى بولغانلىقى يۈسۈپ خاس ھاجىپ قوللانغان «تادۇ» ئۇقۇمىغا خاس يەنە بىر ئالاھىدىلىكتۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراشنىڭ شەكىللىنىشىدە بەلگىلىگۈچ رول ئوينايدىغان پاكى ئۇنىڭ زور تەسىر كۆرسەتتى-

غان چۈش ھادىسىسى توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ؛

4367 كىشى ئۇخلىغاندا مەگەر چۈش كۆرەر،
ئۇرۇشنى بىلسە، تېز دېگىنى كېلەر.

4371 چۈشۈڭ ياخشى كۆرسەڭ، سۆيۈنگىن ھامان،
يامان بولسا ھەققە سېغىنغىن شۇئان.

5993 كېرەك ياخشى بىلمەك بۇ چۈش ئىلمىنى،
قىلىپ ئېھتىيات، خوپ ئۆرۈسە ئۇنى.

5996 كېچەدىكى چۈش تەبىرى باشقىدۇر،
يانا كۆرسە كۈندۈز، ئۇ باشقا بولۇر.

5997 كۆرەرسەن، بۇ چۈش ئىلمىنىڭ شەرتى كۆپ،
ئاۋۋال بىلگۈلۈك ئۇنى ئەقىل يۇرۇتۇپ.

5999 ئۆرۈۋەرمە چۈش دەپ چۈشنىڭ ھەر بىرى،
ئى ئالىم، بۇ چۈشنىڭ كۆپتۇر تەبىرى.

6000 ئۆرۈۋەرمە چۈشنى، بىلىم بىرلە ئۆر،
قىياسەن مەنىسىنى چۈشىنىپ كۆر.

6003 چۈشۈڭ ئۆرۈ خوپ، چۈش ئۆرۈشكە باقۇر،
بىلىپ تۇپ ۋە ئەسلىن ئەقىل بىرلە كۆر.

6023 ئەمەس بىرلا خىلدا بۇ چۈش تەبىرى،
ئۇ تەمكىن، چۈشەنمەك كېرەك ھەر بىرى.

6029 بۇ چۈشكى، كىشى كۆرسە ساغلام بولۇر،
شۇ چۈش بەزىلەرنى كېسەلمۇ قىلۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈش ئۈستىدە توختالغاندا، چۈش ھەققىدىكى قارىشىنى مۇنداق بىر نەچچە نۇقتىدىن بايان قىلىدۇ:

بىرىنچى، چۈش كىشى ئۇخلىغاندا يۈز بېرىدىغان بىر ئومۇمىي خاراكتېرلىك ھادىسە. چۈش چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، كۈندۈزدە كۆرىدىغان چۈش ۋە كېچىدە كۆرىدىغان چۈش دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. كىشىلەر ئۆز چۈشىنىڭ ياخشىلىققا قارىتىشىنى ئىزدەيدۇ، چۈش ياخشى - يامان دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. ئىككىنچى، چۈش كۆپ تەرەپلىمە «شەرتلەر» (5997 - بېيت) بىلەن باغلانغان بولىدۇ، ھەركىمنىڭ چۈشى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈش بىلەن باغلانغان «تۇپ» ۋە «ئەسلى» ئەھۋالنى (6005 - بېيت) ئوبدان بىلىش كېرەك. چۈشنىڭ تەبىرى كۆپ خىل بولىدۇ (5999 - بېيت)، چۈشنى ئۆز جايىدا ئۆرۈش ئۈچۈن «چۈش ئىلمى» (5993 - بېيت) نى ياخشى بىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، چۈشنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشى چۈش كۆرگۈچىنىڭ ھەر خىل ئەھۋالى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ، غىزانىڭ يارامىلىق - يارامسىزلىقى (6005 - بېيت)، ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى،

(6007 – بېيىت)، بەگ ۋە ئاۋام ئوتتۇرىسىدىكى پەرق،
پەسىللەرنىڭ ئوخشاشماسلىقى (6006 – بېيىت)، چۈش
كۆرگۈچى مىجەزىنىڭ سەپرا (6010 – بېيىت)، سەۋدا
(6012 – بېيىت)، بەلغەمغە مايىللىق ئەھۋالىنىڭ ئوخـ
شاشماسلىقىغا قاراپ، كىشى كۆرىدىغان چۈشلەرمۇ ئوخـ
شاش بولمايدۇ. بۇلاردىن باشقا، يەنە ئويلاپ يېتىپ كۆـ
رىدىغان چۈش (6016 – بېيىت)، «شەيتانى چۈش»
(6017 – بېيىت)، ئېلىشمان چۈش (6015 – بېيىت)،
ھۈنىرىنى كۆرىدىغان چۈش (6018 – بېيىت)، ئۆزگە
نەپ بەرمەيدىغان چۈش ۋە باشقا چۈشلەرمۇ بولىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈش ئۈستىدە توختالغاندا، چۈشـ
نىڭ ئىنسانغا خاس بىر ئومۇمىي ھادىسە ئىكەنلىكىنى،
ئۇنىڭ ئادەمگە بېقىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «چۈش
جانغا بېقىنىدۇ» دېگەن قاراشنى گەرچە تىلغا ئالمىـ
مۇ، ئەمما ئاشۇ خىل قاراشقا ئوبيېكتىپ جەھەتتە ھېچـ
قانداق ئورۇن قالدۇرمايدۇ. چۈشنىڭ خىلمۇ خىللىقى
ئۈستىدە توختالغاندا، ئۇنىڭ ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ
شارائىتلار بىلەن باغلانغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
مەسىلەن، ئىنكار نەزەرىيىسى نۇقتىسىدىن ئىزاھلايدۇ.
«تەندىن ئايرىلغان جان ساياھىتى» چۈشكە سەۋەب بوـ
لىدۇ، دېگەن قاراشنى مۇھىم سەۋەب قاتارىدا ئەمەس،
مۇھىمسىز سەۋەب قاتارىدىمۇ تىلغا ئېلىپ قويمايدۇ. ماـ
نا بۇ بولسا، ئۇنىڭ «تادۇ» ئۇقۇمىدىكى ماتېرىيالىزملىق
ئامىلىنىڭ خېلى زور دەرىجىدە ئىزچىللىقىدىن دېرەك
بېرىدۇ.

چۈش — پەن ۋە پەلسەپە ساھەسىدە ئۇزاققىچە ھەل قىلىش قىيىن بولۇپ كەلگەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى ئىنتايىن تۆۋەن بولغان ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە كىشىلەر ئۆزىنىڭ تەن تۈزۈلۈشىنى پۈتۈنلەي بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن، تۇيغۇ ۋە تەپەككۇرنى تەنىنىڭ ھەرىكىتى ئەمەس، جاننىڭ ھەرىكىتى، جان ئۆلمەيدۇ دەپ قارىغان ئىدى. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ، پەن - تېخنىكىنىڭ بۈگۈنكى تەرەققىيات باسقۇچىدىمۇ ئاز بولمىغان كىشىلەر ئەنئەنىۋى ئادەت بويىچە ئۆزى كۆرگەن چۈشنىڭ ياخشىلىق ياكى يامانلىققا تارتىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. پەلسەپە تارىخىدىن قارىغاندا، ئىدېئالىستلار ئومۇمەن جان ئۆلمەيدۇ دەپ قارىسا، ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپلار ئومۇمەن ئۆلمەيدىغان جاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلىدۇ. ياڭچۇەن: ئادەم ئۆلسە جىنىمۇ ئۆلىدۇ، ئوت ئۆچسە يورۇقمۇ ئۆچىدۇ؛ لوزۇگېيۇەن: ئادەم ئۆلسە پەرىشتىگە ئايلىنىدۇ دېيىش ئەخمەقلىق؛ جاڭ تەيياۋۇن①: ئادەم ئۆلسە ئۇستىخىنى قۇرۇيدۇ؛ دىدېرو②: ئۆلمەيدىغان جان مەۋجۇت ئەمەس دېگەن

① جاڭ تەيياۋۇن — (1860 — 1936) يېقىنقى زامان دېموكراتىك ئىنقىلابچىسى، ئىدېئولوگ.

② دىدېرو — (1713 — 1784) فرانسىيىلىك مەرىپەتچى ئىدېئولوگ، ماتېرىيالىستىك پەيلاسوپ، ئاتېئىزمچى، ئەدەبىياتچى، «ئېنسىكلوپېدىيە»نىڭ باش مۇھەررىرى.

ئىدى. ماركسىزمدىن بۇرۇن ئۆتكەن ماتېرىيالىستلار گەر-
چە بىۋاستە كۆزىتىشكە تايىنىپ، ئۆلمەيدىغان جاننىڭ
مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قاراشلى-
رى بىۋاستە كۆزىتىش خاراكتېرىگە ۋە قىياس خاراك-
تېرىگە ئىگە ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئاساسلىرى كۈچ-
لۈك ئەمەس ئىدى. يەنە بەزى ماتېرىيالىستلار ۋە ئا-
تېزىمچىلار دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بول-
سىمۇ، ئەمما ئۆلمەيدىغان جاننىڭ مەۋجۇتلۇقىنى تولۇق
ئېتىراپ قىلدى ياكى قىسمەن ئېتىراپ قىلدى. ۋاڭچۇڭ:
ئادەم تۇغۇلسا ئۆلىدۇ، دەپ قارىدى. يەنە بەزىلەر ئا-
دەم ئۆلسە روھى ئاسمانغا چىقىپ كېتىدۇ، ئۇستىخىنى
توپىغا ئايلىنىدۇ، دېدى. ئەبۇ بەكرى ئەرازى ① ئا-
ساسىي جەھەتتىن ماتېرىيالىزمغا مەنسۇپ بولغان قا-
راش بىلەن ئىسلام دىنى تېئولوگىيىسىنى تەنقىدلىگەن
بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئوتتۇرىغا قويغان مەڭگۇ مەۋجۇت
بولۇپ تۇرىدىغان بەش نەرسىنىڭ بىرسى جاندىن ئىبا-
رەت ئىدى. ئىبىن سىنا ۋە فارابى دۇنيانىڭ ماددىلىقىنى
مۇئەييەنلەشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە ئۇلار ئۆل-
مەس جاننىمۇ ئېتىراپ قىلغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھا-
جىپ ئالدىنقى ماتېرىيالىستلارغا ئوخشاش جان ئۆلمەيـ

---

① ئەبۇ بەكرى ئەرازى — (مىلادى ٨٦٤ — ٩٢٤) ئىراندىكى تېۋىپ، پەيلاسوپ، ئىزىلە. ئۇ، دۇنيادا بارلىقى، جان، ئىپتىدائىي ماددا، مۇتلەق ماكان ۋە مۇتلەق زاماندىن ئىبارەت بەش ئەزەلىي مەڭگۈلۈك ماھىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، دەيدۇ.

دۇ دېگەن قاراشنى ئەمەلىيەتتە ئىنكار قىلىدۇ. ئومۇمەن ماتېرىيالىزىمغا مەنسۇپ بولغان كېيىنكى پەيلاسوپلارنىڭ ئىنچىكىلىكىنى مەلۇم دەرىجىدە يېزىدۇ. ئۇنىڭ بايانلىرىدا قىسمەن قوشۇمچە گەپلەر بولغان بولسىمۇ، ئەمما ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، چۈشنىڭ تەنگە ۋە شارائىتقا بېقىندىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تەقدىرچىلىكنى رەت قىلغانلىقى بۈگۈنكى كۈندىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. كۆپچىلىككە ئايان ئۇيقۇ ۋە چۈش ئادەم بەدىنىگە، شۇنىڭدەك ئادەمنىڭ چوڭ مېڭىسىنىڭ پائالىيىتىگە باغلانغان بىر فىزىئولوگىيىلىك ھادىسە. ئادەمنىڭ مېڭىسى ھەققىدىكى تەتقىقات بىخ ھالەتتىكى ئىپتىدائىي تەتقىقات دەۋرىنى XVIII ئەسىر ۋە XIX — XX ئەسىردىكى مېخانىكا خاراكتېرلىك تەتقىقات، شۇنىڭدەك كۆپ تەرەپلىمىلىك، ھازىرقى زامان سەۋىيىسىدىكى تەتقىقاتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەققىيات باسقۇچى ئارقىلىق تونۇش زور دەرىجىدە چوڭقۇرلىشىپ، مېڭىنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى ئايدىڭلىشىپ، ئۆتمۈشتىكى سىرلىق تۈگۈن يېشىپ بېرىلدى. مېڭە ئىلمىگە ئاساسلانغاندا، ئۇيقۇ — چوڭ مېڭە پوستلىقىدىكى نېرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ ئۇزاق ۋە كۈچلۈك ئىش قىلىشى بىلەن كېلىپ چىققان تېلىش ۋە ھالسىزلىقتىن مۇداپىئەلىنىش يۈزىسىدىن باش مېڭە پوستلىقىدا ھاسىل بولغان تورموزلىنىش جەريانىدىن ئىبارەت. بۇنداق تورموزلىنىش پۈتۈن مېڭە پوستىغا ۋە مېڭە ئاستىدىكى بۆلۈملەرگە كېڭىيىدۇ. ئۇيقۇ ئەنە شۇ تورموزلىنىشتىن ھا-

سىل بولىدۇ. كىشى ئۇخلىغاندا نەپەس ئېلىش، يۈرەكنىڭ
سوقۇشى، تاماقنىڭ ھەزىم قىلىنىشى، شۆلگەي ۋە گورمون
ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىق فۇنكسىيىلەر ئاستىلىشىدۇ. كې-
شىنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان ئالاقىسىدا چېكىنىش
بولىدۇ. ئەمما، ھىپوفىز نۇرغۇن مىقداردا گورمون
ئىشلەپچىقىرىدۇ. ئۆسۈش شۇنىڭ بىر خىلى. ھىپو-
فىزنىڭ فۇنكسىيىسى يېڭى بىلەن كونىنىڭ ماددا ئالما-
شىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مېڭىنىڭ ھارغىنلىقىنى تۈ-
گىتىشكە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشى ئۇخلىغاندا، ئوخشاش
بولمىغان ئىككى خىل ئۇخلاش ھالىتى ئۆزئارا ئالما-
شىپ تۇرىدۇ. بىرى، ئادەتتىكى ئاستا دولقۇنلۇق ئۇيقۇ
ھالىتى؛ يەنە بىرى، غەيرىي ھالەتلىك. ئىتتىك دولقۇن-
لۇق ئۇيقۇ ھالىتى. كېيىنكى ئۇيقۇ ھالىتىدە كۆز تېز ئاي-
لىنىدۇ. مېڭە قان تومۇرلىرى كېڭىيىپ مېڭە پوستلىقىدىكى
قان مىقدارى ئالدىنقى ئۇيقۇ ھالىتىدىن 30 — 50 پىرسەنت
ئېشىپ كېتىدۇ، ئوكسىگېن سەرپىياتى كۆپىيىدۇ، مېڭىنىڭ
ماددا ئالمىشىشى جانلىنىدۇ. بۇ ھال مېڭىنىڭ نورمال
فۇنكسىيىسىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ.
كىشى ئۇخلىغاندا، پۈتۈن چوڭ مېڭە نېرۋا ھۈجەيرىلىرى
پۈتۈنلەي تورمۇزلىنىپ كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ تورموز-
لىنىش دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. چۈش چوڭ مې-
ڭىدىكى ئاڭلىق ۋە ئاڭسىز ئۇچۇرلارنىڭ ئۆزگەرگەن
شەكلىدىن ئىپادىلەنگەن پسىخىك ھادىسە. ئۇخلىغان چاغ-
دىكى ئاۋاز، نۇر، پۇراق قاتارلىق تاشقى ئامىللار، بە-
دەننىڭ ئۆزىدىكى ھەر خىل قوزغاتقۇچى ئامىللارمۇ چۈش-

نىڭ مەزمۇنىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئادەم كۆپىنچە تېز دولقۇنلۇق ئۇيقۇ ھالىتىدە چۈش كۆرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېڭىنىڭ قۇرۇلمىسى، ئۇنىڭ فۇنكسىيىسى، شۇنىڭدەك چۈشنىڭ سىرى تېخى تۈزۈك ئېچىپ بېرىلمىگەن ئەھۋالدا، ئۆزىنىڭ تىبابەتچىلىك ۋە تۇرمۇش تەجرىبىلىرى ئاساسىدا ئەقلىي تەپەككۇرغا تايىنىپ چۈشنىڭ ئادەمگە، ئادەمنىڭ مېڭىسىگە بېقىنىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، مېڭە ئىلمىنىڭ جاۋابىغا يېقىنلىشىدىغان قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چۈشنىڭ غەيرىي تەبىئىي كۈچلەرگە بېقىنىدىغانلىقىنى دادىللىق بىلەن رەت قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇنىڭ مۇشۇنداق روھ ئىپادىلىگەن ئاسماندىنمۇ، يەردىنمۇ، ئەنئەنىۋى قاراشلاردىنمۇ قورقمايدىغان پوزىتسىيىسى ئەلۋەتتە مەدھىيە ئېيتىشقا ئەرزىيدۇ.

بەشىنچى، «خۇدا» نىڭ «تادۇ» ئۇقۇمى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەققىدە كونكرېت تەھلىل يۈرگۈزۈش كېرەك. دۇنيانىڭ مەنبەسى توغرىسىدىكى قاراش-يارىتىقۇچىنى ئېتىراپ قىلىش ـ قىلماسلىق مەسىلىسىگە بېرىپ تاقىلىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يارىتىقۇچىنىڭ ئورنى، رولى ھەققىدىكى قارىشى بايان ۋە مەزمۇن جەھەتتىن قارىغاندا، بىرقەدەر چىگىش بولۇپ، باھا بېرىش قىيىن بولغان، بىر ـ بىرىگە قارىمۇ قارشى پىكىرلەر مەركەزلەشكەن بىر نۇقتا. ئەسەرنىڭ بايان قىلىنىش تەرتىپىدىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن خۇداغا، پەيغەمبەرلەرگە ۋە تۆت چاريارغا مەدھىيە ئوقۇشتىن گەپ باشلايدۇ. ئەسەر ئىچىدە ئاز بولمىغان

ئورۇنلاردا ياراتقۇچىنى تىلغا ئالىدۇ.

2 ئۇلۇغلۇق ئىگىسى، قادىر زۇلجەلال①،
يارىتقان، تۆرەتكەن ۋە قادىر كامال.

125 ياراتتى ئالەمنى ئۇ خالاپ ئۆزى،
يورۇتتى كۈن، ئاي بىرلە دۇنيا يۈزى.

3899 ئۇ بىردۇر، ئىبرىغ ـ پاك، قېتىشسىز ئىرۇر،
قىلۇر يوقنى بار ئۇ، بارنى يوق قىلۇر.

3901 نېمەنى ئىرادە قىلسا ئۇ، قىلۇر،
نېمەنى دېسە بول، دېگەنى بولۇر.

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، يۈسۈپ ھاجىپ ياراتقۇچى ئۈستىدە توختىلىدۇ. بۇ ئىتىراپ قىلىنمىسا، ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپقا توغرا كەلمەيدۇ. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ياراتقۇچىنىڭ «تادۇ» ئۇقۇمى بىلەن بولغان مۇناسىۋە- تىدىن ئۇنىڭ ئورنى ۋە رولىنى پەرقلىۋېلىش كېرەك. بۇنداق قىلماسلىقمۇ ئوخشاشلا ئوبيېكتىپلىق پرىنسىپقا ئۇيغۇن ئەمەس. بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى: بىرىن- چى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تارىخىي شارائىت پەيلىدىن، ئەسەرنىڭ بايان قىلىش شەكلىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ياۋروپادا III ئەسىردىن XV ئەسىرگىچە داۋام قىلغان

① زۇلجەلال — (ئەرەپچە) ئاللانىڭ بىر سۈپىتى.

فېئوداليزم جەمئىيىتىدە خرىستىئان دىنى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ، فېئوداللىق ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى قوغداشنىڭ مەنىۋى قورالىغا ئايلانغان ئىدى. فېئوداليزم 2000 مىڭ يىلدىن ئوشۇق ھۆكۈم سۈرگەن جۇڭگو فېئوداللىق جەمئىيىتىدە بۇددا دىنى، داۋچاۋ دىنى ھەم كۇڭزىنىڭ روجا تەرەپدارلىرى تەرىپىدىن دىنلاشتۇرۇلغان روجا تەلىماتى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىگەن ئىدى. ئەينى زاماندا جەڭ ئارقىلىق تارقالغان ئىسلام دىنى قاراخانىلار دۆلىتىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇراتتى. ئوتتۇرا ئەسىردە ھەرقايسى دۆلەتلەردە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرىدىغان دىنلارنىڭ ئوخشاش بولمىغانلىقىغا قارىماستىن، ھەممە جايدا ئېنگېلس ئېيتقاندەك: «ئوتتۇرا ئەسىردە ئىدېئولوگىيىنىڭ باشقا بارلىق شەكىللىرى — پەلسەپە، سىياسىي قانۇنشۇناسلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋېتىلىپ، ئىلاھىيەتنىڭ بىر بۆلۈكى قىلىپ قويۇلدى. شۇڭا، شۇ چاغدىكى ھەرقانداق ئىجتىمائىي ھەرىكەت ۋە سىياسىي ھەرىكەت ئىلاھىيەت تۈسىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى»①. ئوتتۇرا ئەسىردە خەلق ئاممىسىنىڭ فېئودال كۈچلەرگە قارشى ھەرىكەتلىرى، ئىلغار مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئىدىيىلىرى دىنىي توندىن پايدىلانغان ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ بۇ يېپىنچىدىن پايدىلىنىشنى ئەستىن چىقارمىغان بولۇشى مۇمكىن. ئىك-

① ئېنگېلس: «فېيېرباخ ۋە نېمىس كلاسسىك پەلسەپىسىنىڭ ئاخىرى» ئۇيغۇرچە نەشرى 46 - بەت.

كىنىچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر تەرەپتىن خۇدانى تىلغا ئالىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئانا تىلى بىلەن يېزىلغان بىلىم دېڭىزى① نى ئىگىلەشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇ:

16 كىتابنى چۈشەنگەن بىلۇرلەر ئۇنى،
ئوقۇپ، يازسىلا ئۇ بىلەلمەس مۇنى.

دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەت ئوقۇشنى، يېزىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنىڭلا بۇ كىتابنى چۈشىنىپ كېتىشى ناتايىن ئىكەنلىكىنى، پەقەت ئۇنى چۈشىنەلەيدىغانلار ئۇنى بىلەلەيدۇ دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز زامانداشلىرىغا، ئۇ ئەۋلادلىرىغا ھەدىيە قىلىۋاتقىنى باشقا بىر نەرسە ئەمەس، «بىلىم دېڭىزى» ئىدى. «بىلىم — كۈچ دېمەكتۇر» دېگەن ئۇلۇغ پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان بېكون② مۇرەسسەچىلىكنى ئىپادىلىمىگەن بولسىمۇ، ھەقىقەتنى ئىككە ئايرىپ، بىلىم ساھەسىگە ياتىدىغان ھەقىقەت ۋە ئىلاھىيەت ساھەسىگە ياتىدىغان ھەقىقەت دېگەندىن ئىبارەت «ئىككى ياقلىما ھەقىقەت» نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇرۇن دىنغا مەنسۇپ بولۇپ كېلىۋاتقان ساھەنىڭ زور بىر قىسمىنى ئايرىپ چىقىپ پەنگە تاپشۇردى. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بېكونغا ئوخشاش «ئىككى ياقلىما ھەقىقەت» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويمىدى.

① B «1» غا قارالسۇن
② بېكون — (1562 — 1626) ئەنگلىيىلىك پەيلاسوپ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ شەيئىلەرنىڭ تۈرلىگە خاس زېمىنىتىنىڭ بولىدىغانلىقىنى، بىلىم ئالەمنىڭ سىرىنى ئېچىپ بېرىدىغانلىقىنى تەكىتلىگەندە، ياراتقۇچىنىڭ رولى ۋە ئورنى بىكون ئوتتۇرىغا قويغان «ئىككى ياقلىما ھەقىقەت»تىن خېلىلا تارايغان دېيىشكە بولىدۇ. ئىككىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياراتقۇچى نامىنى — ئاللا، خۇدا، ئىلاھى ئىزىم، ئىگەم، تەڭرىم، قادىر، رەب، زۇلجەلال ۋە بايات قاتارلىق ناملار بىلەن ئاتايدۇ. ياراتقۇچى توغرىسىدىكى مۇشۇنداق ناملاردىن قارىغاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ خۇدانىڭ نامىنى ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن ئوتتۇرىغا قويۇپلا قالماستىن، پانتېزملىق ئىدىيىنىڭ تەسىرى بىلەنمۇ ئىپادە قىلىدۇ. ئۈچىنچى، ياراتقۇچى ئۈستىدە توختالغاندا، ھەم مەسىلىنىڭ مەركىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ، ھەم ئۆزىنى ئۆلگىغا جاۋاب بېرىشتىن قاچۇرىدۇ.

8 ئەي بىر سەن، بىرىكمەس ساڭا باشقا بىر،
بۇرۇن سەن جىمىدىن، جىمىدىن ئاخىر.

11 ئىنچۇ - تاش بىلگۈچى ئەي ھەقۇلىيەقىن①،
كۆزۈمدىن يىراقسەن، كۆڭۈلگە يېقىن.

12 ئېرۇر بارلىقىڭ كۆن ۋە ئايدەك يورۇق،
تېگىڭگە يېتۈچى كۆڭۈل - ئەقىل يىرق.

① ھەقۇلىيەقىن — (ئەرەبچە) ئىشەنچنىڭ ئۆز ۋۇجۇدىدا ئىسپاتلانغان ھەقىقىتى.

16 ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق ۋە ياكى تەڭگى،
ئىنچۈكلۈكىگە يەتمەس خالايىق ئېڭى.

19 ئورۇن ئول ياراتتى، ئورۇن يوق ئاڭا①،
ئۇنىڭسىز ئورۇن يوق، ئىشەنگىن بوڭا.

26 ئۇ قانداق دېمەكتىن كۆڭۈلنى كۆزەت،
پۈتۈپ بارلىقىغا ئاسايىشقا يەت.

27 ئىنچۈك، قانچە دەپ يورمە، تۇتقىن ئۆزۈڭ،
ئىنچۈك، قانچىسىز بىل، ئۇزارتما سۆزۈڭ.

بۇ شېئىردا تۆۋەندىكىدەك ئىككى مەسىلە بار: بىرىنچى، ھەممىدىن بۇرۇن ۋە ھەممىدىن كېيىن پەقەت بىرلا ياراتقۇچى مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؛ ئىككىنچى، خۇدا گەرچە كۆزدىن يىراق بولسىمۇ، كۆڭۈلگە يېقىن، ئۇنىڭ بارلىقى ئايدىڭ. لېكىن كۆڭۈل، ئەقىل بىلەن ئۇنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئىنچۈكلۈكىگە خالايىقنىڭ ئېڭىمۇ يەتمەيدۇ. ئۇ، ئورۇن ياراتقان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئورنى يوق، ھەممىگە پۈتكەن، ئۇ قانداق دېگەننى كۆڭۈلگە كەلتۈرمە، ئۇ قانچە دەپ يورمە، سۆزۈڭنى ئۇزارتما دەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىر تەرەپتىن خۇدا بىر دېسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ-

① ئىسلام ئەقىدىسى بويىچە، خۇدانىڭ تۇرار جايى يوق، ئۇ، ھەممە جايدا ھازىر، ھەممە جاي ئۇنىڭغا ئورۇن دېمەكچى.

نىڭ قانداقلىقىنىڭ تېگىگە يەتكىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. ئۇ، ياراتقۇچى ئۈستىدە گۇماننىڭ بارلىقىنى تىلغا ئالىدۇ، ئۇنى يوشۇرمايدۇ، لېكىن گۇماننى يېشىپ بېرىشتىن باش تارتىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ مەسىلىدىكى قارىشى مانا شۇنداق زىددىيەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئۇنىڭ ئەجايىپ قاراشلىرى ئۇ ياشىغان تارىخىي دەۋرنىڭ روھى سۈپىتىدە مەيدانغا كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ قارىشىدىكى سەلبىي ئامىللارمۇ دەۋر چەكلىمىسىنىڭ ئىنكاسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ «تادۇ» ئۇقۇمى مول دىئالېكتىكا ئىدىيىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئاساسەن «تادۇ» مۇنەززەملىك ماتېرىيالىزملىق قارىشىنى ئىپادە قىلغان بولۇپ، ئۇ ھەرگىز قەدىمكى زامان «ئاساسىي زات» قارىشىنىڭ ئاددىي يوسۇندىكى تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت بولماستىن، پەلسەپە ئىدىيىسى تەرەققىياتىدىكى مۇئەييەن تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ ئىپادىسى. ئۇ ياۋروپا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئامچىلىق نەزەرىيىسى ئىپادىلىگەن ناھايىتى يۇمران دۇنيا قاراشتىن سۈپەت جەھەتتە پەرقلىنىدۇ. ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسى جۇڭگو پەلسەپە تارىخىدا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن تىلغا ئېلىنىشقا سازاۋەر بولۇشقا تېگىشلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا پەلسەپە تارىخىدىمۇ پەلسەپە تەرەققىيات تارىخىدىكى مۇئەييەن بىر ئارىلىق ھالقىسى سۈپىتىدە نامايان بولغانلىقى جۇڭگو خەلقىنىڭ پەخرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭمۇ ئىپتىخارىدۇر.

## شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ بۈيۈك سەركەردىسى

### شەرىپىدىن ئۆمەر

ئاتاقلىق بىر نېمىس پەيلاسوپى «پەلسەپە ۋە تارىخ» دېگەن ئەسىرىدە ئويغىنىش دەۋرىنى «يېڭى زامان مەدەنىيىتىنىڭ تاڭ نۇرى» دەپ ئاتىغان ئىدى.

غەرب مەدەنىيەت تارىخىدا ياۋروپانى مەركەز قىلغان ھالدا، ئوتتۇرا ئەسىردىن يېڭى دەۋرگە، يەنى فېئودالىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈش ئۆتكۈنچى دەۋرى «ئويغىنىش» دەۋرى، پۈتۈن ياۋروپادا «PeHeccaHuc» ① دەۋرى دەپ ئاتالدى.

ئوتتۇرا ئەسىردە فېئودالىزمدىن كاپىتالىزمغا ئۆتۈش دەۋرىدە خۇسۇسىي كاپىتالىزم ئېلېمېنتلىرى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ باغرىدا پىشىپ يېتىلدى.

كاپىتالىستىك ئېرانىڭ تۇغۇلۇش بەلگىسى، ئەدەبى-

---

① «PeHeccaHue» — بىرىنچى قېتىم ژ. ۋەزاردۇ ئۆزىنىڭ «ھا-ياتنى چۈشەندۈرۈش» دېگەن ئەسىرىدە ئىشلەتكەن يېڭى سۆز بولۇپ، ئۇ يېڭى تارىخىي دەۋرنى ئەكس ئەتتۈردى.

يات – سەنئەتتە ئالىتىك (قەدىمكى) «سىرلىق» ئەنئە-نىسىنىڭ بۇزۇپ تاشلىنىپ، يېڭى ئىنسانىي يول بىلەن گۈللەپ ياشنىشى قاتارلىقلار ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەنە شۇ ئۇلۇغ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە خۇسۇسىيەتلىرىنى ماركسىزم كلاسسىكلىرى خۇلاسىلەپ «ئىنسانىيەت شۇ دەۋرگىچە بېشىدىن كەچۈرگەن ھەممە ئۆزگىرىشلەر ئىچىدە ئەڭ ئۇلۇغ، ئىلغار ئۆزگىرىشتۇر» ① دەپ باھالىغان ئىدى.

ئويغىنىش دەۋرى ئىدېئولوگىيە – روھىيەت دۇنياسى ساھەسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پۈتۈن ياۋروپا ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىسىدىكى بىر قېتىملىق زور ئىدىيە ئازادلىق ھەرىكىتىدۇر. ئۇ، گرېتسىيە (يۇنان) – رىم كلاسسىك ئەدەبىيات – سەنئىتىنىڭ «قايتا تۇغۇلۇشى» بىلەنلا ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ ئىككىنچى ئەۋجى چوققىسى بىلەنمۇ چەكلەنمىدى. ئۇ، جۈملىدىن گۇمانىزم تەتقىقاتى بىلەنمۇ چەكلەنمىدى.

ئۇ، ماھىيەتتە بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىدىيىۋى ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ مۇقەددىمىسى بولدى.

فېئوداليزم جەمئىيىتىدىكى ئۇششاق قول ھۈنەرۋەنچىلىكنىڭ مانۇفاكتۇراغا ئايلىنىشى، ئۇلۇغ تۆت كەشپىياتنىڭ دۇنياغا كېلىپ، كومپاسنىڭ تۈرتكىسى بىلەن

① ماركس – ئېنگېلس، «سەنئەت توغرىسىدا» 1 – توم 332 – بەت، رۇسچە.

ئۇلۇغ جۇغراپىيىلىك ساياھەت يوللىرىنىڭ ئېچىلىشى، دۇنـ
يادا خەلقئارا سودىنىڭ باشلىنىشى، سىنىپىي مۇناسىۋەتتە
ياش ئىلغار بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ «رەھبەر» سۈپىتىدە
ئوتتۇرىغا چىقىشى، ئىجتىمائىي جەمئىيەت تۈزۈمىدە فېئوـ
دال كاروللۇق تۈزۈمىنىڭ مىللىي بۇرژۇئانى يېتەكچى
قىلغان مىللىي دۆلەتلەرگە ئايلىنىشى، ئىجتىمائىي ھەـ
رىكەتتە «ئەھلى سەلىپ ئۇرۇشى»نىڭ غەرب ۋە شەرق
ئالاقىسىنى بىر ـ بىرىگە باغلاپ، ئالاقە زەنجىرىنىڭ
كېڭىيىشى بىلەن شەرق ۋە غەرب ماددىي ۋە مەنىۋى
مەدەنىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە تەسىرى، كىتابلارنىڭ قولـ
يازما، كۆچۈرمە، سىنگراپىيىلىك شەكىلدىن زاۋۇت
نەشرىياتچىلىقىغا ئۆتۈشى، نەتىجىدە ئانتىك (قەدىمكى)
ئەنئەنىۋىلىكىنىڭ «سىرى» ئېچىلىپ، ئەركىن تەپەكـ
كۇرنىڭ مەيدانغا كېلىپ گۈللىنىشى بولدى.

«ئوتتۇرا ئەسىر، ئىدېئولوگىيىنىڭ ھەممە شەكىلـ
لىرىنى ... ئىلاھىيەتكە قوشۇۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئىلاھىـ
يەتنىڭ شۆبىلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى ... ئاممىنىڭ ھېسـ
سىياتى نوقۇل دىنىي ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلانغان ئىدى»
سىنىڭ دەسلەپكى ھالدا بۇزۇپ تاشلىنىپ، روھىيەت دۇنـ
ياسىدا چىركاۋغا ۋە چىركاۋ تەلىماتىغا قارشىلىقنىڭ
پەيدا بولۇشى ۋە ئاقىۋەت روھىيەت دۇنياسىدا چىركاۋ
مونوپولىيىسىنىڭ يوقىلىشى، پەندە تەبىئەتنى ئۆگىنىشـ
نىڭ باشلىنىشى، ئىلمىي، تارىخىي يىلتىزىدىن تەكشۈرـ
گەندە، ئۇ، ياۋروپادا رومانىزۇۋ دېگەن ئاق سۆڭەكنىڭ
قۇرغان «پلاتون ئاكادېمىيىسى» نامى بىلەن باغلانغان

بولۇپ، ئىتالىيىدىكى شۇ زاماننىڭ ئەڭ چوڭ شەھىرى بولغان فىلورېنسىيىدە يۈز بەرگەن «رېستاۋراتسىيە» (ئەسلىگە كېلىش) ئاتالغۇسى بىلەنمۇ باغلىنىدۇ. يۇقىرىقى «ئاكادېمىيە» قەدىمكى گرېتسىيە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلاتتى.

1453 - يىلى مۇسۇلمان تۈركلەر كونستانتىنوپول (هازىرقى ئىستانبۇل)نى بېسىۋېلىپ، شەرقىي رىم ئىمپېرىيىسىنى هالاك قىلدى. بۇ جايدىكى قەدىمىي گرېتسىيە تەتقىقاتچىلىرى ئىتالىيىگە قېچىپ كېلىپ فىلورېنسىيىگە يىغىلدى. نەتىجىدە، ئىتالىيە «كلاسسىك گرېك - رىم رېستاۋراتسىيىسى»نىڭ مەركىزىگە ئايلاندى.

بۇ چاغدا مەيدانغا چىققان ياش ئىلغار بۇرژۇئازىيە سىنىپى فېئودالىزم ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان چېركاۋغا قارشى ئىدىيە ئازادلىق تۇغىنى كۆتۈرگەندە، فېئودالىزم ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان چېركاۋ تەرەپتىن ئىنكار قىلىنغان قەدىمىي گرېك - رىم مەدەنىيىتىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىشقا مەجبۇر بولغان ئىدى. چۈنكى، گرېك - رىم كلاسسىك مەدەنىيىتى ئۆزىگە گۇمانىزم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلغىنى ئۈچۈن، بۇرژۇئازىيە سىنىپىنىڭ بۇ قېتىمقى فېئودالىزمغا قارشى ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە كۈرىشىدە چېركاۋغا قارشى — چېركاۋنىڭ «تەڭرى هوقۇقى، چېركاۋ هوقۇقى»غا قارشى «ئادەم هوقۇقى»نى ئىجتىمائىي جەمئىيەتتە بىرىنچى ئورۇنغا چىقىرىشى، بۇرژۇئا ئىش-

لەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن بىرىنچى دەرىجىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە مۇھىم ئىش ئىدى.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى ئويغىنىش دەۋرىنىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تەسىرى ئۈستىدە توختال‑غاندا، بۈيۈك تارىخىي ھادىسىنىڭ باشلىنىشى دانتى‑ئالگېر، لېئوناردو داۋىنچى، ئالبىرخت، دىيۇرېر، ماكىئا‑ۋېللى ۋە ئېيتىرلارغا ئوخشاش سەنئەتكار، يازغۇچى ۋە ئالىملار پائالىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىق ئىكەنلى‑كىنى كۆرسەتكەن ئىدى ۋە بۇ ئويغىنىش دەۋرى ۋەكىل‑لىرىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرى XVIII ئەسىر مەرىپەتپەر‑ۋەرلىرىگە بولغان چوڭقۇر تەسىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈپ، XVIII ئەسىردە مەيدانغا چىققان رۇسسو، ۋولتېر، دىدېرو، دالامبېر ۋە ئۇلارغا ئوخشاش مەرىپەتپەرۋەر يازغۇچى ۋە مۇتەپەككۇرلار ھەم «فرانسىيىدە يېقىنلىشىپ كېلى‑ۋاتقان ئىنقىلاب (1789 — 1794 - يىللىرىدا بولغان ئىنقىلاب) ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ مېڭىسىنى مەرىپەت نۇ‑رى بىلەن يورۇتقان بۈيۈك زاتلار ئىدى»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

دېمەك، XVIII ئەسىر مەرىپەتپەرۋەرلىرىنىڭ ئىل‑غار ئىنقىلابىي ئىدىيىسى XIII ئەسىردىن باشلانغان ئوي‑غىنىش دەۋرى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئىلغار ۋە ئىنقىلا‑بىي دېموكرات ئىدىيىلىرىنىڭ بىۋاستە تەرەققىيات داۋامىدۇر.

---

① يۇقىرىقى كىتاب 263 - بەت رۇسچە.

ف. ئېنگېلس «پانتېزمنىڭ ئۆزى دۇنياغا ئەركىن، ئىنسانىي نەزەر بىلەن قاراشنىڭ ئەرپىشىدۇر، خالاس①» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئويغىنىش دەۋرى مۇتەپەككۇرلىرى ياۋروپا مەرىپەتپەرۋەرلىرى ۋە فرانسىيە بۇرژۇئا ئىنقىلابچىلىرىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى پانتېزم شەكلىدە، سۇاھ، ئىزچىللىقسىز شەكىلدە ئىپادىلىدى. ئۇلار بۇ دەۋرنىڭ فېئوداللىق چەكلىنىشىنىمۇ، ئىسيانكارلىق روھىنىمۇ ئىپادىلىدى.

ئويغىنىش دەۋرى ۋەكىللىرى ناھايىتى زور غەيرەت، ئىلمىي شىجائەت بىلەن ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي خۇراپات چىرىناۋ كونترولىۇقىغا، سخولاستىك قاتمالىققا، روھانىيەتچى ئىدېئولوگىيە (دىنىي پەلسەپە)گە قارشى زور بىر ئېقىم پەيدا قىلدى.

بۇ دەۋرنىڭ بايراقدارى بولغان ياش بۇرژۇئا سىنىپى فېئودالىزمنىڭ ئىنسانىي كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىدىغان، تەقۋادارلىق، تەبىقەچىلىك، نادانلاشتۇرۇپ قۇل قىلىشقا قارشى، ئىنسانىيەتنىڭ بايلىق بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشىش، رېئال ئالەم ھەققەتلىرىنى بىلىش، شەخسنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىش قابىلىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئەقىل، ئىلىم ـ پەن بۇنىڭ ياخشى ۋاستىسى ئىكەنلىكىنى تەشەببۇس قىلدى. ئۇ سىياسىي جەھەتتىن «باراۋەرلىك»، «مېھىر ـ مۇھەببەت»

① يۇقىرىقى كىتاب ٤٤٥ ـ بەت، رۇسچە.

قاتارلىق شوئارلارنى قوللاپ قۇۋۋەتلىدى.

جۈملىدىن ئۇ، تەبىئەت ئىلمى ۋە ماتېرىيالىزم تەرەققىياتىنىڭ يولىنى كېڭەيتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى دەۋر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر ھالدا دەۋر سەھنىسىگە چىقىپ قالغان بۇرژۇئا سىنىپىنىڭ بۇ دەۋردىكى ئۆتكۈنچى جانىجان مەنپەئەتىگە پايدىلىق ھەم ئۇيغۇن ئىدى.

ئەمما، مۇنداق پىكىرلەرنىڭ ئىپادىسى شەكلى يەنىلا ئوتتۇرا ئەسىرچىلىكنىڭ «تەڭرى» يوپۇقىدا ئىدى. ياۋروپا، پانتېئىستلىرىنىڭ گۇمانىستىك، راتسىئوناليستىك، ناتۇرالىستىك كۆزقاراشلىرى يۇقىرىقى يوپۇقنى يېپىنغان پانتېئىزم شەكلىدە ئىپادىلەندى.

شۇڭا فېيېرباخ «كەلگۈسى پەلسەپىنىڭ قائىدىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە «پانتېئىزم تېئولوگىيىلىك ئاتېئىزم، تېئولوگىيىلىك ماتېرىيالىزم بولۇپ، تېئولوگىيىنىڭ تېئولوگىيە مەيدانىدا تۇرۇپ ئىنكار قىلىنىشى بولىدۇ» دېگەن بولسا، «پەلسەپىنى ۋاقىتلىق ئۆزگەرتىشنىڭ پروگراممىسى» دېگەن ئەسىرىدە «ئاتېئىزم پانتېئىزمنىڭ، ئىزچىل پانتېئىزمنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى» دېگەن ئىدى.

بۇ دەۋر ئەدەبىيات ساھەسىدىن گەپ ئاچقاندا، خۇددى ك. ل. كاجېيوۋ كۆرسەتكەندەك، ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدە ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىي غايىنىڭ ئۆزىگە خاس تىپى يارىتىلغان. بۇ بەدىئىي غايە تىپى ھەممىشە مېنىڭ ئىندىۋىدۇئال دۇنيا قارىشىدۇر، ئىنساننىڭ مېنى ئارقىلىق

ئۆتتۇشىدۇر.

بۇ دەۋر ئەسەرلىرىنىڭ قامۇسلىقى شەخس ئۆنىۋېرسالىلىقىنى ئوبيېكتىپلاشتۇرۇش دېمەكتۇر. بۇنىڭ بىرىنچى نەمۇنىسى دانتې ئالىگىر (1265 — 1391) نىڭ «ئىلاھىيە كومېدىيىسى» بولۇپ، ئۇندىن كېيىن «كاركانتيو ۋە پانتا گرىيول»، «دونكىخوت»؛ شېكىسپىرنىڭ تراگېدىيىلىرى، جۇملىدىن مىلتوننىڭ «يوقالغان جەننەت»؛ گېيوتېنىڭ «فائۇست» ۋە ناھايەت «مەكرىيانە» رومانىدۇر.

دانتېنىڭ «ئىلاھىيە كومېدىيىسى» دە ئۇنىڭ قەھرىمانلىرى جەننەت ۋە دوزاخلارنى كۆرۈپ ئۆتكىنىدە، ئەينى پەيتىدە تۈرلۈك تارىخىي دەۋرلەرنى ھەم كۆزىتىپ ئۆتىدۇ. تۈرلۈك مەدەنىيەتلەرگە مەنسۇپ مەشھۇر شائىرلار، مۇتەپەككۇر ۋە تارىخىي ئەربابلارنى كۆرىدۇ. دانتېنى ئۆزىگە ھەمراھ بولغان ئىتالىيىنىڭ ئۇلۇغ شائىرى ۋىرگىلى بىلەن بىرلىكتە پەقەت سىياسىي مەسلەكداشلىرى ۋە دۈشمەنلىرى كاتولىكلارنىلا ئەمەس، بەلكى ئانتىك(قەدىمكى) دەۋرنىڭ مىفولوگىك قەھرىمانلىرىنى ھەم «مۇسۇلمان ئويغىنىش دەۋرى ئەربابلىرى» نىڭ ئالىم ۋە مۇتەپەككۇرلىرىنىمۇ ئۇچرىتىدۇ.

دانتېنىڭ پەن ۋە سەنئەتكە بولغان ھۆرمىتى شۇ قەدەر بۈيۈككى، ئۇ، مۇسۇلمان ئالىملىرى: ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ۋە ئىبنى رەشىدنى جەننەتكە ئورۇنلاشتۇردى.

قەدىمكى يۇنان پەيلاسوپ ئالىمى ئارستو (ئارستوتىل) بىلەن پلاتون ھەم شۇ جايدا تۇرىدۇ. دانتى ئۆزىنىڭ سىياسىي دۈشمەنلىرىنى (گەرچە ئۇلار دانتى بىلەن بىر دىندا بولسىمۇ) دوزاخنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك جايلىرىغا ئورۇنلاشتۇرىدۇ. پۈتۈن قىيىن زوراۋانلىقى دوزاختا كۆيدۈرۈلىدۇ. دانتى پۈتۈن ياۋروپا بويىچە ھۆكۈم سۈرگەن لاتىن تىلىدا ئەسەر يېزىشنى بىرىنچى بولۇپ («خەلق تىلى ھەققىدە» دېگەن ئەسىرىنى يېزىپ) رەت قىلىپ، ئىتالىيان تىلىدا ئەسەر، بەدىئىي ئەسەر يېزىشنىڭ ئەۋزەللىكىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىي جەھەتتىن ئىسپاتلاپ چىقىپ، ئىتالىيان تىلىدا شېئىر يازغان تۇنجى شائىر. فلورېنسىيەدە مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇقەددىمىسىنى ئاچقان مەدەنىيەت چەمپىيونى ئىدى. كېيىن ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىشلىرىنى فلورېنسىيىلىك گىئوۋان بوككاچو (1313 — 1375)، لىئوناردو داۋىنچى (1452 — 1519) مىجلان كىملو قاتارلىقلار داۋاملاشتۇرۇپ، پۈتۈن ياۋروپادا بىر ئۇلۇغ بۇرۇلۇش — ئويغىنىش دەۋرى، مەدەنىيەت دەۋرىنىڭ پەيدا بولۇشىدا ناھايىتى زور رول ئوينىدى. مانا بۇ يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىز «ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى» مەزمۇنىنىڭ قىسقىچە خاراكتېرىستىكىسىدىن ئىبارەت.

ئەمدىكى مۇھىم مەسىلە تا مۇشۇ كۈنگىچە تىلغا ئېلىنماي كەلگەن شەرقتە «مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋرى» بولغانمۇ - يوق؟ بولغان بولسا قايسى دەۋردە

بولغان، قايسى قايسىغا قانداق تەسىر قىلغان دېگەن مەسىلە.

شەرقتە — ئوتتۇرا ئاسىيادا «مەدەنىيەت ئويغىنىش» «ئويغىنىش دەۋرى» PeHeCCaH تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، «غەرب ئويغىنىش دەۋرى» دىن خېلىلا بۇرۇن مەيدانغا كېلىپ، «غەرب ئويغىنىش دەۋرى» گە ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى يېقىنقى ئىلمىي تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئوتتۇرىغا چىقماقتا.

شەرقتىكى ئويغىنىش دەۋرى تارىخىي پاكىتلاردىن مەلۇمكى، غەربتىكى بۇرژۇئا دەۋرىنىڭ باشلىنىشى بىلەن باغلىق بولغان ئويغىنىش دەۋرىدىن خېلى بۇرۇنلا پەرقلىق هالدا، بۇ بۈيۈك هادىسە فېئودالىزمنىڭ راۋاجلىنىش دەۋر دائىرىسىدە بولۇپ ئۆتكەن.

ئەدەبىيات — سەنئەت هەممىگە مەلۇمكى، بىر خىل ئىدېئولوگىيىلىك ئاڭ شەكلى سۈپىتىدە، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسى، رېئال ئىجتىمائىي هايات ئۇسۇلى بىلەن زىچ تۇتاشقان بولۇپ، ئۇنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ مەنىۋى هاياتىغا، ئۇنىڭ تاكامۇللىشىشىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئۆز تەرەققىياتىدا، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىن باشقا، ئۆزىدىن ئالدىن ئۆتكەن ئەدەبىيات — سەنئەت ئەنئەنىسىدىن ئوزۇقلىنىپ، ئەينى جەمئىيەتنىڭ سىنىپىي ياكى ئىچكى توقۇنۇشلىرىنى ماددىي ئاساس قىلىپ، قالاق جەمئىيەتتە . ئىلغار ئەسەرلەرنى مەيدانغا كەل-

تۇرۇشتەك ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىك قانۇنىيەتكىمۇ ئىگە.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ـــ ئىنسانىيەتنىڭ بەدىئىي تۇيغۇسىنىڭ، ئىستېتىك تەسەۋۋۇرىنىڭ دۇنيانى تونۇپ، بىلىش پائالىيىتىنىڭ ۋە غايىۋى ئىنتىلىشلىرىنىڭ ئوبرازلىق سەمەرىسىدۇر.

تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا، يۇقىرىقى ئىككى ئامىل ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ بىرىنچى قانۇنىيىتى ـــ ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئىجتىمائىي بارلىققا نىسپىي بېقىندىلىق قانۇنىيىتىنى شەكىللەندۇرگەن.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھۆكۈمران سىياسىي ئىدېئولوگىيىنىڭ تەسىرىگىمۇ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى تەسىرى ـــ ئىنسانپەرۋەرلىك، تەرەققىيپەرۋەرلىك، دېموكراتىزم، گۈزەل ئارزۇ ـ ئىستەكلەر بىلەن ئەنئەنىۋى قاراشلارنىڭ تەسىرىگىمۇ ئۇچرايدۇ. ئۆتمۈش ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەسەرلىرىدە يۇقىرىقى ئىككى تەرەپنىڭ تەسىرىنى ئىنكار قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھۆكۈمران سىنىپلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى سىياسىي مەنپەئەتىنىڭ تەسىرى ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ ھېس ـ تۇيغۇلىرى ھەم تارىخىي يۈزلىنىشىنىڭ تەسىرىدە راۋاجلىنىدۇ. ئۇنىڭدا مۇئەييەن بىر دەۋر مەزمۇنلىرى، سىنىپىي ۋە سىنىپىي ئىستېتىك مەزمۇنلا بولۇپ قالماستىن، يەنە پۈتكۈل تارىخىي ئامىللار، ئومۇمىي خەلق خاراكتېرىدىكى ئامىللار ۋە مەزمۇنلار بولىدۇ. ئومۇمەن خەلقپەرۋەرلىك، ئىنسانى-

پەرۋەرلىك ئامىللىرى ئۈستۈنلۈك ئالغان ئەدەبىيات ـ
سەنئەت، بولۇپمۇ بۇنداق ئۆلمەس ئومۇمىي خەلق خا ـ
راكتېرىدىكى ئامىللارنى كونكرېت تارىخىي مۇھىت ۋە
يارقىن ئوبرازلار بىلەن گەۋدىلەندۈرۈپ، كېيىنكى دەۋر ـ
لەر ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق تەييارلىغان ئەدەبىيات ـ
سەنئەت ئۆلمەس ئەدەبىيات ـ سەنئەت ھېسابلىنىدۇ. ئە ـ
دەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ بۇ قانۇنىيىتى
خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىۋى ئازادلىق، ئىجتىمائىي ئازادلىق
ئۈچۈن كۈرەش قىلغان دەۋردە، خەلقنىڭ پىكىر قىلىشى ئۈس ـ
تۈنلۈك ئالغان دەۋردە، خەلقنىڭ ساغلام ئىستېتىك ئۆلچەم ـ
لىرىنى ئىگىلىگەن دەۋردە ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ ھەقىقىي
گۈللىنىشكە ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.
مانا بۇ، ئەدەبىيات سەنئەتنىڭ ئىككىنچى قانۇنىيىتىدۇر.

ئۈچىنچى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىدېئولوگىيىلىك
مەدەنىيەتنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە، دۇنيا مەدە ـ
نىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلى سۈپىتىدە، دۇنيا مەدەنىيىتى ـ
نىڭ بىردەكلىك قانۇنىيىتى، ۋارىسلىق قانۇنىيىتى،
ۋە راۋاجلىنىش قانۇنىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇئەييەن دۆلەت ياكى مۇ ـ
ئەييەن مىللەتنىڭ، مۇئەييەن دەۋردىكى رېئاللىقىنىڭ
مېخانىك ئىپادىسى ئەمەس. ئۇ، بىر ئالەمشۇمۇل تا ـ
رىخىي مەدەنىيەت جەريانىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭدا تا ـ
رىخىي ئەنئەنە، چەتتىن قوبۇل قىلىش ۋە بەدى ـ
ئىي غايە غايەت زور رول ئوينايدۇ. شۇ نەرسىنى تە ـ
كىتلەش لازىمكى، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە ئۇنىڭ

ئىپادە قورالى بولغان تىل، پسىخولوگىيىلىك ئامىللار ھەم تۇرمۇش يۈرۈش قاتارلىقلار گەرچە مۇئەييەن مىللىي، تارىخىي خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك قانۇنىيىتى، يۈكسەكلىك، تىراگېدىيىلىك، كومېدىيىلىك ھېس-چۈشەنچىلىرى پۈتكۈل دۇنيا مەدەنىيەت يۈزلىنىشىدە بىردەكلىككە ئىگە. بۇ، گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت ھەرىكەت قانۇنلىرىنىڭ ئوبيېكتىپلىقى تۈپەيلىدىن، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۇنيانى ۋە ئۆزىنى بىلىش ۋە ئۆزگەرتىش تارىخىدىكى بىردەكلىك تۈپەيلىدىن مەيدانغا كەلگەن قانۇنىيەتتۇر.

بىز ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەر قايسى دەۋرلەردە يۈز بەرگەن پەلسەپىۋى، ئىلمىي، ئىستېتىك قاراشلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ۋارىسلىق قىلىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك. ھازىرقى دۇنياۋى ئىدىيولوگىيىلىك مەدەنىيەتنى نوقۇل بىر مىللەت ياراتمىغان، ئۇ دۇنياۋى تارىخىي نەتىجىدۇر، ئاتالمىش «غەرب مەركەز» ياكى «شەرق مەركەز» نەزەرىيىسىگە قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ مەسىلىدە شەرق ۋە غەربنىڭ ئوخشاشمىغان تارىخىي دەۋردە ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىدىكى بىردەكلىك خاراكتېرىنى ئېتىراپ قىلىشىمىز لازىم. بۇنداق بىردەكلىك، ۋارىسلىق، قوبۇل قىلىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانىدا مەدەنىيەت داۋاملىق شەكىللىنىدۇ. ئۆتمۈشتىكى مۇنەۋۋەر ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، باشقا خەلقلەرنىڭ تارىخىي ياكى رېئال بايلىقلىرىنى ئۆزىگە لايىقلاشتۇرۇپ قوبۇل قىلىش ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىد-

كى بىر قانۇنىيەتتۇر.

ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ يۇقىرىقى ئۈچ قانۇنىيىتى بويىچە شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مەيدانغا كېلىش تارىخىنى تەكشۈرگىنىمىزدە، خېلى نۇرغۇن ئامىللارنىڭ ئىچىدە مۇھىم ئامىلنىڭ بىرسى ـ ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ دۇنياغا كېلىشى بىلەن زىچ قويۇق تارىخىي ئالاقە كۆزگە تاشلىنىدۇ.

دۇنيا تارىخىدا VI ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخى تەرەققىيات تارىخىي نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، گرېتسىيىنىڭ گۈللەنگەن سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ئالېكساندىر ماكېدونسكى (ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن) ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىپ، مىلادى بىرىنچى ئەسىردىن باشلاپ غەربىي ياۋروپانىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت مەركىزى گرېتسىيىدىن رىمغا كۆچكەن ئىدى. مىلادى 476 ـ يىلى گېرمان ـ ئىسلاۋيان ۋارۋارلىرى غەربىي رىم ئىمپېرىيىسىنى بېسىۋېلىپ، رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا خاتىمە بېرىپ، جاھان مەدەنىيەت تارىخىدا بىر ئۈزۈلۈش پەيدا قىلغان ئىدى. بۇ چاغدا ياۋروپا مەدەنىيەت ئويغىنىش دەۋر تارىخىدىن تېخى ناھايىتى يىراقتا ئىدى.

مانا شۇنداق مەزگىلدە ئەرەبلەر يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، VI ئەسىردىن XII ئەسىرگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە جاھان مەدەنىيىتىنىڭ غايەت مۇھىم تەرەققىيات باسقۇچىغا ۋەكىللىك قىلغان بىر پارلاق

مەدەنىيەت يارىتىپ، بىر پۈتۈن ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيەت
گۈللىنىش ئىراسىنى ئېچىپ بەردى. بۇ ئەمەلىيەتتە
شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ پرولوگى ئىدى. دەسلەپتە
ئىسلامىيەتنى بايراق قىلغان ئەرەب سەركەردىلىرى
ۋارۋار ئەرەب مىللىتىنى تارقاقلىق، قالاقلىق، كەمبە-
غەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارغا ۋەتەن، مىللەت ۋە
دۆلەت چۈشەنچىسىنى بېرىش مەقسىتىدە، نوقۇل ئەرەب
ھادىسىسى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققان بولسا، ئۇ-
زاق ئۆتمەي بۇ ھەرىكەت ئىستېلا — تاجاۋۇز خاراكتېرىنى
ئالدى. ئۇلار 661 - يىلدىن 750 - يىلغا قەدەر بول-
غان ئارىلىقتا ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ تېررىتورىيىسىنى
غەربتە ئاتلانتىك ئوكياندىن شەرقتە ھىندى دەرياسى
ۋە سىر دەريا ۋادىسىغىچە كېڭەيتتى.

ئەمدى بۇ شۆھرەتلىك ئىمپېرىيىنىڭ بۇ كەڭ
تېررىتورىيىدە گىگانت قەددىنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشى
ئۈچۈن، ئۆزىگە خاس، ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارى-
تىش ئېھتىياجى تۇغۇلدى. شۇڭا ئۇ، ئەمدى ئۆزى بې-
سىپ ئالغان كەڭ تېررىتورىيىدىكى مەدەنىيەتلىك مىللەت-
لەردىن ئۆگىنىش، ئۇلارنىڭ قەدىمكى ۋە ئوتتۇرا ئەسىر-
دىكى مەدەنىيىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئۇنى ياۋروپا مەدە-
نىيىتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان رىچاگقا ئايلاندۇرۇش جە-
ھەتتە تارىخ سەھنىسىدىكى غايەت زور ئىنتېرناتسىئونال
ئېپوپېيەنىڭ پېرسوناژى سۈپىتىدە مەيدانغا چىقتى.

ئۇلار ئىنتايىن باي بولغان، قەدىمىي شەرق ۋە
گرېك مەدەنىيىتى ۋە غەربتە بەسرە، قوبا، ئىنتايىن

باي بىلىم ماتېرىياللىرى ئۆزىگە توپلىغان ئىسكەندىرىيە ۋە دەمەشقىنىڭ شەرقىدىكى مەرۋە ـ بەلخ، خامادان قاتارلىقلارنىڭ ئەسىرلەر بويى توپلىغان مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن ئوزۇقلىنىپ، ۋارىۋار ئەرەب قەبىلىسى قۇللۇق تۈزۈمنى كۆرمەيلا فېئودالىزم باسقۇچىغا سەكـرەپ ئۆتۈپ ئالدى. ئۇلارنى بۇ ھوقۇققا ئېرىشتۈرۈشتە، ئاكادېمىيە (تەتقىقاتچىلىق)، تەرجىمانلىق، جۇڭگونىڭ قەغىزى① غايەت زور ئاچقۇچلۇق رول ئوينىدى.

بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا، ئەڭ ئالدى بىلەن سۈرىيىلىكلەر (بولۇپمۇ يەھۇدىلار)، ئۇنىڭدىن كېيىنلا ئاسىيالىقلار باشلامچىلىق بىلەن غايەت زور رول ئوينىدى. شۇنداق قىلىپ باغدات خەلىپىلىكى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئالتۇن دەۋرى» دەپ ئاتالغان خەلىپە ھارۇن رەشىد (789 — 809)، خەلىپە مەمۇن (813 — 833) دەۋرى ھەقىقىي ماھىيەتتە بىلەن ئەرەب مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دۇنياۋى خاراكتېر ئېلىشقا يۈزلەنگەن دەۋرى بولدى.

بۇ جايدا شۇنى ئېنىق ئېيتىش كېرەككى، «ئەرەب مەدەنىيىتى» دېگەن چۈشەنچە يالغۇز نوقۇل ئەرەب مىللىتىنىڭلا ياراتقان مەدەنىيىتىنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئەرەب مىللىتى ئويغىنىپ تارىخ سەھنىسىگە چىقىپ، شەرقتە ھىندى دەرياسىدىن غەربتە ئاتلانتىك ئوكيانىغىچە بېسىپ ئالغاندىن كېيىن، مۇشۇ تېررىتورىيىدە ياشىغان خەلقلەر بىلەن بىللە ياراتقان ئەرەب ئىمپېرىيىسىنىڭ كۆپ مىللەتلىك

① ئەرەبلەر 794 ـ يىلىغىچىلىك قەغەز ئورنىغا قوي تېرىسىنى ئىشلەتكەن.

ئورتاق مەدەنىيەت گەۋدىسىنى كۆرسەتسە، ئىككىنچىدىن، تارىخىي مەنبە جەھەتتىن ئالغاندا ئۇ، قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچاقلىرى موسوپوتامىيە، نىل، پىرسىيە، تۇران (ئوتتۇرا ئاسىيا)، ھىندىستان مەدەنىيەتلىرى بىلەن جۇڭگو ۋە رىم، گرېتسىيە مەدەنىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنى قايتا تەتقىق قىلىپ ئۆزلەشتۈرگەن، راۋاجلاندۇرغان ئورتاق ئەنئەنىسىۋى گەۋدىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

يۇقىرىقى قەدىمىي مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنى ئىستىنا قىلغان ھالدا ئەرەب مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىسلام مەدەنىيىتى — مەيلى دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىن، مەيلى تەبىئەت ئىلمى جەھەتتىن، مەيلى كۆزقاراش، پەلسەپە، ئەدەبىيات — سەنئەت جەھەتتىن بولسۇن ئىسلامىيەت يىپىنچىسىنى يېپىنغان، ئىسلامىيەت سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان ۋە قايتا گۈللەندۈرۈلگەن يۇقىرىقى مەدەنىيەت ئوچاقلىرىدىن تاۋلىنىپ چىققان مەدەنىيەتنىڭ قانۇنلۇق ۋارىسى سۈپىتىدە، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت باسقۇچىنى شەكىللەندۈرگەن ئوتتۇرا ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ بىر نۇرلۇق چىراغىدۇر.

بۇ، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئەڭ غوللۇق تارمى بولۇپ، غەربىي ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى.

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككىنچى زور تارمىقى بىرىنچىسىنىڭ داۋامى، ۋارىسى، راۋاجى تەرەققى-

سىدە X ئەسىردىن XIII ئەسىرگىچە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كېلىپ، غەربىي ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرىگە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسەتتى.

بۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا مەۋارە ئۇننەھرىدە قۇرۇلغان سامانىلار دۆلىتى (مىلادى 820 — 1000 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر قاراخانىلار دۆلىتى (مىلادى 870 — 1213 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ غەزنەۋىلەر سۇلتانلىقى (مىلادى 963 — 1186 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن)، ئۇلۇغ سالجۇقىلار ئىمپېرىيىسى (مىلادى 1037 — 1157 - يىلىغىچە هۆكۈم سۈرگەن) قاتارلىق دۆلەتلەر ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىنىڭ سىياسىي سەھنىسىگە چىققاندىن كېيىن، مەدەنىيەتنىڭ بىردەكلىك قانۇنى، مىراسخورلۇق قانۇنى، راۋاجلاندۇرۇش قانۇنىنىڭ مۇقەررەرلىكى ئاساسىدا ئەرەبلەردىن ئىسلامىيەت ئارقىلىق، ئەرەب يېزىقى ئارقىلىق كىرىپ كەلگەن يۇقىرىقى مەدەنىيەتنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇپ، يۇقىرى پەللىگە كۆتۈردى ۋە ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ بېيىشىغا ئاجايىپ شانلىق تۆھپىلەر قوشۇپ، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئاۋانگارتلىرىدىن بولۇپ قالدى. بۇ دەۋرنىڭ ئۇلۇغۋار سىمالىرىدىن بىرى مۇھەممەت بىننى مۇسا ئەل خارەزمى (780 - 847) بولدى. خارەزمى ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ ماتېماتىكى ۋە ئاسترونوم ھەم گېئوگراپ ئىدى. خارەزمى ئوتتۇرا ئاسىيا ماتېماتىكىسىنىڭ تۇنجى ئاساسچى-

لەردىن بىرى بولۇپ، «ھىسابول جەبرى ۋەل مۇقا-
بىلە» دېگەن ئەسەرنى ياراتتى. «ئالگېبرا»نىڭ تۇنجى
قوللانمىسى بولغان بۇ ئەسەر XII ئەسىردىن كېيىن
كىرمونالىق رالال تەرىپىدىن لاتىنچىگە تەرجىمە قىلى-
نىپ XVI ئەسىرگىچە ياۋروپادا ئالگېبرا دەرسلىكى بو-
لۇپ كەلدى. جۈملىدىن خارەزمى تۇنجى قېتىم ھىندى
رەقەمنى قوللىنىپ، رەقەم ئورنىغا يېزىق قوللىنىشنى قالدۇرۇپ،
ئۇنىڭ ئورنىغا ماتېماتىك رەقەمنى دەسسىتىپ، ماتېماتى-
كا مەدەنىيىتىگە بىر يېڭى خىش قويدى. شۇنداق قى-
لىپ خارەزمىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىدىكى ئىجادىيىتى
كېيىن پۈتۈن ياۋروپانىڭ ماتېماتىكا تەرەققىياتىغا
كۈچلۈك پېشاڭلىق رول ئوينىدى. بۇ ئۇلۇغ سى-
ما قەدىمىي تۇران، ھىندىستان ۋە گرېك ئاسترونومى-
يىلىك كۆزقاراشلىرىنى تەتقىق قىلىپ، تۇنجى ئاسترو-
نومىيىلىك جەدۋەل ئىشلەپچىقىپ، ئاسترونومىيىنىڭ
يېڭى ئىراسىنى ئاچتى.

خارەزمىنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىختىراسىنى كېيىن ئەبۇ
ئابباس ئەخمەت ئەل پەرغانى داۋاملاشتۇرۇپ، 861-
يىلى نىل بويىدا سۇ ئۆلچەش پونكىتىنى قۇرغان بولسا،
شۇ ئاساستا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان يەھۇدى
ئالىملىرىدىن ئىبىن ئەلى بىلەن يەھيا مەنسۇرلەر
باشچىلىقىدا خەلىپە مەمۇن دەۋرىگە كەلگەندە ئافسورۋا-
تورىيە قۇردى.

خارەزمىنىڭ ئاسترونومىيىلىك تەلىماتلىرى ئوتتۇرا
ئاسىيا ئالىملىرىدىن بەلخلىق ئەبۇ ھەشەر (886 - يى-

لى ۋاپات بولغان)، غەزنىلىك ئەبۇ رەيھان بىرۇنى (973 — 1050)، ئىسپانىيىلىك ئەبۇل قاسىم مەجرىتى (خارەزىمى-نىڭ مادرىدلىق شاگىرتى)، مىسىرلىق ئەلى ئىبىن يۇنۇس (ۋاپاتى 1009 - يىل)، نىشاپورلۇق ئۆمەرخەييام (ۋاپاتى 1032 - يىل) لەر تەرىپىدىن داۋاملىق تەت-قىق قىلىندى.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن ئۇلۇغ ئالىملاردىن بىرسى خارەزىملىك ئەڭ يىرىك ۋارىسى ئەبۇ رەيھان بىرۇنى بولدى. ئۇ خارە-زىمىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ئەتماتلىرىنى چوڭقۇرلاش-تۇرۇپ، يەرنىڭ يۇمىلاق ئىكەنلىكىنى، ئاسمان جىسىملى-رىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدىغانلىقىنى، يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغانلىقىنى نەزەرىيە جەھەتتە ئىسپاتلاپ، ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئاسترونومىيىلىك ئەتماتىنى ياراتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەتماتلىرى 500 يىلدىن كېيىن ياۋروپالىقلار تەرىپىدىن، يەنى ماگىللان دېڭىز ساياھىتى ئارقىلىق يەرنىڭ يۇمىلاقلىقى، كوپېرنىكنىڭ (1473 — 1543) نىڭ «ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ھەرىكىتى» دېگەن ئەسىرىدە ئاسمان جىسىملىرىنىڭ قۇياشنى مەركەز قىلىدى-غانلىقى، يەرشارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان-لىقى ئىسپاتلاندى.

بۇ دەۋردە مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ زۇلمەتلىك ئاس-منىدا پارلىغان يورۇق يۇلتۇزلارنىڭ بىرسى ئوتتۇرا ئاسىيالىق ئىبىن سىنا بولدى. ئۇنىڭ «كىتابول شىپا»، «دا-نىشنامە»، «ئەل قانۇن فىت تىبىن» ناملىق مەشھۇر

ئەسەرلىرى ئىنسانىيەتنىڭ شەرق ۋە غەربتە قولغا كەل-
تۈرگەن ئىبابەتچىلىك كۆزقاراشلىرى ۋە تەجرىبىلىرى-
نىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەكۈنى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە
مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، ئۇ، يالغۇز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭلا
ئەمەس، بەلكى ياۋروپا يېقىنقى زامان مېدىتسىناسىنىڭ
مەيدانغا كېلىشىگىمۇ ئاساس سالغان ئىدى.

مانا ئاشۇ يۇقىرىقى پاكىتلار «ئويغىنىش دەۋرى»
شەرقتە غەربتىكىگە قارىغاندا خېلىلا بۇرۇن، يەنى
فېئودالىزمنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىدە دۇنياغا كېلىپ، ئىلىم-
پەن غەرب بۇرژۇئا ئويغىنىش دەۋرىگە غايەت زور
ئۇنۇملۇك تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنىڭ تەۋرەنمەس گۇۋاھ-
چىسى بولالايدۇ.

شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىج-
تىمائىي پەن، بولۇپمۇ ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ يىرىك ۋەكىل-
لىرى روداكى، فىردەۋسى، نىزامى، خىسراۋ دېھلىۋى،
ھافىزى، شوتا رۇستاۋېلى، ئىبن سىنا قاتارلىق تاڭ چولپان-
لىرىنى ئاتاپ ئۆتۈشتىن تاشقىرى، بۇ چاغدا ئوتتۇرا
ئاسىيادا ئالاھىدە ھۆكۈمران كۈچ سۈپىتىدە مەيدانغا
چىققان، دۇنيا ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت يولى ھېسابلان-
غان «يىپەك» يولىنىڭ ئۆت كۆچا ئاغزىغا جايلىشىپ ئېلىپ،
«يىپەك» يولىنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا
ئېلىۋالغان قاراخانىلار دۆلىتى، ئۇنىڭ تېررىتورىيىسىدە مەي-
دانغا كەلگەن ئەڭ باي مەدەنىيەت ۋە ئۇنىڭ بۈيۈك
ۋەكىللىرى ئۈستىدە ئالاھىدە توختىلىش — ئالاھىدە تارى-
خىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ چاغ قاراخانىلارنىڭ زور قۇدرەت تېپىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ كۈچلۈك دۆلەت ھېسابلانغان سامانىلارنى ئۇزۇل - كېسىل تارمار كەلتۈرۈپ، ئۆز چېگرىسىنى خوتەندىن ئامۇ ۋە سىر دەريا بويلىرىغىچە سوزۇپ يېتىپ كېلىپ، پۈتۈن مەۋارەئۇننەھرنى ئىگىلىگەنلىكى، «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان ئۇيغۇر تىلىنىڭ پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ، تۈركىي خەلقلەر مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى قورال سۈپىتىدە كەڭ تۈردە قوللىنىلغانلىقى، بارغانسېرى سىياسىي، ئىقتىسادىي بوھرانغا ئۇچراپ، چۈشكۈنلىشىۋاتقان باغدات خەلىپىسىگە قاراخانىلار، غەزنەۋىلەر، خارەزىم شاھلارنىڭ يېڭىدىن باش كۆتۈرۈۋاتقان سەلجۇقى تۈركلىرى ھەربىي ھەم ئىقتىسادىي جەھەتتىن جىددىي تەھدىت سېلىپ، ئۇنى تىزگىنلەيدىغان قۇدرەتلىك سىياسىي كۈچكە ئايلانغانلىقى، ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى — «خاقانىيە تىلى بۇرۇن ئەرەب يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن ئەرەب تىلى» بىلەن خۇددى «بەيگىگە چۈشكەن ئىككى ئاتتەك» پەللىگە كۆتۈرۈلگەن دەۋر ئىدى. قاراخانىلارنىڭ بۇ قۇدرەتلىك سىياسىي، ئىقتىسادىي شارائىتى قاراخانىلارنىڭ ئۇيغۇرلار تارىخىدا «ئالتۇن دەۋرى» دەپ ھېسابلانغان شەرق ئويغىنىش دەۋرىنى مەيدانغا كەلتۈردى. بۇ گۈللەنگەن، باي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن يىرىك ۋەكىللىرى: «مۆجۇمە-ئۇششەرىخ» (ئۇستازلار توپلىمىنىڭ سىرى)، «قەشقەر تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپ-

نۇرى ئابدۇلپەتتاھ ئابدۇغاپپار ئىبنى ھۇسەيىن قەشقەرى (ۋاپاتى 1098 - يىلى). ھۇسەيىن ئىبنى خەلەپ قەشقەرى، مەشھۇر تارىخچى جامال قارشى ۋە «شەرھى ئەل قانۇن» نىڭ ئاپتورى مەشھۇر ھېكىم ئىمادىددىن قەشقەرى ھەم سەلجۇقى تۈركلىرىنىڭ ئاخىرقى ھۆكۈمرانى سۇلتان سەنجەرگە ئاتالغان «ئەغرازۇ سىياسىي فى ئىلمىي سىياسىي»نىڭ ئاپتورى قىلىچ خان مەسئۇد، قاراخانىلارنىڭ ئاخىرقى خانلىرىنىڭ بىرى بولغان ئىبراھىم ئىبنى ناسىرغا بېغىشلانغان «تۈركىستان تارىخى»، «چىن تارىخى» قاتارلىق ئەسەرلەرنىڭ ئاپتورى مەجدىددىن ئىبنى ئەدنامى، نىھايەت ئوتتۇرا ئاسىيا خانلىرىنىڭ تەپسىلىي تارىخىنى 30 جىلد قىلىپ يازغان ئوبۇل پەيزى مۇھەممەت ئىبنى ھۇسەيىن بەلخى (996 - 1039)، جۈملىدىن «جامىئۇل ھىكايەت »نىڭ ئاپتورى مۇھەممەت ئەۋفى ۋە نىھايەت ئوتتۇرا ئەسىر ئارستوتېلى، «ئىككىنچى ئۇستاز»، شەرق خەلقلىرىنىڭ سپىنوزى — ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابى (870 - 950)لار ناتۇرالىزملىق پانتېزم پەلسەپىۋى سىستېمىسىنىڭ ئاساسىنى يارىتىپ، ئىنسانىيەت بىلىش تارىخىغا ناھايىتى زور تەسىر كۆرسەتتى. ئەبۇ نەسىر فارابى «ئىمام ئۇلۇم» (ئىلىملارنى تۈرلەر بويىچە تونۇشتۇرۇش)، «كىتابۇل جەمئى»، «خۇسۇل ھىكەم» (پەلسەپە گۆھەرلىرى)، «ئىيونۇل مائىل» (مەسىلىلەر بۇلاقلىرى)، «ئارا ئەھلۇل مەدىنەتۇل فەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ كۆزقاراشلىرى)، «ئەل سىياسەتۇل

مەدەنىيە» (شەھەر گىراژدانلىق سىياسىتى)، «كىتابۇل مەنتەقول كەبىر» (ئۇلۇغ لوگىكا كىتابى)، «كىتابۇل مۇسقۇل كەبىري» (ئۇلۇغ مۇزىكا كىتابى) قاتارلىق 100 دىن ئوشۇق ئەسەر يارىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى. ئۇلۇغ ئۇيغۇر قارلۇق ئالىمى ئەبۇ نەسىر فارابىدىن بىر ئەسىر كېيىن، بۇ مۇقەددەس دىيار — قاراخانىلار يۇرتىدا شەرق ئۇيغىنىش دەۋرىنىڭ ئىككى بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى ۋە ئېنسىكلوپېدىك ئالىملىرى — مەھمۇت قەشقەرى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىي دۇنياسىدا، ئوتتۇرا ئەسىر زۇلمەت دۇنياسىدا مەشئەل بولۇپ يانغان ئىككى نۇرلۇق چىراغ بولۇپ قالدى.

ئۇلۇغ ئېنسىكلوپېدىك ئالىم مەھمۇت قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى،» «كىتابۇ جەۋاھىدىن نەھۋى فى لۇغەتىت تۈرك، (تۈركىي تىللار نەھۋىسىنىڭ جەۋھەرلىرى» ناملىق قامۇسلىرى بىلەن دۇنيا تۈركولوگىيە تىلشۇناسلىق ئىلمىنىڭ ياراتقۇچىسى، پېشۋاسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى دۇنيا قاراش جەھەتتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «قوتادغۇ بىلىك»تە ئوتتۇرىغا قويۇلغان فارابىنىڭ پانتېزملىق، راتسىئونالىزملىق، گۇمانىزملىق، ۋەتەنپەرۋەرلىك دۇنيا قاراشلىرىنىڭ راۋاجلاندۇرۇلغان، كونكرېتلاشتۇرۇلغان كۆزقارىشىنىڭ

كىسىنى ① بىرلىكتە تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ كودېكس — مۇشۇ دەۋر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەڭ يىرىك بىلىم ئوچاقلىرى بولغان «ساجىيە» دارىلفۇنۇنىنىڭ قۇرغۇچىلىرى ۋە ئۇنىڭدىن ئوقۇلىنىپ يېتىلگەن يۇقىرىدا ئىسمى ئاتالغان ۋەتەنپەرۋەر ئىلىم - ئېرپان مۇخلىسلىرى ئۈچۈنمۇ ئورتاق ئىدى.

قاراخانىلار ئەدەبىياتىنىڭ باش يېتەكچى ئىدىيىسى قىنودا سىزم ۋە ئۇنىڭ روھىي تۈۋرۈكى بولغان ئىسلام ئىلاھىيەتچىلىكىگە قارشى ھالدا گۇمانىزم — ئىنسانىپەرۋەرلىك ئىدى. بۇ ئىدىيە پانتېئىزم شەكلىدە ئىپادىلەندى. بۇنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام شەرقىدىكى بىرىنچى جەڭگىۋار ۋەكىلى ئەبۇ نەسىر فارابى بولدى.

ئەبۇ نەسىر فارابى ئاساس سالغان ناتۇرالىزملىق پانتېئىزم ماھىيەتتە راۋاجلانغان ئارىستوتېلىزم بولۇپ ئۇ دۇنيانىڭ مەڭگۈلۈكىنى، بىردەكلىكىنى، تەڭرى بىلەن تەبىئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى تەڭرى ئانتروپومورفوئىزمچىلار (تەڭرى قىياپىتى ئىنسانغا ئوخشايدۇ) دىن باشقىچە شەكىلدە، تەڭرىنىڭ تەبىئەت بىلەن بىردەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

ئۇ، ئالەمنىڭ ماددىلىقى ۋە قانۇنىيەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىنسان تەپەككۇرىنىڭ دۇنيانى بىلەلەيدىغانلىقى-

① كودېكس — بۇ جايدا پۈتۈن كۆز قاراشلارنىڭ بىر پۈتۈن كەۋدىسىنى كۆرسىتىدۇ.

نى، بىلىمنىڭ ھەقىقەت ياكى ساختا ئىكەنلىكىنى ئىنسان لوگىكا تەپەككۇر ئۇسۇلى بولغان دېدۇكسىيە، ئىندوكسىيە ئىسپاتلاش يولى بىلەن ئاجرىتىدىش مەزمۇنلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

فارابى پانتېزمى (ۋەھدەت مەۋجۇت) ئىبن سىنا، ئىبن توفەيل، ئىبن رۇش ئارقىلىق ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى گېرمانىزمچىلىرىغا ۋە ياۋروپا پانتېزمىغا كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتكەن بولسا، ئىبن مايمۇندى ئارقىلىق سپىنوزا پانتېزمىنى شەكىللەندۈرۈپ، ياۋروپا مەرىپەتپەرۋەر دەۋرىگە يېتىپ باردۇ.

فارابى يالقۇنلۇق گۇمانىست ئىدى. ئۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا ئىدېئولوگىيىسىدە يوقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، «ئوتتۇرا ئەسىر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ھەممە فورمىلىرىنى ئىلاھىيەتكە قوشۇۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئىلاھىيەتنىڭ شۆبىلىرىگە ئايلاندۇرۇۋەتتى، ئاممىنىڭ ھېسسىياتى نوقۇل دىنى ئوزۇق بىلەن ئوزۇقلاندۇرۇلغان» دەۋردە تەڭرى مەركەزچىلىككە (تېئو سېنتىرىزمىغا) قارشى ھالدا «ئانتروپو سېنتىرىزم» — ئىنسان مەركەزچىلىك نەزەرىيىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ «مەدىنەتول پەزىلە» (پەزىلەتلىك شەھەر ئەھلىنىڭ كۆزقاراشلىرى) ئەسىرىدە ئۆزىدىن 7 — 8 يۈز يىل كېيىن ئوتتۇرىغا چىققان غەرب ئۇتوپىك سوتسىيالىستلىرى كامپانېلا، توماس مۇر، فۇرىيې، سېن سىمون، ئوئېنلار ئارزۇ قىلغان «ئادالەتلىك دۆلەت»نى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەممە نەرسە ئۇ بايان قىلغان غايىۋى جەمئىيەتتە ئىنسان ۋە ئۇنىڭ بەخت - سائادىتى

ئۈچۈن خىزمەت قىلىش لازىملىقىنى ئېنىق ھالدا نەزەرىيەۋى جەھەتتىن ئىسپاتلاپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

ئىنسانپەرۋەرلىك گۇمانىزمىنى ئۆزىگە يېتەكچى قىلغان قاراخانىلار دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ باش سەركەردىسى بولغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ئېنسىكلوپېدىيىلىك داستانىدا فارابىنىڭ يۇقىرىقى كۆزقارىشى قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ كونكرېت ئەھۋالىغا تەتبىق قىلىنىپ، تېخىمۇ بېيىتىلىپ، ئوبرازلىق تەپەككۇر شەكلىدە ئوبرازلار ئارقىلىق كونكرېتلاشتۇرۇلدى.

«قۇتادغۇبىلىك» — قاراخانىلار دەۋر ئىدېئولوگىيىسىنىڭ سىستېمىلىق، ئوبرازلىق قامۇسى ئىدى. مانا بۇ غەرب ئويغىنىش دەۋرىدىكى كلاسسىك ئەسەرلەرگە ئوخشاش ئومۇمىي خۇسۇسىيەت بولۇپ، غەرب ئويغىنىش دەۋرىگە يېتىپ بارغان تىرادىتسىيىلىك چوڭ ۋە ئېنىق باش بەلگىلىرىنىڭ بىرسىدۇر.

بۇ ئۇلۇغ ئەسەرنىڭ شەرق ئويغىنىش دەۋرىگە خاس يەنە بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، غەرب ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بىرىنچى ۋە باش سەركەردىسى بولغان ئالگىر دانتى ئۆز دەۋرىگىچە پۈتۈن ياۋروپادا لاتىن تىلىدا ئەسەر يېزىشنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئىتالىيان تىلىدا ئەسەر يېزىش ئۆز مىللىي مەدەنىيىتىنى يارىتىشنىڭ بىردىنبىر تەدبىرى ئىكەنلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرغىنىدەك، يۈسۈپ خاس ھاجىپ يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەرلىك غۇرۇرى بىلەن ھىندى دەرياسىدىن ئاتلان-

تىلنىڭ ئوكيان ساھىلىغىچە بولغان كەڭ تېررىتورىيىدە «ئەرەبىزىم»نى تارقىتىشنىڭ بىردىنبىر قورالى، ۋاستىسى بولغان ئەرەب تىلىغا قارشى ھالدا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۇيغۇر تىلى — «خاقانىيە تىلى» بىلەن يېزىپ، يالغۇز ئۇيغۇرلارلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللە-نىشى ۋە شۇ تىل بىلەن ئۆز مىللىي، مەنىۋى مەدەنى-يەتلىرىنى يارىتىشتا غايەت زور تارىخىي ئەھمىيەتلىك ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئادا قىلدى.

ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ تۈپكى ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرسى شۇكى، ئۇ، دىنىي ئەدەبىياتتىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئەسىرىدە ئىنساننى ئەزىزلەيدۇ. ئۇنى جاھاندا ئەڭ قىممەتلىك ۋە ئەزىز مەۋجۇدىيەت سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ. ئىنساندىن ئۆزى ئۈچۈن غۇرۇرلىنىش ھېسسى تەربىيىلەشكە ئىنتىلىدۇ. ئاتاقلىق رۇس تەنقىدچىسى دوبرولىيوبوۋ بۇ دەۋرنى ياۋروپا ئەدەبىيات دائىرىسىدە شېكسپىردەك ئۇلۇغ ياز-غۇچىلار ئىجادى بىلەن باغلاپ مۇنداق كۆرسىتىدۇ: «ئىن-سانغا بولغان ساپ مۇھەببەت، پارتىيىلەرنىڭ غەرەزلى-رىدىن خالىي ھالدا مەيدانغا چىققان مۇنداق مۇھەببەت پوئېزىيەنىڭ كەم ۋەكىللىرىدە، شۇندىمۇ ھەم ئۇنىڭ ئەڭ ئالىي كىشىلىرىدىلا ئەمەلگە ئاشقان ئىدى. تېخى ئادالەتلىكقا پۈتۈپ ياتقان XVI ئەسىر ياۋروپاسىدا «ئۇ، ئىن-سان ئىدى!» دېگەن چوڭقۇر تارىخىي مەنىگە ئىگە سۆز-

لەر ئېيتقان ۋە بۇ سۆزلەردە مۇتەپەككۇرنىڭ ئىنسانىنىڭ قەدرى ھەققىدىكى چۈشەنچىسى ئىسپات قىلىنغان ئىدى» دەيدۇ.① «ئۇ ئىنسان ئىدى!» دېگەن سۆزلەر شېكسپىرنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «يۇلىي سىزار»دا باي ئىنسانپەرۋەر ئىكەن بىرۇت ھەققىدە ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئەڭ داڭلىق گۇمانىزم غايىلىرىگە باي ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدۇر.

دوبرولىيوبوۋ مۇنداق گۇمانىزم، تا گوگولغىچە بولغان رۇس ئەدەبىياتىدا داۋام قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ.

ئۇلۇغ ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ غەرب ئويغىنىش دەۋرىنىڭ بۈيۈك ۋەكىلى شېكسپىر بىلەن سېلىشتۇرغاندا 4 — 5 يۈز يىل، گوگول بىلە سېلىشتۇرغاندا 8 — 9 يۈز يىل ئىلگىرى.

5892 كىشى ياخشىدۇر كىشىلەر بېشى،
كىشىلىك قىلغۇچى كىشىگە تۇشى.

5893 كىشىگە جاۋاب قىل كىشىلىككە تەڭ،
شۇنىڭچۇن ئاتالدى كىشى دەپ كىشى.

دېگەن پەلسەپىۋى پىكىرنى ئوتتۇرىغا تاشلىغاندا، گۇمانىزمنىڭ چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈپ، شېكسپىردىن ئاللىقانداق ھالقىپ كەتمىدىمۇ؟

---

① دوبرولىيوبوۋ تا. ن. ئە. 1، 185 - بەت، رۇسچە.

ئۇ، ئىنسانىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش
ئۈچۈن، ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي ئىستىبدادىغا قارشى ھالدا
ئىلىمگە تايىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ئۆز ئەسە-
رىگە «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈر-
گۈچى بىلىم) دەپ نام قويغانلىقى تاسادىپىي ئەمەس-
لىكى ھەممىگە ئايان ھەقىقەتتۇر.

ئەدەبىيات ـ سەنئەت مۇئەييەن دۆلەت ياكى
مۇئەييەن مىللەتنىڭ مۇئەييەن دەۋردىكى ھاياتىنىڭ
مېخانىك ئىپادىسى ئەمەس. ئۇ، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆت-
كىنىمىزدەك بىر ئالەمشۇمۇل تارىخىي مەدەنىيەت جەر-
يانىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭدا تارىخىي ئەنئەنە-
سەتتىن قوبۇل قىلىش ۋە بەدىئىي غايە غايەت زور
رول ئوينايدۇ. يازغۇچىنىڭ ئىستېتىك غايىسى ئۇنىڭ
پەلسەپىۋى دۇنيا قارىشىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى بولۇپ،
بۈيۈك سەنئەتكار، يازغۇچىلار ـ ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار
غايىلىرىنى توشۇغۇچىلار ۋە بۇ غايىلەرنىڭ غەلىبىسى
ئۈچۈن كۈرەشكۈچىلەردۇر.

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئۆز خەلقىنى بەخت ـ سائادەتكە
ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، «دۆلەت بېشىدا بىلىملىك شاھ تۇرۇپ،
دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرسا، خەلق بەخت ـ سائا-
دەتكە ئېرىشىدۇ» دەپ قاراپ، «قۇتادغۇ بىلىك»تە «بى-
لىملىك ئىدىيال شاھ»، «بىلىم، قانۇن ئاساسىغا قۇرۇلغان
غايىۋى دۆلەت» يارىتىدۇ. شائىرنىڭ «ئىدىيال شاھ»، «ئىدى-
يال دۆلەت» قاراشلىرىنىڭ يىلتىزى توغرىسىدا ئاكادېمىك
بارتولدنىڭ سۆزلىرىنى ھەقىقانىي دەپ ھېساب-

لاشقا بولىدۇ.

بارتولد «تۈركىي خەلقلەرنىڭ قەھرىمانلىق ئېپو-
سىدىكى ئەنئەنە مەسىلىلىرىگە دائىر» دېگەن ئەس-
رىدە: «ئەرەب ۋە پارس ئەدەبىيات تەسىرىنىڭ بارلى-
قىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرغىنىغا قارىماي، ھەر ھالدا «قۇتاد-
غۇ بىلىك»، — قاراخانىلار قەشقەرى ئۈچۈن خاراكتېرلىك
كۆزقاراشلار دائىرىسى بىلەن باغلىق بولغان نۇرغۇنلىغان
يەرلىك ئەنئەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى تاما-
مەن روشەندۇر.» دەپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇلۇغ ۋەتەنپەرۋەر شائىرنىڭ ئەرەب - پارس تىل-
لىرىنى پۇختا بىلىشى، ئەرەبلەرنىڭ «ئەرەبىزم»نى شە-
كىللەندۈرۈپ، شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇقەددىمى-
نى ئاچقان چاغلىرىدا مەيدانغا كەلگەن ئەرەب مەدەنى-
يەت مەنبەلىرىدىن تاشقىرى، ئەرەب تىلى ئارقىلىق مەي-
دانغا كەلگەن گرېك - رىم كلاسسىك مەنبەلىرىدىن ۋە
باي پارس مەدەنىيەت مەنبەلىرىدىن تەنقىدىي ھالدا
پايدىلانغانلىقىدا گۇمان يوق. بۇلاردىن باشقا، ئۆز ۋەتـ-
ىنىنىڭ، ئۆز قېرىنداشلىرى — ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق
تارىخقا ئىگە، تۆتېمىزم، دىئىزم، شامان، مانى، بۇددا،
خرىستىيان ۋە ناھايەت ئىسلام دەۋرىدە ياراتقان باي
مەدەنىيىتىنى پۇختا ئۆگىنىپ، ئۇلاردىن يەكۈن چىقارغان-
لىقىدىمۇ گۇمان يوق. ئۇنىڭ ئادىل شاھ توغرىسىدىكى
ئىجتىمائىي ئىدىئال ئۇتوپىيىسى يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرق
خەلقلىرىنىڭ تەپەككۇر تارىخىدىمۇ سالماقلىق ئورۇن-
نى ئىگىلەيدۇ. بۇنىڭ دەسلەپكى بېخلىرى خەلق ئېغىز

ئىجادى «ئاۋېستا»، ئىران، ئەزەربەيجان ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر ئېغىز ئىجادىي تۇپلىمىدا، ئەخرامازدا زەردۇش، قىيامەرس، يىما ھەققىدىكى ئەپسانە مەدھىيىلىرىدە، تۈزۈك خەلق قوشاق، چۆچەكلىرىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا قەدىمىي خەلقلىرىنىڭ بىرى بولغان ساك - ماسساگېتلار (ياۋچىلار)نىڭ قەھرىمانلىق ئېپوسلىرى «تۇمارىس»، «شىراق» ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ دىنىزىم دەۋرىدە مەيدانغا كەلگەن قەھ-رىمانلىق ئېپوسى «چىستانى ئىلىك بەگ» ھەم ئۇيغۇر-لارنىڭ ٧ ئەسىرلەر ئەتراپىدا باسقۇنچى جۇجەنلەرگە قارشى جەڭلەردە مەيدانغا چىققان قەھرىمانى بەگتۈزلى پائالىيىتىنى ئاساسىي سيۇژېت قىلىپ، ئۇنىڭغا زەردۇشت تۈس بېرىلگەن «بەگتۈزلى ھەققىدە داستان» ئېپوسى، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئورخۇن دەۋرىدىكى مەڭگۈ تاش خاتىرىلىرى ۋە شامان، مانىي مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى، «بوكوخان»، «كۈزچ» رىۋايەتلىرى ھەم ئۇيغۇر ئىدىقۇت دەۋرىدىكى بۇددا مەدەنىيەت تەسىرىدە مەيدانغا كەلگەن «ئالتۇن يارۇغ» رىۋايىتى، «ئىككى تېكىن» رىۋايىتى ۋە سانسىزلىغان مانىي، بۇددا تېكىستلىرى ۋە خرىستىئ-ئان تېكىستلىرىدىكى رىۋايەتلەر. ناھايىتى يىراق تارىخنى ئەسلىتىدىغان «دىۋان»دا پارچىلىرى ساقلىنىپ قالغان «ئاپراسىياپ» — ئالىپ ئەرتوڭا قەھرى-مانلىق ئېپوسى ھەم «ئوغۇزنامە» قەھرىمانلىق ئېپوسى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ناھايىتى باي ئېغىز ئەدەبىياتى — قارا-خانىلار بىر پۈتۈن ئىدىيىۋى كىيىمىنىڭ قامۇسى بولغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئوزۇقلانغان باي مەنبەسىدۇر.

يېقىرىقى ئەنئەنە ۋە يەرلىك ئەنئەنىلەرنىڭ بۇ ئىدىيولوگىيىلىك قامۇسقا ئاپتور تەرىپىدىن ھەزىم قىلىپ سىڭدۈرۈلۈشى ئەسەر مەزمۇنىنىڭ بېشىدىن ئاخىر-رىغىچە يېيىلىپ بولۇپ، ئەسەر مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇر-لىشىپ، بېيىشىغا، قەھرىمانلىرىنىڭ كۆپ قىرلىق، جىلى-ۋىدار، جانلىق، ئەسەر تىلىنىڭ رەڭدار ۋە قىزىق ئەدەبىي ئۇسلۇب بوياققا ئىگە بولۇشىغا ئېلىپ كەلگەن. ئۇنداق يەرلىك ئەنئەنىلەر مەنبەلىرىدىن ئۇستىلىق بىلەن پايدىلانغانلىقى كىتابنىڭ بېشىدىن ئاخىر-رىغىچە داۋاملاشقان. مەسىلەن، ئايتولدى (ۋەزىر)نىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا:

ئۆلۈمنى توسا ئالسا دۇنيا - ملى، 1197

ئىدى ئۆلمەس ھېچ چاغدا بەگلەر بېگى.

دېگەندە بىرگە ئاپراسىياپ ئۆلۈمنى ئەسلىتىدۇ.

قامۇستا مۇنداق ھال: 320-، 321-، 322-، 881-، 1197-، 1758-، 1759-، 1780-، 1906-، 1962-، 1963-، 2319-، 268-، 1983-، 2696-، 2966-، 2967-، 2984-، 2985-، 3002-، 3265-، 3266-، 3491-، 3492-، 3819-، 3816-، 3817-، 3808-، 4947-، 4947-، 4948-، 5043-، 5044-، 5084-، 5251-، 5253-، 5523-، 5524-، 5569-، 5570-، 5571-، 5572-، 5809-، 5810-، 5811-، 6548-، 6549-، 6559-، 6550-، 6551-، 6552 - بېيىتلاردا خاھىيەت روشەن ھالدا كۆزگە تاشلىنىدۇ.

مۇتەبەككۇر شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ سەر-

كەردىسى سۈپىتىدە، ئوتتۇرا ئەسىر فېئوداللىزمىنىڭ ئىزىشىگە قارشى ئىنسان ئەركىنلىكى ۋە ئۇنىڭ «مۇشۇ «پانىي» دۇنيادا بەخت - سائادەتكە ئېرىشىش قابىللىقى»، زۆرۈرلۈكىنى بۇ يىرىك ئېپوپېيىدە پەقەت تۆت نەپەر قەھرىمان بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ.

بىرىنچى، ئادىل قانۇن سىمۋولى — كۈنتۇغدى؛ ئىككىنچى، بەخت - سائادەت (قۇت) سىمۋولى — ۋەزىر ئايتولدى؛ ئۈچىنچى، ئەقىل - پاراسەت (ئۇقۇش) سىمۋولى — ئايتولدى ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش؛ تۆتىنچى، قانائەتنىڭ سىمۋولى ئودغۇرمىش زاھىتتىن ئىبارەت. بۇ قەھرىمانلار خاراكتېرى لىرىكىسا ئاملىلىرى ئارقىلىق بايان، دراماتىك ئېپىزوتلار بىلەن، خاراكتېرى پەلسەپىلىك تەپەككۇر بىلەن جىپسىلاشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ قەھرىمانلار ئەينى زامان قاراخانىلار ئىجتىمائىي، سىياسىي مەدەنىيىتىنى ۋە ئىدېئولوگىيىسىنى ئېتىكىلىق ۋە پەلسەپىۋى ھەم ئېستېتىك ئىدېياللار ئارقىلىق بەدىئىي ئۆزگەرتكەن ھالدا ئەكس ئەتتۈرگەنى ئۈچۈن، «قۇتادغۇ بىلىك»نى ئۆز دەۋرىنىڭ ئالاھىدە بىر مەنىۋى «كۆزنىكى» دەرىجىسىگە كۆتۈرگەن.

ئەسەردە قەھرىمانلار بىر - بىرىسىنىڭ خاراكتېرىنى دراماتىك توقۇنۇشلار بىلەن ئاچىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدىكى پەرقلەر تامامەن ئوخشاشمىغان ھايات پەلسەپىسى پائالىيەتلىرى ئارقىلىق كەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ئىلىك — كۈنتۇغدى ئەسەرنىڭ باش قەھرىمانى سۈپىتىدە، ئاقىل ۋە بىلىملىك شاھ سۈپىتىدە، ئالاھىدە

گەۋدىلەندۈرۈلگەن. ئۇلنىڭ پرىنسىپى: خەلقنى بەخت-
سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، دۆلەت ئادالەتلىك
قانۇننى بىلىم ئۇلىغا قۇرۇشتىن ئىبارەت. ئۇ:

1712 بىلىمسىزگە كەلسە گەر دۆلەت ۋە قۇت،
بۇ دۆلەت تۇرماس ھېچ ئۇنىڭ بىرلە، يوت.

دەپ قانۇننى ھۆكۈم قىلىندۇ.

1966 بىلىم نۇر دىسىدۇر بۇ خانلار ئۆزى،
بىلىمسىز بولۇر قول، كىبرەك ئە سۆزى.

1927 ئىلى بولسا كۈچلۈك، يىغىلسا قوشۇن،
يۈرۈتسە ئىلىم بىرلە ئۇ تۈز قانۇن.

1953 بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق تۇرۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە، بەگ ئاتى قالۇر.

2015 ئىككى نەرسە ئەلگە باغ، ئاچقۇچ ئۆزى،
ھوشيارلىق ۋە قانۇن — ئەلنىڭ يىلتىزى.

2016 قايۇ بەگ يۈرۈتسە قانۇننى كونى،
تۈزەتتى ئۇ ئەلنى، تېغىلدى كۈنى.

2033 بولاي دىسەڭ ئەگە ئۇزاق ھۆكمران،
قانۇن تۈز يۈرۈت، خەلقنى ئاسرا ھامان.

2034 ئەل ئارتار قانۇن بىرلە، تۈزلەر جاھان،
زۇلۇم بىرلە كېمىيىپ ئەل، بۇزۇلۇر جاھان.

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئىرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يوق ئىرسە قانۇنلۇق بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خىزدا.

دېگىنىدە، ئىنساننىڭ ئازادلىق، ئەركىنلىك تەقدىرىنى بىلىم ئۈستىگە قۇرۇلغان ئادىل قانۇنغا باغلاپ، ئالەمنىڭ (قەدىمكى) ئەدەبىياتقا قارشى شەرق ئويغىنىش دەۋرى ئەدەبىياتىغا خاس خۇسۇسىيەتنى يارىتىپ، قەھرىمانلار تەقدىرىنى ئاسماندىن يەرگە قايتۇرىدۇ①.

ۋەزىر ئايتولدى بەخت ـ سائادەتنى تۇتۇپ تۇرۇشنىڭ بىردىنبىر يولى ـ ئالىي پەزىلەت، ئەخلاق ۋە ئىلىم ئىگەللىكىنى پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلايدۇ.

ئۆگدۈلمىش ئاتىسى ئايتولدىدىنمۇ يارقىن چىققان ئوبراز بولۇپ، ئۇ ئاتىسىدىكى ئېسىل ئەخلاقىي پەزىلەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملەشتۈرگەندىن تاشقىرى، ئىنتايىن بىلىملىك. ئۇ، ئۆز بىلىمى بىلەن دۆلەت خەلقىگە خىزمەت قىلىپ، دۆلەتنى ۋە ئۇندا ياشىغان خەلقنى مۇنداق دەيدۇ:

---

① ئانتىك (قەدىمكى) گرېك ئەدەبىياتىنىڭ قەھرىمانلىرىنىڭ تەقدىرى، ھەتتا قىلىشى ـ ھەرىكەتلىرى، ئۆلۈمى خۇدالار تەرىپىدىن ئالدىنئالا بەلگىلىنىپ قويۇلاتتى، مەسىلەن، ئەڭ قۇدرەتلىك ئاخىلىس كۈچلۈك دۈشمىنى گېكتور قولىدا ئەمەس، بەلكى ئۆزىدىن ئاجىز پارىسنىڭ قولىدا ئۆلىدۇ. جۈملىدىن گېكتور ئاخىللىسنىڭ كۈچلۈكلۈكىدىن ئەمەس، بەلكى خۇدا زېۋسنىڭ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ كەتكەنلىكىدىن ئۆلىدۇ. زېۋس كۆكتىكى خۇدانىڭ بەرىكى ۋەكىلى ئىدى.

3096 ياشادى ئۇ بىر چاغ شۇ خىلدا يۈرۈپ،
قۇزا — تۈزۈلمى بىرلە بۈدى تەڭ بولۇپ.

ئۇنىڭ سەۋەبىنى:

3107 قانۇن — سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت، بەلا،
ئىبقىتىنىڭ سۆزۈك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

…دېگەن دەرىجىگە يەتكۈزىدۇ.

ھەتتا زاھىت، دەرۋىش ئودغۇرمىشمۇ بىلىم
…ئۆگىنىشكە تىرىشقان قانۇن ۋە بىلىمنى:

3192 ئۇ ۋەدە رەھەق — ئادىل قانۇن تۈزگۈچى،
ياراتقان پۈتۈن خەلققە يەتكەي كۈچى.

3223 ئالەتكە بىلىملە سەن بارغىن يېقىن،
بىلىم ئامغىلايدۇ دوزاخ ئىشىكىن.

…دېگىنىدە، قانۇن ۋە بىلىمنى ئىلاھىيەت دەرىجىسىگە كۆتۈر-
…رىدۇ. بۇلارنى ئەرەب ئويغىنىش دەۋرىگە بىلىشتۇرغاندا،
…ئارىدىكى شۇنچە ئۇزاق مۇساپىگە قارىماي، فېئودالىزم
…ئىستىبداتىغا قارشى، ئىنسان ئازادلىقى ئۈچۈن قىلىنغان
…ئىدېئولوگىيىلىك جەڭلەرنىڭ ئەڭ ياخشى ئۈلگىسى
…دەپ قاراشقا بولامدۇ؟!

ئۇلۇغ شائىر ۋە مۇتەپەككۇر يۇقىرى تەبىقە
…ئىدېئولوگى سۈپىتىدە، ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىنى
…چوڭقۇر چۈشىنىپ، فېئودال كرىپوستنوياسۇق ئىجتىما-
…ئىي مۇناسىۋەتلەرنى مۇستەھكەملەشكە ئىنتىلگەن بولسىمۇ،
…ئەمما رېئال سېپىسىي زىددىيەتلەردىن قاچماي، خەلقنىڭ

ئەڭ ياخشى ئادىل ـ ئەقىلدار ۋە گۈللى سۈپىتىدە، ئەلبەت-
لەرنى زەھمەتسىز ھاۋادا پەيدا بولمايدۇ. ئۇ دۆلەت ئەرب-
بىدىن تارتىپ سىنىپلارغىچە تەپسىلىي تەربىيە بېرىدۇ.

شائىرنىڭ پەلسەپە كۆزقارىشىدا دۇنيانىڭ گارمو-
نىيەسى (ئۇيغۇنلۇقى) تۆت تادۇ، تۆت ھالەت ھەق-
قىدىكى ئانتىك مۇتەپەككۇرلار تەلىماتى ياتىدۇ.

ئىجتىمائىي ساھەدىكى گارمونىيە (ئۇيغۇنلۇق) يۈز-
قىرىقىغا ئوخشاش تۆت سۈپەت ـ ئادالەت، ئەقىل ـ ئىد-
راك، بەخت ـ سائادەت ۋە قانائەت قوشۇپ ئېلىپ بې-
رىلغاندىلا قولغا كەلتۈرۈلىدۇ.

ئۇنىڭ گىنىئولوگىيەسى، راتسىئونالىزمى فارابى-
ۋە ئىبنى سىنالار ئىزىدىن بارسىمۇ، ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەت-
لەرگە ئىگە. ئۇنىڭ پانتېئىزمى شۇ دەۋردە كەڭ
تارقالغان شەرق پىرى پانتېئىزم تەرەپ-
دارلىرى ئىچىدە كەڭ تارقالغان ئەبەدىيلىك ـ
تەڭرىلىكىمۇ. ماددىنىمۇ خاس دېگەن نۇقتىنى.
ئاساس قىلىسىمۇ، لېكىن تەڭرى ۋە ماددا ـ ئالەم، تەبىئەت.
مەلۇم ھالقىلار بىلەن باغلىنىدۇ. ئۇنىڭچە بىزنى ئوراپ
تۇرغان ماددىي ئالەمنى تەڭرى ياراتسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئۆز
قانۇنىيىتى بىلەن راۋاجلىنىدۇ. شائىر، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر
گەنە شۇ قانۇنىيەتلەرگە تايىنىپ تۇرۇپ، بىزنى ئوراپ
تۇرغان دۇنيانىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن، ئۇنى بىلىش
مۇمكىن دەپ ئېتىراپ؛ تىلبىدىغانلىقىنى 1181-، 1182-

1183 — بېيتلاردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

شائىر ئادەمدىكى ئەقىل-ئىدراكنىڭ ئەركىنلىكىنى، بەدەن گۈزەللىكىنى، ئادەم ھېسسىياتلىرىنىڭ بۈيۈكلۈكىنى، تەبىئەتكە ئىستېتىك مۇناسىۋەت قىلىشىنى يۈكسەك دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ. ئۇنىڭ روھ بىلەن بەدەننىڭ ئۆز ئارا نىسبىتى ھەققىدىكى كۆزقاراشلىرى فارابى، ئىبنى رەشىدلەرنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىلىرىگە يېقىن كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىتىكىسى بىلەن ئىستېتىكىسىدا شەخسنىڭ كامىزنىڭ ھالدا تەرەققىي ئەتتۈرۈش ئىدىيىسى مەركىزىي ئورۇنلارنىڭ بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

شائىرنىڭ يۇقىرىقىلاردىن تاشقىرى، ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئەخلاقىي قائىدىلىرى ھەققىدىكى تەلىماتلىرى شەرق پىرىپاتىزم ۋەكىللىرىنىڭ تەلىماتىغا ئوخشاش ئاساسەن ئوردۇكسال ئىسلامىيەتنىڭ دوگمىلىرىغا قارشى قارىتىلغان بولۇپ، ئىسلامىيەتتىكى ئادەمنى مەنىۋى جەھەتتىن باھالاشنىڭ ئۆلچىمىنى بۇزۇپ تاشلايدۇ.

مۇتەپەككۇرنىڭ سوتسىيولوگىيىلىك قاراشلىرى — كونكرېتلىقى بىلەن جەمئىيەت ئورگانىزمىنى ئۇنىڭ تارماقلىرىنى ساغلاملاشتۇرۇش تەكلىپلىرىنىڭ رېئاللىزملىق تۈسىنىڭ قويۇقلۇقى، خەنجەردەك ئۆتكۈرلۈكى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

شائىر دۆلەت كوللىنىش يوللىرىنىڭ سىرىنى دۆلەت ھاكىمىيىتىنىڭ بىر پۈتۈن، بىر-بىرى بىلەن زەنجىردەك تۇتاشقان چوڭ ئاپپاراتىنىڭ ھەرىكەت قىلىشىدا كۆرىدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان

سىنىپىي قاتلاملارنى ئايرىپ، ئۇلارغا بولغان مۇناسىۋەت-
لەرنى ئېنىق بەلگىلەپ چىقىدۇ.

بۇ دەۋردىكى ئەرەب تىللىق مۇتەپەككۇرلارنىڭ
سوتسىيولوگىيىلىك قارىشىدا پىلاتونچە قاراش ئېنىق بولۇپ،
جەمئىيەتنى سىنىپىي تەبىقىلەرگە بۆلۈش كۆرۈنىدۇ. بۇ
جەھەتتىن يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇساقنى بۆسۈپ ئۆتۈپ،
ئۇلاردىن خېلىلا ئالغا ئۆزۈپ كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئادىل شاھ، ئادىل
دۆلەت» ئۈستىدىكى ئادىل جەمئىيەت ھاياتىنى ئاممىي
بىلىملەر ئاساسىدا كارمىزنىڭ ھالدا تەشكىل قىلىشىنىڭ
مۇمكىنلىكىگە چوڭقۇر ئىشىنىش ئۇنى فارابى ۋە ئىبنى سىنا
ئىدىيىلىرى بىلەن يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرنىڭ
ئەنە شۇنداق بىر ئىجتىمائىي سىياسىي ئىدىيىنى بە-
دىئىي ئوبرازلار شەكلىدە ئالغا سۈرۈشى ئەينى دەۋر-
گە نىسبەتەن ئۇتوپىيە بولسىمۇ، شۈبھىسىزكى، ئۇ مە-
لۇم دەرىجىدە شۇ دەۋردىكى خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇ-
ئارمانلىرىنى، ئىستەك - ئىنتىلىشلىرىنى ۋە مەنپەئەتلى-
رىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ، تارىخىي تەرەققىيات تەلىپىنى
ئىپادىلىگەن ئىدى. ھەتتا شائىر بۇنى 2033-، 2034 -
بېيىتلاردا چاقىرىق قىلىپ ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىرنىڭ ئېپ-
پوپىيە خاراكتېرلىك داستانى «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ
«خاقانىيە تىلى» بىلەن يېزىلىشى، ئەسەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر
تېئولوگىيىسىگە قارشى، «تەڭرى مەركەزلىك» كە قارشى
«ئادەم مەركەزلىك» پانتېئىستىك قارىشى؛ رېئال ۋېنسودالە

ئىستىبدادقا قارشى، ئىلىم - پەن ئاساسىغا قۇرۇلغان قانۇن ئارقىلىق جەمئىيەت ھاياتىنى كارىزىنىڭ ئۆزگەرتىش مۇمكىنلىكىگە قاتتىق ئىشەنچ باغلىشى، ئەسەرنىڭ ئۆز زامانىسىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىرىنىڭ كودېكسىنى تەشكىل قىلغان قامۇسلۇق خاراكتېرى، ئەسەر باشتىن ئاخىر كىزدانىڭ ئىدىيىنى يېتەكچى قىلىپ خەلق مەنپەئىتىنى كەۋدىلەندۈرگەن ئىجايىپ تىپىكلىك ۋە ئىندىۋىدۇئاللىققا ئىگە قەھرىمانلارنى ھەم رېئال، ھەم رومانتىك ئاساستا ياراتقانلىقى، شائىر پانتازىيىسىنىڭ ئىنتايىن كەڭ، چوڭقۇر ۋە ئۆتكۈر كارتىنىلىرى — شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۆزىگە خاس ھەممە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەنلىكىنىڭ ئاجايىپ يارقىن ئىپادىسىدۇر.

× × ×

ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىغا «ئىدېئال شاھ»، يەنى «ھاكىمىيەت بېشىدا بىلىملىك ئادىل شاھ تۇرۇپ، دۆلەتنى بىلىم ئاساسىغا قۇرۇلغان قانۇن بىلەن باشقۇرسا، خەلق بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ» دېگەن ئىستېتىك ئىدېئالنى مەركەز قىلغان ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» تىكى يۇقىرىدا ئېيتىلغان بىر قاتار ئىلغار ئىدىيىلەر كودېكسىنى شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ سەركەردىسى بولغان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىردى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «ئىدېئال شاھ»نى مەركەز

قىلغان ئېستېتىك ئىدېئال كۆزدىكىلىرى، ئۇنىڭدىن 400 يىل كېيىن تىمۇرىيلەر دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر شائىرلىرى ئەخمەت يۈكنەكى، ئاتايى، مۇھەممەت سەككاكى، لۇتفى قاتارلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك نامايەندىلىرى ئىجادىدا خىلمۇ خىل دەرىجىدە، خىلمۇ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىپ، XV ئەسىر شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ مۇخلىسى بولغان، XV ئەسىر تۈركىي خەلقلىرىنىڭ مۇتەپەككۇرى ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئىجادىيىتىدە، بولۇپمۇ «خەمسە» لىرىدە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ يۇقىرىقى ئېستېتىك غايىسى ۋە ئېستېتىك كۆزدىكىلىرى ئۇ ياكى بۇ يول بىلەن راۋاجلاندۇرۇلۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ روھى سىڭدۈرۈلۈپ، يۇقىرى چوققىغا كۆتۈرۈلۈپ، ناۋائىي ئارقىلىق غەرب ئويغىنىش دەۋر مۇخلىسلىرىنىڭ ئىجادى بىلەن تۇتاشتۇرۇلدى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ناۋائىي ئىجادىغا بولغان يۇقىرىقى تەسىرىنى قىرىق نەچچە يىل ئىلگىرى بۈيۈك ناۋائىيشۇناس پروفېسسور ئە. بېرتېلس مۇنداق بايان قىلغان ئىدى: «... بىزنىڭ زامانىمىزغىچە مۇنەۋۋەر ئەدەبىي يادىكارلىق — «قۇتادغۇ بىلىك»، بىلەن بىزنىڭ شائىرىمىز ناۋائىي تونۇشقانمۇ-يوق دېگەن مەسىلە بىزنىڭ پىكىر ئالماشىمىزغا قىيىنچىلىق تۇغدۇرىۋاتىدۇ. ناۋائىينىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن تونۇشالىشى مۇمكىن ئەمەس، چۈنكى، بۇ داستاننىڭ ئاساسلىق قولىيازمىسى ھىراتتىن تېپىلغان ئەمەسمۇ؟ بۇ ئۇنىڭ ئەلۋەتتە ناۋائىي بىلەن تونۇشلۇق ئىكەنلىكىنى

ئېيتالايدۇ. لېكىن، بۇ توغرىلىق بىزدە ھېچقانداق ئېنىق ئىچىش بولمىدى. يەنە شۇنى ئېيتىمىز، ئۆتتۈشنى خالايمەنكى، ناۋايى قەھرىمانى ئىسكەندەرنىڭ ئارستوتېل بىلەن قىلغان سۆھبەت مۇنازىرىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ ئاساسىي قىسمىغا ناھايىتى ئوخشاپ كېتىدۇ. مانا بۇ نۇقتىدىن ناۋايى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا نىزامىغا قارىغاندا (ئەزەربەيجان كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق ۋەكىلى نىزامىي گەنجىۋىنى دېمەكچى — ئاپتور) ناھايىتى يېقىنلىشىپ كېلىدۇ. مەن بۇلارنى ئېيتىش بىلەن ناۋايى بۈيۈك ئۇيغۇر شائىرى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا تەقلىد قىلدى دېگەن خۇلاسىگە كەلمەكچى ئەمەس. پەقەت بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ئەنئەنە (ترادىتسىيە)نىڭ ئەنە شۇ يىراق «قۇتادغۇ بىلىك» دائىرىسىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى تەكىتلىمەيمىز؟!» ① دەپ ناھايىتى توغرا، ئادىل پىكىر ئېيتقان ئىدى.

ناۋايى بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى پروفېسسور بېرتېلسىنىڭ يۇقىرىدىكى پىكرى مەشھۇر ئۇيغۇرشۇناس يۈسۈپ زىيا شىرۋانىنىڭ 1948- يىل «شەرق ھەقىقىتى» ژورنىلىنىڭ 6 - سانىدا چىققان «ناۋايى ۋە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى» دېگەن ماقالىسىدە تېخىمۇ ئېچىق يورۇتۇلىدۇ: «ناۋايى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ياخشى شائىر - يازغۇچىلارغا ناۋايى

① بېرتېلس: «نالىكاندۇرۇ» رومانى توغرىسىدا» 181 - بەت، رۇسچە، 1948 - يىل نەشرى.

كۆپ تەسىر كۆرسەتكەن ئىدى. «قۇتادغۇ بىلىك»
نىڭ 1470 - يىلى ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى ئابدۇراخـ
مان تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ، سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا
تەرىپىدىن ئىستانبۇلغا — تۈركىيە سۇلتانىغا سوۋغا قىـ
لىنىپ ئەۋەتىلگەنلىكىنى ھەممە بىلىدۇ. بۇ چاغدا ناۋائىي
مۆھۈردار ئىدى. بۇ ئىشتا ناۋائىي چوڭ رول ئوينىغان،»
دەپ كۆرسىتىدۇ.
دېمەك، ناۋائىي يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇلۇغ ئىدىـ
يىلەر كۆزدىكىدىن ئىبارەت «قۇتادغۇ بىلىك» قامۇسى
بىلەن تولۇق تونۇشقان ئىكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىسـ
تېتىك ئىدىيىللىرىنىڭ ناۋائىي تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى،
ئۇنى ئىجادىي راۋاجلاندۇرۇشى تاسادىپىي بولۇپ قالماسـ
تىن، مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەدەـ
بىياتنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ بىردەكلىك قانۇنى،
ۋارىسلىق قانۇنى، راۋاجلىنىش قانۇنىنىڭ مۇقەررەر نەتـ
ىجىسىدۇر.
باشقىردستاندا خىزمەت كۆرسەتكەن پەن ئەربابى
ئا. خارىسوۋ: «دۇلگا بىلەن ئورال بويىدا ئوتتۇرا ئاسىيادىن
كەلگەن ئەدەبىي ۋە باشقا ئەسەرلەر ئارىسىدا ئەڭ بۇرۇنـ
قىسى ھەمدە تۈركىي تىللاردىكى ئەدەبىياتلار تارىخى
ئۈچۈن ئەھمىيەتلىكرەكى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بالاساغۇنـ
نىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدۇر. بۇ ئەسەر باي مەزـ
مۇنلۇق بولۇش بىلەن ئوزاق ئەللەرگە تارقالغان... «قۇتـ
ادغۇ بىلىك»نىڭ قىممىتى ۋە ئەۋزەللىكى — دۇنياۋى
ئەسەر بولۇشىدا بولۇپ، يەر يۈزىدە جۇلالىقراق تۈرـ

مىش قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشقان ئوتتۇرا ئەسىر كىشىسىنىڭ ئۆسۈپ كېتىپ بارغان ئىنتېللېكتۇئال دۇنياسىنى تەسۋىرلەپ بېرەلىشىدە» دەپ كۆرسەتكىنىدە يۇقىرىقى قانۇنىيەت تېخىمۇ روشەن تۈس ئالىدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بىۋاسىتە ئېتىكىلىق تەسىرىدە ئەھمەت يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق» ئەسىرى ۋە سەئىدىلەر دەۋرىنىڭ مەدەنىيەت ئەرباپى ئامانىساخاننىڭ «ئەخلاقىي جەمىلە» (گۈزەل ئەخلاق)، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ «دۇررۇل نەجات»، مۇھەممەت سادىق تەزكىرىنىڭ «ئەدەب ئۇل سالىھىن»، ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرىنىڭ «تەرجەبەند» قاتارلىق ئەسەرلىرىنىڭ مەيدانغا كېلىشى قاتارلىق پاكىتلار ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئىستېتىك ئىدېئال كىشىلىرىنىڭ يۇقىرىقى قانۇنىيەت بويىچە دۇنيانىڭ ئۇزاق جايلىرىغىچە، ۋاقىت جەھەتتىن ئوتتۇرا ئەسىر ئويغىنىش دەۋرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، مەرىپەتپەرۋەر دەۋرنىڭ ئاخىرىغىچە، تەنقىدىي رېئالىزم گۈللەنگەن XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە تۈركىي خەلقلەر ئىستېتىك ئىدىيىسىدە ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ماركسىزم كلاسسىكلىرى غەربتە بولۇپ ئۆتكەن بۇرژۇئا ئويغىنىش دەۋرى مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ خاراكتېرى توغرىسىدا بەرگەن مۇنۇ تەرىپى شەرق ئويغىنىش دەۋرى مۇتەپەككۇرلىرىغىمۇ تامامەن ئويغۇن كېلىدۇ: «... ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ خاراكتېرلىك تەرىپى شۇكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز زامانلىرىنىڭ غىز-غىز ھەرىكەتلىرى ئارى-

يېزىدا ھايات كەچۈرۈشتى، ئەمەلىي كۆرەشكە ئەرزىيدىغان نە-
تىزراك قىلىشتى»، بىرى سۆز ۋە قەدەم يىغىن، بىرى تې-
لىپچ بىلەن، يەنە بىرسى بولسا ھەم تەلەم، ھەم قىلىچ
بىلەن كۆرەش ئېلىپ باردى. ئۇلارنى بەركامال كىشىلەر
دەرىجىسىگە يەتكۈزگەن خاراكتېر يېتەكلىگۈچى كۈچ
شۇنىڭدىن ئىبارەت»①

بۇ تەرتىپ بىلەن ئىختىيارسىز ھالدا شەرق ئوي-
غىنىش دەۋرىنىڭ جەڭگىۋار قەھرىمانى يۈسۈپ خاس-
ھاجىپ ئوبرازى كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىدۇ.

ئېنگېلسنىڭ ياۋروپا ئويغىنىش دەۋرى ھەققىدە-
سۆز ئاچقاندا: «بۇ دەۋر... ئۇلۇغ سىمالارغا موھتاج ئىدى.
بۇ دەۋر ئۆز تەپەككۇر كۈچى، ئۆز ئىختىراسى ۋە
خاراكتېرلىرى، مۇكەممەل ۋە دانالىقلىرى جەھەتتىن
ھەقىقەتەن ئۇلۇغ سىمالارنى يېتىشتۈرۈپ بەردى»② دې-
گەن پىكرى شەرق ئويغىنىش دەۋرىگىمۇ مۇتلەق ئۇي-
غۇن كېلىدۇ.

غەرب ئويغىنىش دەۋرى فېئودالىزمدىن كاپىتالىزم-
غا ئۆتۈش ئۆتكۈنچى دەۋرىدە باشلىنىپ، ئۇنىڭ مۇقەد-
دىمىسىنى ئاچقان ئىتالىيان دانتى ئالگىر ياۋروپا ئەدە-
بىياتىنىڭ بۈيۈك سىماسى بولۇپ قالغاندەك، شەرق
ئويغىنىش دەۋرى، ئوتتۇرا ئاسىيادا ياۋروپادىن 300

① ماركس، ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، روسچە نەشرى 332-بەت.

② ماركس - ئېنگېلس: «سەنئەت توغرىسىدا»، روسچە نەشرى 332 - بەت.

يىل بۇرۇن فېئوداللىزم دەۋرىدە باشلىنىپ، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىياتىدا بۈنداق مۇقەددىمىسىنى ئاچقان بۈيۈك ئۇيغۇر مۇتەپەككۇرى، تۈركىي خەلقلەر ئەدەبىيات تارىخىدا شەرق ئويغىنىش دەۋرىنىڭ ئۇلۇغ سەركەردىسى يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ دەۋرنىڭ تارىخ ياراتقان بۈيۈك سىمالىرىنىڭ بىرسى بولۇپ، يالغۇز ئۇلۇغ جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇردى.

## «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت

نۇر مۇھەممەت دۆلەتى

ئۇيغۇرلار ئۇزاق تارىخقا، مول مەدەنىيەتكە ۋە قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلارغا ئىگە قەدىمىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنىڭ بىرلىككە كەلگەن، كۆپ مىللەتلىك ۋە پارلاق مەدەنىيەتكە ئىگە مەملىكەت بولۇپ شەكىللىنىشىدە ئۇيغۇر خەلقى باشقا قېرىنداش مىللەتلەرگە ئوخشاشلا مۇھىم رول ئوينىغان ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ ئەڭ مول مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشقا چوڭ تۆھپىلەرنى قوشقان.

XI ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا چوڭ ھەجىملىك ئەسەر — «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى ئېلىپ كىردى. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دېگەن ئالەمشۇمۇل ئەسىرى بىلەن بىر قاتاردا ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى. ئەينى زاماندا پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى پارلاق نامايەندە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دۇنيا مەدەنىيىتى تارىخىدىمۇ قىممەتلىك بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ئەسەر بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىتتىن بۇيان دۇنيا ئىلىم ئەھلىنىڭ زور دەرىجىدە ئىزدىنىشىنى قوزغىدى. مەملىكىتىمىزدىمۇ يېقىن يىللاردىن بۇيان بۇ ھەقتە دەسلەپكى قەدەمدە ئىلمىي مۇھاكىمىلەر ئېلىپ بېرىلماقتا. ھازىر، پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىزنىڭ غەمخورلۇقىدا بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەزمىي يەشمىسى ئىباسىمىزدە تۇنجى قېتىم نەشىر قىلىنىدى. بىز «قۇتادغۇ بىلىك» نەزمىي يېشىمىسىنىڭ تۇنجى قېتىم ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشىر قىلىنغانلىقىنى تەنتەنە قىلغان چېغىمىزدا، بۇ ئىشقا يېتەكچىلىك قىلغان ۋە كۆڭۈل بۆلگەن پارتىيە-ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىغا، رەھبىرىي يولداشلارغا ۋە بۇ ئىشقا ئاكتىپ قاتناشقان پېشقەدەملىرىمىزگە ھەم يولداشلارغا چىن قەلبىمىزدىن رەھمەت ئېيتىمىز.

1

«قۇتادغۇ بىلىك» — XI ئەسىردىكى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىنىڭ مەھسۇلى. شۇنداقلا ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىنسانىيەتنىڭ ئۇلۇغ دۇنيا قارىشىنىڭ بەدىئىي ئىنكاسى.

قاراخانىلار سۇلالىسى IX ئەسىردە ئېلىمىزنىڭ ھازىرقى شىنجاڭ رايونى ۋە ئاسىيانىڭ بىر قىسىم يەرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەر ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئورتاق بىرلەشمە دۆلىتىدۇر. بۇ سۇلالە ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ بىر قەدەر مۇكەممەللىكى، سىيا-

سى، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۈكسەكلىكى قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىمىز بويىچىلا ئەمەس، بەلكى ئاسىيا ۋە دۇنيا بويىچىمۇ داڭ چىقارغان چوڭ سۇلالە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ سۇلالىدە ئېلىمىز بىلەن غەربنىڭ قاتناش ئالاقىسىنى تۇتاشتۇرۇشتىمۇ، جۇڭگو ۋە غەرب مەدەنىيىتىنى ئۆزئارا تارقىتىشتىمۇ غايەت زور رول ئوينىغان. بۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي ھاياتىدا 300 يىلدىن ئوشۇق داۋام قىلغان مۇھىم بىر تارىخىي باسقۇچ — گۈللىنىش دەۋرىدۇر. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدىكى مۇشۇ گۈللىنىش دەۋرى مەھمۇت قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكى قاتارلىق بۈيۈك ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە شائىرلارنى يېتىشتۈرگەن ۋە ئۇلار ئۇيغۇرلارنىڭ ئەڭ شەۋكەتلىك مەدەنىي مىراسلىرى — «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق نادىر ئەسەرلەرنى ئەنە شۇ دەۋردە يېزىپ قالدۇرغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» 85 باب، 13290 مىسرالىق پەند-نەسىھەت خاراكتېرلىك يىرىك داستان. ئۇ، قۇرۇقتىن قۇرۇق ۋەز - نەسىھەت بىلەنلا تولدۇرۇلغان زېرىكتۈرگۈچ داستان ئەمەس، مەيلى مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلىرىنىڭ سالمىقى ۋە ئەھمىيىتى جەھەتتىن بولسۇن، ياكى تىلىنىڭ ساپ، گۈزەل ۋە ئوبرازلىقلىقى جەھەتتىن بولسۇن، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئەڭ يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان، نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان پەلسەپىۋى ئېتىكا خاراكتېرلىك

ئەسەر. ئۇنىڭدا ئادالەت، بەخت، بىلىم ۋە ئەخلاقنىڭ سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش، ئودغۇرمىش دېگەن تۆت شەخسنىڭ سوئال - جاۋابلىق سۆھبىتى، تەبىئەت تەسۋىرى، ئوبرازلىق تەسەۋۋۇر ئارقىلىق كىشىلىكنىڭ ئادالەتلىك، بەخت-سائادەتلىك ۋە ئىلىم-مەرىپەتلىك دۆلەت ياكى جەمئىيەت تۈزۈش ئارزۇسى ۋە بۇنداق دۆلەت ياكى جەمئىيەت قۇرۇش يوللىرى يورۇتۇپ بېرىلگەن.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ فېئوداللىق تۈزۈم، فېئوداللىزم ئاسارىتى ۋە جاھالىتىدە ياشاۋاتقانلىقىغا قارىماي، ئايتولدى، ئۆگدۈلمىش ۋە ئودغۇرمىشنىڭ تىلى ئارقىلىق ئادىل پادىشاھ كۈنتۇغدىغا ئۆزىنىڭ تېخىمۇ ئالىيجاناب غايىسىنى — ئەلنى توغرا قانۇن بىلەن باشقۇرۇپ، ئەلنى باي، خەلقنى توق، پاراۋان قىلىش ئىدىيىسىنى يارقىن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، شۇ يول ئارقىلىق قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ زاۋاللىققا ئېلىپ بارىدىغان تەرەپلىرىنى تۈزەشنى، ئەلنى مۇنقەرزلىكتىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشنى، خەلقنى توق - پاراۋان، بەخت-سائادەتلىك يولغا باشلاشنى، خەلق بەختىيار بولىدىغان باياشات دۆلەت قۇرۇشنى دادىل ئوتتۇرىغا قويىدۇ، مەۋجۇت ئادالەتسىزلىكنى دادىل ۋە كەسكىن تەنقىد قىلىدۇ.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ خەلقنىڭ، دۆلەتنىڭ ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتمايدىغان، پارىخورلۇق قىلىدىغان، خىيانەت قىلىدىغان، سۇخەنچىلىك قىلىدىغان، پىتنە - پاسات تېرىيدىغان،

چېقىمچىلىق قىلىنمىغان، ئىلىم - بىلىمنى ھۆرمەت قىلـ
مايدىغان، ئەدەبسىز - ئەخلاقسىزلىقتىن چېقىپ كېتىپ -
ساپلا، ئەيش - ئىشرەت قىلىنمىغان. ھاۋايى ھەۋەسكە
بېرىلىدىغان قىلمىشلارنى قاتتىق پاش قىلىدۇ ۋە سۆكىدۇ.
ئالىمنىڭ بۇ تەشەببۇسلىرى شۇ دەۋردە ئىدىيىۋى قۇرۇ-
لۇش ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئۈچۈن غايەت زور تۈرت-
كىلىك رول ئوينىغان. دۆلىتىمىز چېگرىسىدىن
چىقىپ ئەرەب - پارس ئەللىرى ۋە پۈتكۈل ئوتتۇرا
ئاسىيا ئەللىرىگىچە تارالغان. ئەمەلدە بۇ ئەسەر شۇ زا-
مانلاردا خەلقنى تېخىمۇ يۇقىرى غايىگە، تېخىمۇ ئالىيجاناب
پەزىلەتكە، تېخىمۇ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە
قىلىش، شۇ ئارقىلىق تارىخنىڭ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرت-
كە بولۇش رولىنى ئوينىغان. ھەقىقەتەن ئېيتقاندا، بۇ
ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمى ناھايىتى زور بولغان. بۇ
كىتابقا شۇ زامانلاردا باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان بىر
نەسرىي مۇقەددىمىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: «چىن - ماچىن
ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرىنىڭ ھەممىسى بىر قارارغا كەلـ
دىلەركى، مەشرىق ۋىلايىتىدە، پۈتۈن تۈركىي خەقلەر
ياشايدىغان يەرلەردە، بۇغراخان تىلىدا تۈركىي سۆز بىلەن
(ھېچكىم) بۇنىڭدىن ياخشىراق كىتابنى ھەرگىز يازغىنى يوق.
بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە،
غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن، ئۇ ئەل-
لەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭـ
غا ھەربىرى بىر ئۈزلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى. چىنـ
لىقلار «ئەدەبۇلمۇلۇك» (شاھلارنىڭ ئەدەب - قائىدىلىرى)

دەپ ئاتىدى؛ ماچىن ئەلىنىڭ ئەقىللىقلىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇلئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار «شاھنامەئى تۈركى» دەپ ئات قويدى؛ بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويدى.»

دۇرۇس، ھەر بىر جەمئىيەتتە مەۋجۇت دۆلەت ھۆكۈمدارى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشقا ۋە مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەي تۇرالمايدۇ. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسىرى قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھۆكۈمران بولۇشتىن ساقلىنىپ قېلىشىدا ئىدىيە ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىن توغرا يول كۆرسىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇ ئەسەرنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىپ، ئاپتورنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭغا خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى بەرگەن. يۇقىرىقىلاردىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۇلۇغ ئالىمنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» ئەينى زاماندىكى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا، ھازىرقى تىل بىلەن ئېيتقاندا مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىدا غايەت زور رول ئوينىغان. ئۇ ھازىرمۇ بىرمۇنچە جەھەتلەردە بۇنداق رول ئويناش كۈچىدىن قالغىنى يوق. بىز ھېلىمۇ ئۇنىڭدىن مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگىنىمىز.

دەۋر ئۆزگەردى. ئېلىمىزدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش خەلق ئاممىسىنىڭ ئىلىم - پەن،

مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنى، بولۇپمۇ كادىرلار قوشۇننى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، بىلىم ئەھلىگە ئايلاندۇرۇش ۋە كەسىپ ئەھلىگە ئايلاندۇرۇشنى كۈچەيتىشنى جىددىي تەلەپ قىلماقتا. يەنە بىر تەرەپتىن، پارتىيە ئىستىلىنىڭ ۋە ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ تۈپتىن ياخشىلىنىشىنى بىزدىن ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئامما ئارىسىدا ئىنقىلابىي غايە تەربىيىسىنى، ئەخلاق تەربىيىسىنى، ئىنتىزام ۋە قانۇن - تۈزۈم تەربىيىسىنى زور كۈچ بىلەن ئېلىپ بېرىپ، كوممۇنىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسى ۋە خىزمەت پوزىتسىيىسىنى تۇرغۇزۇشنىمۇ جىددىي تەلەپ قىلماقتا. روشەنكى، ھازىرقى ۋاقىتتا پارتىيىمىز تەشەببۇس قىلىۋاتقان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قاراخانىلار دەۋرىدە ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەشەببۇس قىلغان مەنىۋى مەدەنىيەتتىن ماھىيەت ئېتىبارى بىلەن پەرقلىنىدىغان، كوممۇنىستىك ئاڭنى يادرو قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتتۇر.

## 2

بىز ئىنسانىيەت تارىخىدا ھەممىدىن ئەۋزەل بولغان سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت سوتسىيالىزمنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ مۇھىم ئىپادىسى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئاساسەن مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى بىلەن ئىدىيىۋى قۇرۇ-

لۇشتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەھەتتە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ
ئۆزى مائارىپ، ئىلىم - پەن، ئەدەبىيات - سەنئەت،
سەھىيە، تەنتەربىيە قاتارلىق ئىشلارنىڭ تېخىمۇ ئومۇمىيۈز-
لۈك، تېخىمۇ تېز راۋاجلىنىشىنى، خەلق ئاممىسىنىڭ
بىلىم سەۋىيىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆسۈشىنى تەلەپ قىلىدۇ.
ئىدىيىۋى قۇرۇلۇش جەھەتتە، جەمئىيەتنىڭ سىياسىي - ئى-
دىيە ۋە ئەخلاق ئۆلچىمى جەھەتلەردىكى تەرەققىيات
يۆنىلىشى ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى سوتسىيالىزم تۈ-
زۈمىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ
بارغانسېرى كۆپلىگەن ئەزالىرىنى غايىلىك، ئەخلاقلىق،
مەدەنىيەتلىك ۋە ئىنتىزاملىق ئەمگەكچىلەرگە ئايلاندۇرۇش-
نى تەلەپ قىلىدۇ.

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت ماددىي مەدە-
نىيەت قۇرۇلۇشىدا غايەت زور تۈرتكىلىك رول ئوينايدۇ.
سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت كوممۇنىزم ئىدىيىسىنى
يادرو قىلىدۇ. ئېلىمىزدە خەلق ئاممىسى ئۆز ئەمگىكى
بىلەن ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا
قىلىدۇ. ھەم ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت
مېۋىلىرىدىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. سوتسىيالىستىك مە-
نىۋى مەدەنىيەت يېتىشتۈرگەن ئىنقىلابىي غايە، خەلق
ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتەك پىداكارلىق روھ ۋە كوممۇ-
نىستىك ئەمگەك پوزىتسىيىسى كىشىلەرنىڭ سوتسىيالىزم
قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ ۋە ئىشقا سېلىپ، ماددىي
مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان قۇدرەتلىك

ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنىدۇ.

دۇرۇس، ئون يىللىق ئىچكى مالىمانچىلىقتا پارتىيە ئىستىلى ۋە ئىجتىمائىي كەيپىيات ئېغىر دەرىجىدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغانلىقتىن، بۇرژۇئازىيىنىڭ ۋە باشقا ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ چىرىك ئىدىيىلىرى ۋە ھۆكۈمەتسىزلىك، باشباشتاقلىق يامراپ كەتتى. يېقىنقى بىرقانچە يىلدىن بۇيان چەت ئەللەرنىڭ يامان تەسىرى، بۇرژۇئا ئىدىيىسى ۋە بۇرژۇئاچە تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئارقىسىدا، ئاز سانلىق كىشىلەر بۇرژۇئازىيىنىڭ چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئېزىقتۇرۇشى ۋە بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىدى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش بولسا، بىزنىڭ بۇنداق چىرىك ئىدىيەلەرگە قارشى كۆرەشنى غەلىبىلىك ئېلىپ بېرىشىمىزدىكى ئۆتكۈر قورال. يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تىرىشىپ يۈكسەك سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتنىمۇ بەرپا قىلىش — سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ ستراتېگىيىلىك ئاكچىن مەسىلىسى. «سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش، — دەيدۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭ، — بۇنىڭدا ئاساسلىقى، ھەر مىللەت خەلقىنى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق خەلققە ئايلاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ». غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزاملىق بولغان بىر ئەۋلاد يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنى سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ نىشانى قىلىشنى بىز شۇ-

غۇللىنىۋاتقان سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ خاراكتېرى بەلگىلىگەن. ئىنقىلابىي غايە مەنىۋى مەدەنىيەتنىڭ ئاساسى. ئىنقىلابىي ئەخلاق ۋە ئىنقىلابىي ئىنتىزام ئارقىلىق ئۆزىنى تىزگىنلەپ تۇرغىلى، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم - پەن بىلىملىرىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشتە قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئىنقىلابىي ئەخلاق ئورتاق غايىنىڭ قوماندانلىقىدا ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلەرنى تەڭشەپ تۇرىدىغان ھەرىكەت ئۆلچىمى بولۇپ، ئۇ ئىنقىلابىي غايە بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولىدۇ. غايىلىك بولۇش بىلەن ئەخلاقلىق بولۇش بىردەك. غايىنىڭ يوقلىشىغا ئەگىشىپ ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈك پەيدا بولىدۇ. ئىنقىلابىي ئىنتىزام — ئىنقىلابىي غايە ۋە ئىنقىلابىي ئەخلاقنىڭ ئىپادىسى، ئىنقىلابىي غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش، ئىنقىلابىي ئەخلاققا دىققەت قىلىشنىڭ كاپالىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، بۇنداق مەنىۋى مەدەنىيەت بولماي تۇرۇپ سوتسىيالىزمنى قۇرۇپ چىققىلى بولمايدۇ.

بىز مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل مەدەنىي مىراسلىرىغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىمىز، قەدىمكى زاماندىكى نەرسىلەرنى ھازىرقى زامان ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىمىز، بىزنىڭ ھازىرقى مەدەنىيىتىمىز ئاتا - بوۋىلىرىمىز بەرپا قىلغان ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت ئاساسىدا تەرەققىي قىلغان سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت.

## 3

ئەگەر ئۆتكەن زامانلاردىكى ئىنسانلارنىڭ ماددىي

مەدەنىيىتى ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بول-
مىغان بولسا، سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك جەمئىيەتمۇ-
سوتسىيالىستىك ۋە كوممۇنىستىك ماددىي مەدەنىيەت ۋە
مەنىۋى مەدەنىيەتمۇ بولمىغان بولاتتى. پەقەت جۇڭگو
كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ماركسىزم-
لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا كونىلىرى
ئاساسىدا يېڭىلىرىنى يارىتىش، قەدىمكىنى ھازىرقى زامان
ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدۇق.
ئەسلى ئۇيغۇر ئالىمى تەرىپىدىن بۇندىن 900 يىلدىن
كۆپرەك ئىلگىرى يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ بۈگۈن-
كى كۈندە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلى-
نىشىدىن مەقسەتمۇ ئۇنى بۈگۈنكى سوتسىيالىستىك جەمئى-
يىتىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش. شۇنداق ئىكەن،
ھازىر سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشتا
بىز بۇ ئەسەردىن نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز؟ ئالدى بىلەن
بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن قارىشى بىلەن تونۇ-
شۇپ چىقايلى. ئالىم ئۆز ئەسىرىدە ئەللىنى قانۇن بىلەن
باشقۇرۇشنى تەكىتلەپ، ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جاسا-
رەت بىلەن قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر دې-
گەن شوئارنى ياڭرىتىدۇ.

817 كېرەك ئوغلۇم ئۆلسۇن، يېقىن تۇغقىنىم،
يولۇچى، ئۆتكۈنچى، بىرەر قونىقىم.

809 قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشنى،
ئايرىماسمەن بەگ ۋە قول دىپ ھېچ كىشى-

814 ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەكچە بولماسمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئالىمنىڭ قانۇن قارىشىدا مۇجمەللىك يوق، ئۇ ناھايىتى كەسكىنكى، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھەر قانداق جىنايەتچى — مەيلى ئۇ يۇرت سورايدىغان كاتتا بەگ بولسۇن ياكى ئاددىي بىر قۇل بولسۇن، سوراققا تارتىلىپ بىرەر جازاغا ھۆكۈم قىلىش توغرا كەلگەندە، ئاۋۇسى بەگ ئىدىغۇ، جازا كەسمەي ياكى يېنىكرەك جازا كېسەي؛ ماۋۇسى بولسا ھېچقانداق ئېتىبارى يوق بىر قۇلغۇ، ئېغىر جازا كېسەي دەپ بەگ ۋە قۇل دەپ ئايرىپ ئولتۇرماي، ئىككىسىنى قانۇن تارازىسىدا ئۆلچەپ، بۆلەكچە بولۇپ ئولتۇرمايلا جازا ھۆكۈم قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. بۇنداق قانۇن قارىشىنى دادىل تەشەببۇس قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىتاب قىلىپ يېزىپ، شۇ دەۋردىكى ئالىي ھۆكۈمرانغا تەقدىم قىلغۇچىلار تارىختا قانچىلىك بولغان ئىكەن؟ دۇرۇس، ئېزىلگەن، خارلانغان ئاددىي خەلق شۇنداق بىر غايىۋى دۇنيا، غايىۋى جەمئىيەت بولۇشىنى تەبىئىي يوسۇندا ئارزۇ قىلىدۇ. لېكىن، خان - پادىشاھلارنىڭ كېپى قانۇن ھېسابلىنىدىغان ئۇ زامانلاردا بۇنداق پىكىرنى خەلقنىڭ ئارزۇسىغا ۋەكىللىك قىلىپ ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى بۇ ئوتتۇرىغا قويۇشنىڭ ئۆزى مەۋجۇت تۈزۈمگە — پادىشاھلىققا ئوچۇقتىن ئوچۇق قارشى چىققانلىق، ئىسيان كۆتۈرگەنلىك

ھېسابلىناتتى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇن قارىشى قانۇن بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتى بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. ئۇ يەنە قانۇن بىلەن دۆلەتنىڭ مۇناسىۋىتىنىمۇ، ئوخشاشلا ئېنىق شەرھلەپ بېرىدۇ. قانۇننى دۆلەتنىڭ تىرىكى، ئۇلى ھېسابلايدۇ. ئۇنىڭ بۇ قارىشى تۆۋەندىكى بېيىتلاردا روشەن گەۋدىلىنىدۇ:

5944 قارا، ياخشى قانۇن ئەجەب ياخشىدۇر،
قانۇن بىرلە بەگلىك ئۇ ئۆرە تۇرۇر.

5498 تۈزەت قانۇن بىلەن سەن خەلقنى تولۇق،
بولۇنسۇن يارامسىز قىلىق ئەلدە يوق.

5945 بۇ ياڭلىغ بەگ ئولسا بۇ خەلق باشچىسى،
راھەتكە ئېرىشۇر يۇرت – ئەل بارچىسى.

3463 ئادىل قانۇن كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

2032 زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا، ئۇ كۆيدۈرەر،
قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا، نېمەتلەر ئۈنەر.

3107 قانۇن — سۇ كەبىدۇر، زۇلۇم — ئوت، بەلە
ئېقىنتىڭ سۇزۇك سۇ، ئۆچتى ئوت مانا.

«قۇتادغۇبىلىك» — ئەدەبىي ئەسەر، يەنە كېلىپ ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى پارلاق بىر نامايەندە بولۇشى بىلەنمۇ ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىدە ئۆلمەس ئەسەرلەر قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ كېلىۋاتقان ئەسەر. ئۇ بىزگە ناھايىتى چوڭقۇر پەلسەپىۋى، تەربىيىۋى پىكىرلەرنى بېرىش بىلەنلا قالماي، ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىغا ۋارىسلىق قىلىپ، شېئىرىيەت بابىدا بىزنى ئوتتۇرا ئەسىردىكى يۇقىرى سەۋىيىلىك ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنىڭ ياخشى ئۈلگىسى بىلەنمۇ تەمىن ئېتىدۇ. بۇ ھەقتە مەخسۇس ماقالىلەر يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە توختالمايمەن.

ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ كاتتا مەرىپەتپەرۋەر، ئۇقۇمۇشلۇق كىشى. ئۇ تارىخ، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، سىياسەت، تىل - ئەدەبىيات ۋە باشقا پەنلەردە ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان كاتتا زىيالىي ۋە دۆلەت ئەربابى. ئۇ ئىلىمنى، ئالىملارنى، بىلىم ئىگىلىرىنى تولىمۇ ھۆرمەتلەيدۇ. بەگلىكنىڭ بىلىمسىز، ئەقىلسىز، نادان كىشىلەرنىڭ قولىدا بولماي، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قولىدا بولۇشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، ئۇلارنى گويا كى قوي پادىسى ئىچىدىكى سەركە، ھەق يولنى كۆرسەتكۈچى دانىشمەن ھېسابلايدۇ. بىر ئەلنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب-ۋەيران بولۇشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ ئىشقا قويۇلغان - قويۇلمىغانلىقىغا باغلىق. دۇنيادا بىلىمدىنمۇ بۈيۈك نەرسە

يوق دەيدۇ. بۇنىڭغا ئالىمنىڭ مۇنۇ بىر رۇبائىيسىنى ۋە بېيتلىرىنى مىسال كەلتۈرۈش كۇپايە:

1780 بىلمىسىزگە كەلسە دۆلەت بىلەن قۇت،
پۈتۈن خەلق بوزۇلۇر، بولۇر ئەلگە جۇت.

1781 ئەقىللىككە تەگسە بىر ئەل بەگلىكى،
بېرەر ئەلگە ھوزۇر، مۇشۇ سۆزگە پۈت.

2603 ئەي ئەقلىي تولۇق ئەر، بىلىملىكنى بىل،
بىلىملىك كىشىنى سەن ئەل چوڭى قىل.

2873 ئەقىللىك كىشىدىن كىشىلىك كېلۇر،
بىلىملىك — كىشىنىڭ كىشىسى بولۇر،

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ نەزىرىدە، بىلىم — ئۇچى ۋە تۈزۈي يوق بىر دېڭىز، بىزنىڭ ئىگىلىگەن بىلىملىرىمىز بولسا دېڭىزدىن بىر تامچە. جاپا — مۇشەققەتتىن قورقماي، ئىجتىھات بىلەن تىرىشىدىغان، ئازغىنە بىلىمى بىلەن قانائەتلىنىپ، يېرىم يولدا توختاپ قالمايدىغان كىشىلا بىلىم دېڭىزىدىن ئۆز خەلقىگە پايدىلىق نەرسىلەرنى ئېلىپ چىقىپ بېرەلەيدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھارماي - تالماي بىلىم ئىگىلەش. ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ يەنە داۋاملىق ئۆگىنىشكە ئىنتىلىش، بىلىمەن دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويماسلىق توغرىسىدىكى تەشەببۇسى ۋە ھېكمەتلىك سۆزلىرى بىز ئۈچۈن ھېلىمۇ ناھايىتى قىممەتلىك.

مەسىلەن:

6606 بىلىمسىز يۈرەك، تىل ئىمىگە يارار،
بىلىم بىرلە سۆزەك ئۆمۈمغا يارا.

6607 ئىچە بىلگەن ئۇلساڭ، يەنە ھەم تىلە،
بىلىملىك يېتەر، كۆر، تىلەككە، سورا.

6608 بىلۈرمەن دېسەڭ، سەن بىلىمدىن يىراق،
بىلىمسىز سانالدىڭ بىلىملىك ئارا.

6609 بىلىم بىر دېڭىزدۇر، ئۈچى يوق تۈۋى،
ئىچەلمەك سۈمۈرگەي سۇ سۈندۈك شورا.

3013 بىلىم، پەزىل ئۆگەن، قىممەت بىل ئۇنى،
قىلۇر قىممەت ئاخىر پەزىلەت سېنى.

3014 بىلىم بىل، زىرەك بول بىكار يۈرمىگىن،
بېرۇر ياخشىلىق ئۇ ساڭا بىر كۈنى.

4

جان - دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئۆز مەنپەئەتىنى، ھەتتا جېنىنى قۇربان قىلىش، سەمىمىي - سادىق بولۇش، راستچىل - توغرا بولۇش، كىچىك پېئىل، كەمتەر بولۇش — پارتىيىمىز ئىزچىل تەشەببۇس قىلىپ كېلى-

ۋاتقان كوممۇنىستىك گۈزەل ئەخلاق. سەممىي، راست-
چىل بولمىغانلاردىن قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە
ئاخىر ئۆز پۇتىغا ئۆزى پالتا چاپمىغىنى يوق. ئالىم
بۇ جەھەتتىمۇ بىزگە ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بېيىتلەرنى
قالدۇرغان.

6098 ئۆزۈڭ نەپنى كۈتمە، خەلق نەپنى كۈت،
يۈكۈڭنى يۈتتۈرمە ئەلگە، ئۆزۈڭ يۈت.

6100 كىشىنىڭ خىلى ئۇ كىشى قۇتقۇزار،
سۆيىنچتىن تىلەپ ئۆز جانىن پىدالار.

6102 كىشىلەر خىلىدۇر پايدىلىق كىشى،
خەلقنىڭ ئۇلۇغى كۆيۈملۈك كىشى.

6088 يوقاتما دۇرۇسلۇق يولىن، توغرا بول،
تىلەككە ئېلىتكەي سېنى ئۇشبۇ يول.

274 ئەقىل كۆركى تىلدۇر، بۇ تىل كۆركى سۆز،
كىشى كۆركى يۈزدۇر، بۇ يۈز كۆركى كۆز.

4134 ئىچۈك ئىشقا سەن بۇيرۇلساڭ ئۆزۈڭ،
سەممىي ئىشلە سەن، پارلايدۇ كۆزۈڭ.

ئالىمنىڭ نەزىرىدە دوستلۇق ناھايىتى ئالىيجاناب ئىش.
دوستلۇق — پايدا - مەنپەئەت ئاساسىغا ياكى ھەر

ئەرسىنى تاما قىلىش ۋە ئۈندۈرۈۋېلىش ئاساسىغا ئەمەس، بەلكى باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈش، ياردەم-ھەمدەمدە بولۇش، بىر-بىرىگە ئىشىنىش ئاساسىغا قۇرۇلۇشى كېرەك. ھەقىقىي دوست پايدا-زىياندا، بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە سىنىلىدۇ. شۇنداق سىناقلاردىن ئۆتكەن دوستلار ھەقىقىي دوست بولىدۇ.

تاماسىز كىشىنى دوست تۇت - ئاداش تۇت، 4217
ياشاپ غەمسىز ئۆزۈڭ، ئىشەن ئاڭا، پۈت.

ئاداشنى سىنا سەن زەرەر، پايدىدا، 4208
سىنالسا بۇ ھالدا، ئىبىل بەك ئاڭا.

ئەقىللىق، ۋاپالىق ئەر ئىبىل ئىرۇر، 2875
كىشىلەر ئۇچۇن ئۇ جان پىدا قىلۇر.

ئىرىغسىز، جاپالىق، يامان خۇلۇقلۇق، 2876
ئەگەر ۋەدە قىلسا، سۆزىدىن يانۇر.

ئازاد - ھۆر كىشىلەر ياخشىلىق قۇلى، 2307
قىلىپ ياخشىلىق ئاچ دۇرۇسلۇق يولى.

كىشىلىك قىلىشقا كىشى بول ھامان، 2308
كىشى قۇردى شۇنداق كىشىلىك يولى.

تۇتار دوستنى نەپئى ئۇچۇن ئۇ بىرى، 4203
بۇ دوستلۇق نېگىزسىز، ئىرۇر مەجبۇرىي.

4206 جاھان نەپىي چۈن بولسا دوستلۇق نەگەر،
ئېيتىلما، ئېيتىلسا قول ئۆز ئۈندىن ئەر.

4218 ئاداش، قولداش، قېرىنداش سۆيۈنچ، قايغۇدا -
بىر ەر نەپ، كىشىگە يامان - ياخشىدا.

«دۈشمەن كۈلدۈرۈپ ئېيتىدۇ، دوست يىغلىتىپ» دېگەندەك، مۇتەپەككۇر يۈسۈپ خاس ھاجىپ تۇغرا مەقسەتتە بېرىلگەن تەنبىھكە، نەسىھەتكە قۇلاق سېلىشنى؛ قاتتىقراق، ئاغرىتىپ ئېيتىلغان سۆزدىن رەنجىمەي، ئەكسىچە ئۇنى قوبۇل قىلىشنى، شۇنداقلا كېڭىشىپ - مەسلىھەتلىشىپ ئىشلەشنى سەممىي تەۋسىيە قىلىدۇ. تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىد روھىي سۇسلىشىپ كەتكەن مۇشۇ پەيتتە، ئالىمنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىنى ئوقۇپ، مۇلاھىزە قىلىپ باقساق، تەنقىد ۋە ئۆز - ئۆزىنى تەنقىدكە توغرا مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈنمۇ بىزگە ياخشى مەنپەئەت بېرىدۇ.

5774 دۇرۇس سۆز يىرىكتۇر، كۆڭۈلگە ئاچچىق،
سىڭۇرسە ئۇنىڭ نەپىي بولغاي تاتىق.

5775 تىرىكمە ئەگەرچە يىرىك بولسا سۆز،
دۇرۇس سۆز يىرىكتۇر، يىرىك بولما ئۆز.

5777 دۇرۇس سۆز ئۇ ئاچچىق، سىڭۇرگىن ئۇنى،
يېيىپ تاگىنا نەپىن خوش ئەتكەي سىنى.

5778 دۇرۇس سۆز كۆڭۈلگە كۆر، ئاچچىق، يېرىك.
يېرىك سۆز دۇرۇس ئۇ، دۇرۇس سۆز قېنى؟

3505 كىشىسىز يۈرمە، تۈر كىشىلەر ئارا،
كىشى ئەيىبى كۆرمە، ئۆزۈڭگە قارا.

5659 نە ئىش قىلماق ئولساڭ كېڭەش ئەر بىلە،
كېڭەشمەس كىشىدىن يىراقلىق تىلە.

5660 ئىچۈرك ئىشنى قىلساڭ كېڭەش بىرلە قىل،
كېڭەش بىرلە كۆتكەن ئىشلەكلەر كېلە.

4108 ئۆششاق سۆز قىلما سەن كىشىنى چېقىپ،
دۇرۇس سۆزلە، تۇرما يارنى يېپىپ.

ئۇيات — ئالىمنىڭ قارىشىدا ئىنسانلاردا بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى خىسلەتلەرنىڭ بىرى. ئۆزىنى سورىغانلار، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويىدىغان كىشىلەر ئۇياتچان كېلىدۇ. ئۇياتلىق — ئالىيجانابلىق. ئۇيات بولمىسا، ئادەم جاھىل، پەس بولىدۇ. ئۇياتسىزلىق رەزىللىكتۇر. ئالىم بۇ خۇسۇستا ئۇياتلىقنى تەشەببۇس قىلىپ، ئۇياتسىز كىشىلەرنى قاتتىق قامچىلايدۇ.

2203 ئۇياتسىز كىشىدۇر كىشى رەزىلى،
دۇرۇس سۆزلىمەس ئۇياتسىز تىلى.

2622 ئۇيات بولمىسا، ئەر جاھىل، پەس بولۇر.
ئۇيات بىرلە ئىنسان دۇرۇس ئىش قىلۇر.

2445 ئۇياتلىق كىشى ئۇ يامان ئىش قىلماس،
قوشۇلماس يارامسىزغا، كىشى تىللىماس.

2444 ھايالىق، سىلىق بولسا نازۇك خۇيى،
كېلەر خۇلقى، سۆزىدىن ياخشىلىق بۇيى.

6263 يامانلىق قىلۇر كىم، ئۆزىگە قىلۇر،
يامانلىق جاۋابى يامانلىق بولۇر.

2207 ئۇيات بىرلە ئەر ئابرويلۇق بولۇر،
ئۇيات بىرلە ئادەم كۆزى نۇرلىنۇر.

ھازىر بىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزدە سوتسىيالىستىك ئەخلاق - ئېتىكا قارىشىغا زىت كېلىدىغان نەرسىلەر ئۆز زامانىسىدىكى ئالىمنىڭ قارىشىدىمۇ كىشىلىك ئەخلاققا لايىق كەلمەيدىغان ناچار قىلىق ھېسابلانغان. مەسىلەن، پىتنىخورلۇق، چېقىمچىلىق، نەپسانىيەتچىلىك، تاماخورلۇق، ئەيش - ئىشرەت، كەيپ - ساپا، يامانلارغا يان بېسىش، يامانلار بىلەن دوست - ئىناق بولۇپ يۈرۈش — ئالىمنىڭ قارىشىدا ئەڭ يارامسىز قىلىق بولۇپ، ئالىم بۇنداق كىشىلەرنى قاتتىق ئەيىبلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئۇنىڭ مۇنۇ بېيىتلىرى ھېلىمۇ بىز ئۈچۈن ئىبرەتلىك:

4271 قېتىلما ئىككى خىل ئەركە، يىراق تۇر،
قېتىلساڭ كۆر ئەمدى، چاتاق چىقارۇر.

4272 بىردۇر چېقىمچى، پىتنە - پاساتچى،
بىرى — ئىككى يۈزلۈك، ئۆز مەنپەئەتچى.

4414 پاساتنىڭ يېنىغا يېقىن بارمىغىل،
پاسات نەدە بولسا خارلىق شۇندا، بىل.

4415 پاسات بىرلە دۆلەت تۇرالماس، قاچار،
تۈنەپ ئۆتسە مېھمان، سەن تاڭ قالمىغىل.

4411 تۈپەك - يىلتىزىڭنى پاساتلىق قىرار،
بۇ ياخشى ئىزىڭنى پاساتلىق بۇزار.

4212 قوشۇلما پىتنىخورغا، بارما يېقىن،
ئۆنىڭكىم، تىلىدىن چىقار ئوت - چېقىن.

5863 ھەرقانچە غەيۋەتنى ئاڭلىماس بۇ ئەر،
چېقىمچى ئاراغا كىرسە ئۆزگىرەر.

4301 كىشىلەرنى چاقما، قۇرۇق سۆزلىمە،
كىنە ساقلىما ھەم ئۇششاق سۆز دېمە.

5869 مۇڭا ئەيمىنۇرمەن، ئەي ساھىبقىران،
چېقىمچى بۇ ئىتلار چاقسا ناگەھان.

4214 تاماخورغا بولما يېقىن سەن تېخى،
ساڭا ئۇ، شۈبھىسىز، بولۇر بىر يېغى.

4215 تاماخور سېنىڭدىن كۆرسە نەپسىنى،
ئاتايدۇ سېنى ئۇ ئاكا يا ئىنى.

4216 ئەگەر كۆرمىسە نەپ ئۇ، ئۆرۈپ يۈزىسەن،
تۇغۇلۇپ كۆرمىگەندەك تارتار ئۇ ئۆزىسەن.

ئۆزىنى چاغلىماي ھاراق ئىچىپ، مەست بولۇپ جېدەل ـ غەۋغا چىقىرىدىغان، ھايانى بىلمەي پەسكەشلىك قىلىدىغان، يوقىلاڭ ئىشلار ئۈچۈن بالا تېرىيدىغان، ھەتتا قانۇن ـ ئىنتىزامنى بۇزىدىغان ھاراقكەشلەرگە قارىتا ئالىم قاتتىق تەنبىھ بېرىپ مۇنۇ بېيىتلارنى توقۇيدۇ:

2651 ھاراقتۇر بىلىم ۋە ئەقىل دۈشمىنى،
جېدەل ـ غەۋغا ھاراقنىڭ ئىچىدۇر چىنى.

1337 مەي ئىچمە، زىنادىن سەن ئەيلە ھەزەر،
بۇ ئىشلار گادايلىق تونىن كىيدۈرەر.

1338 ھاراق مىڭ گۇناھقا پاتۇرغاي سېنى،
قاچار بەخت زىنادىن، يۈزۈڭ تۆكۈلەر.

2655 مەي ئىچمە، مەي ئىچسە كېتۇر دەۋلىتى،
مەي ئىچسە بولۇر تەلۋە، ئەخمەق ئىتى.

ئالىم تىلىنىڭ پەزىلىتى بىلەن قۇسۇرى، پايدىسى بىلەن زىيىنى ئۈستىدە توختىلىپ، تىل ئەقىل

بىلەن بىلىمنىڭ تەرجىمانى، قاپقان ئالدىدا تۇرغان ئارسلان دەيدۇ. ئەقىللىلىك ۋە بىلىملىك كىشى قىلغان سۆزگە — تىلغا دىققەت قىلىشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ.

2203 ئۇياتسىز كىشىدۇر كىشى رەزىلى،
دۇرۇس سۆز سۆزلىمەس ئۇياتسىز تىلى.

175 پاساھەت بىلە قىل شۇڭا سەن سۆزۈڭ،
پەسەھ بولسا تىلىڭ، ئۆسەرسەن ئۆزۈڭ.

180 تۇغۇلغان ئۆلەر، كۆر، قالۇر بەلگىسىز،
سۆزۈڭ ياخشى بولسا، ئۆزۈڭ ئۆلگۈسىز.

190 كىشىدىن كىشىگە مىراس سۆز قالۇر،
مىراس سۆزنى تۇتساڭ يۈز پايدا بولۇر.

183 ئۆلۈمسىز ھاياتنى تىلەسەڭ ئۆزۈڭ،
قىل ياخشى، ئەي ھېكىم، خۇلقۇڭ ھەم سۆزۈڭ.

5

بىز يۇقىرىدا ئۇلۇغ ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆلمەس ئەسىرى — «قۇتادغۇبىلىك»تە بايان قىلىپ ئۆتكەن مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر ناھايىتى ئاز بىر قىسىم بايانلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىقتۇق. روشەنكى،

ئالىمنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەتكە دائىر بايانلىرى بۇلار بىلەنلا تۈگىمەيدۇ. پەقەت يۇقىرىدا نەقىل كەلتۈرۈلگەن ئاشۇ بىر قىسىم بېيىتلاردىنمۇ كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، ئۇلۇغ ئالىم بۇنىڭدىن 900 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىلگىرىلا دۆلەت ۋە جەمئىيەتنى ئادىل قانۇن بىلەن ياخشى باشقۇرۇش، پۈتكۈل جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئەخلاقىنى تۈزەش، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا مۇناسىپ بىر مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش يولىدا ئۆزىنىڭ ئىلغار پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويغان، مەۋجۇت ئەسكىلىكلەرنى قاتتىق ئەيىبلىگەن. 900 يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئەسەرنى ئوقۇغىنىمىزدا، ئوردىدا كاتتا خىزمەت ئۆتىگەن بۇ ئالىمنىڭ ئادەتتىكى ئوردا شائىرلىرىدىن، قەسىدىخان ساراي شائىرلىرىدىن پەرقلەنگەن ھالدا جەمئىيەت رېئاللىقىدىن ناھايىتى ئۈستۈن تۇرۇپ، يىراقنى كۆزلەپ چوڭقۇر پىكىر يۈرگۈزگەنلىكىنى بىلەلەيمىز. ئۇنىڭ نۇرغۇن پىكرى بىزنىڭ زامانىمىز ئۈچۈنمۇ ئوخشاشلا ناھايىتى زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزگە مەلۇمكى، ئون يىللىق ئىچكى قالايمىقانچىلىق داۋامىدا، لىن بياۋ ۋە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» سوتسىيالىزم بايرىقىنى كۆتۈرۈۋېلىپ، فېئودال فاشىستىك دىكتاتۇرىنى يولغا قويۇپ، ئىلمىي سوتسىيالىزم يولىدىن پۈتۈنلەي چەتنەپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئازاب - ئوقۇبەت دېڭىزىغا ئىتتىرىۋەتكەن ئىدى. «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» تارمار قىلىنغاندىن كېيىن، بولۇپمۇ پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3 - ئومۇمىي

يىغىنىدىن كېيىن، دۆلىتىمىز قايتىدىن ئىلمىي سوتسىيالىزم يولىغا قەدەم قويدى ۋە پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يۈكسەك ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىشقا چاقىردى. بۇنداق يۈكسەك مەنىۋى مەدەنىيەت بىر تەرەپتىن، ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بارلىق ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە خاس مەدەنىي مىراسلار ئىچىدىكى بارلىق ئېسىل مۇۋەپپەقىيەتلەرگە تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئىدېئالىستىك دۇنيا قارىشى، مەنپەئەتپەرەسلىك ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە چىرىك، زاۋاللىغا يۈز تۇتقان ئەخلاق - ئىستىلىنى قەتئىي چۆرۈپ تاشلايدۇ.

يولداش ماۋزېدوڭ بىزگە: «ئالىيجاناب ئادەم، ساپ ئادەم، ئەخلاقلىق ئادەم، پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەردىن خالىي ئادەم، خەلققە پايدىلىق ئادەم» بولۇش توغرىسىدا تەربىيە بەردى. سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدا يۇقىرىقىدەك ناچار ئىللەتلەردىن خالىي بولۇپ، ئاڭلىق سوتسىيالىستىك ئەدەپ-ئەخلاقنى يېتىشتۈرسەك. بۇ تەلەپكە يېتىش تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە.

ئۇيغۇرلارنىڭ ناھايىتى ئۇزاق تارىختا ئىگە نۇرغۇن ياخشى ئۆرپ - ئادەت، ئەدەب - ئەخلاق مىزانى، ئۆزئارا مۇناسىۋەت قائىدىلىرى بار. گەرچە ئۇنى ئاڭلىق كوممۇنىستىك ئىدىيە، كوممۇنىستىك روھ ۋە-

كوممۇنىستىك ئەخلاق ـ پەزىلەت مىزانى، ئاڭلىق سوتـ
سىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن سىلىشتۇرۇپ
بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ بەلگىلىك تارىخىي شارائىتتا بەرپا
قىلىنغان، ئەسىرلەر داۋامىدا تىرىلىك سىناقلاردىن
ئۆتۈپ، ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ، ھازىرغىچە داۋام
قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. بىزنىڭ بۇنداق ئەنئەنىۋى ياخشى
ئەدەب ـ ئەخلاقىمىز ۋە مەنىۋى مەدەنىيىتىمىز ھازىرقى
ئەۋزەل سوتسىيالىزم شارائىتىدا تېخىمۇ يۇقىرى سە-
ۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەتكە
ئايلاندۇرۇلۇشى كېرەك. ئىشىنىمىزكى، سوتسىيالىستىك
ماددىي مەدەنىيەت بەرپا قىلىش بىلەن مەنىۋى
مەدەنىيەت بەرپا قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغ ئىشتا،
بىزدىن نەشر قىلىنغان ئۇلامەس ئەسەر «قۇتادغۇبىلىك»
بىزگە ياخشى مەنپەئەت بېرىدۇ.
«قۇتادغۇبىلىك» دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كېلەلىگەن
نادىر ئەسەر بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭدىمۇ فېئودالىزمنىڭ
شاكاللىرى بار، ماركسىزملىق نۇقتىئىنەزەر بويىچە
قارىغاندا، خاتا تەشەببۇسلارمۇ يوق ئەمەس. بىز تارى-
خىي ماتېرىيالىستلارمىز، «قۇتادغۇبىلىك»تىكى بۇنداق
فېئوداللىق شاكاللارغا ماركسىزمنىڭ تارىخىي ماتېرى-
يالىستىك نۇقتىئىنەزىرى بىلەن تەنقىدىي مۇئامىلە
قىلىشىمىز، شاكىلىنى ئېلىپ تاشلاپ، مېغىزىنى قوبۇل
قىلىشىمىز كېرەك. شۇبھىسىزكى، كەڭ كىتابخانلار چوقۇم
ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلىدۇ.

# «قۇتادغۇبىلىك»تىكى ھايات پەلسەپىسى توغرىسىدا

ئابدۇرېھىم سابىت

1

قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئۆلمەس يادىكارلىقلىرىدىن بىرى بولغان «قۇتادغۇبىلىك» يالغۇز ئۇيغۇر مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكىلا ئەمەس، شۇنداقلا دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكىمۇ بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

«قۇتادغۇبىلىك» خەلقئاراغا مەلۇم بولغان چارەك كەم ئىككى ئەسىردىن بۇيان، بۇ ئەسەر تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن فرانسىيە، گېرمانىيە، ۋېنگرىيە، روسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئىتالىيە، ئاۋستىرىيە ... قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ژائوبېرت، ئامبېدى، تومسون، بروككېلمان، ھارتمان، ئوتتو ئولبرىت، مورتىنز، ئارمىن ۋامبېرى، ۋ. رادلوۋ، بارتولد، سامايلوۋىچ، فادىلوۋ، س. ئې. مالوۋ، قەييۇم كېرىموۋ، فىترەت، رەشىت رەھمەتى ئارات، ئا. دىل ئاچار، سەدى مەقسۇدى، نەجىپ ئاسىم، كوپرولۇ پۆئادزادە، زەكى

ۋەلىدى توغان، بومباچى، ھامىر پوركىشتال...غا ئوخشاش ئالىملار بۇ ئەسەرنىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى قىممىتىنى ئىزاھلاپ، نۇرغۇن ماقالىلەر يازدى. ئەسەردىن پارچىلارنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ، كۆپلىگەن مىللەتلەرگە تونۇشتۇردى. ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ساھەسىدە ئېلىپ بارغان بۇ خىل ئىزدىنىشلىرى تامامەن ئورۇنلۇق، شۇنداقلا تۇنجى قېتىم يول ئاچقانلىقى بىلەن چوڭ ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، بىراق بۇ تەتقىقاتچىلارنىڭ ھەممىسى «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تىل ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى قىممىتىنى ئىزاھلاش نۇقتىسىدا توختاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئىلمىي ۋە پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى چۈشەندۈرۈش، تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت بىر بوشلۇققا ئۇسۇپ كىرەلمىدى. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ئىلمىي قىممىتى ۋە پەلسەپە ئىدىيىسىنى، شۇنداقلا مۇئەللىپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنى تەھلىل قىلىشتىن ئىبارەت بۇ بوشلۇق پەقەت 1983 - يىلى ئىچكى موڭغۇل ئاپتونوم رايونىدا ئېچىلغان «شىمالىي جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»دا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ ئۇسۇپ كىرىشى بىلەن ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇ جۇڭگو ئالىملىرىنىڭ، جۈملىدىن خەلقئارادىكى «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئالىملارنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئالىم، پەيلاسوپ، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭمۇ ئەزەلدىنلا تېگىشلىك بولغان، ئەمما

ئۇنىڭ پەلسەپە ئىدىيىسىگە بولغان چۈشەنچىنىڭ يۈزەلىكى تۈپەيلىدىن، ۋاقىتىنچە بوش قالغان دۇنيادىكى مەشھۇر 11 نەپەر پەيلاسوپ قاتارىدىكى ئورنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ھەقىقەتەن بىر بەدىئىي ئەسەر، شۇنداقلا ئۇ يەنە پەلسەپىۋى ئەسەر. «قۇتادغۇبىلىك»تە ئىلىمنىڭ ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تىبابەت، تارىخ، ئېتنوگراپىيە، قانۇنشۇناسلىق، ھەربىي ئىشلار، مالىيە-ئىقتىساد، مائارىپ، ئەدەبىيات-سەنئەت، تىل قاتارلىق ھەرقايسى تارماقلىرىغا ئائىت نۇرغۇن مەزمۇنلار بايان قىلىنغاندىن باشقا، پەلسەپىنىڭ تەبىئەت ۋە بىلىش نەزەرىيىسىگە ئائىت بىر مۇنچە قاراشلىرىنىمۇ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرۈلگەن.

ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ھۆكۈمرانى بولغان تاۋغاچ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمان ئارسلانخانغا تەسىر كۆرسىتىش ۋە ئۆز كۆزقارىشىنى سىڭدۈرۈش يۈزىسىدىن ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي زىددىيىتىنى تەھلىل قىلغاندىمۇ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان جەمئىيەتنىڭ بۇزۇلۇش سەۋەبىنى چۈشەندۈرگەندىمۇ، جەمئىيەتنى تۈزەش ئارزۇسىنى بايان قىلغاندىمۇ، بەخت-سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش توغرىسىدىكى غايىسىنى ئىپادىلىگەندىمۇ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھەر بىر مەسىلىنى، مەسىلەن، يارىلىش بىلەن ئۆلۈم، ماددا بىلەن ھەرىكەت، يېڭىلىق بىلەن كونىلىق، ئادالەت بىلەن قانۇن، بەخت

بىلەن سائادەت، بىلىم بىلەن ئەقىل، قانائەت بىلەن ئاقىۋەت... قاتارلىقلارنى بىر- بىرىگە باغلاپ، مۇستەھكەم پەلسەپىۋى باغلىنىشقا ئىگە قىلىپ، پەلسەپىۋى نۇقتىدىن تۇرۇپ ئىزاھلاپ چۈشەندۈرگەن. شۇنداق قىلىپ بۇ ئەسەرگە تەبىئىي يوسۇندا زور بىر پەلسەپىۋى ئىدىيە سىڭگەن. ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرگە سىڭدۈرگەن پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنى مۇنداق ئۈچ نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ:

1. دۇنيانى تەڭرى ياراتقان بولسىمۇ، بىراق بۇ دۇنيا تۇپراق، سۇ، ھاۋا، ئوتتىن تەشكىل تاپقان ماددىي دۇنيادۇر.

2. دۇنيا ئۈزلۈكسىز ھەرىكەت ئۈستىدىكى دۇنيا، ئۇنىڭدىكى مەۋجۇتلۇق نىسپىي، يېڭىلىنىش (ئۆزگىرىش) مۇتلەقتۇر.

3. دۇنيادىكى كونا نەرسىلەر ئۈزلۈكسىز يوقىلىدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى يېڭى نەرسىلەر ئىگىلەيدۇ.

ئەمدى مەن تۆۋەندە يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەبىئەت پەلسەپە ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولغان ھايات پەلسەپىسى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 2

ھايات يالغۇز ئىنسانىيەتكىلا ئەمەس، بەلكى يەر يۈزىدىكى بارلىق مەۋجۇداتلارنىڭ ھەممىسىگە

شۇنچە قەدىرلىك ۋە قىممەتلىكتۇر. ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتى ھەققىدە قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە ياشاپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئالىملار، پەيلاسوپلار، شائىرلار، يازغۇچىلار چوڭقۇر مەنىگە ئىگە، مەنتىقىلىق ئوي - پىكىرلارنى يېزىپ قالدۇرغان. مەسىلەن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ زامانىدىشى، پارسلارنىڭ مەشھۇر شائىرى، مۇتەپەككۇر ئالىمى ئۆمەر ھەييام (1048—1122) بىر رۇبائىيسىدا:

خۇشال ئۆت، ئۆمۈرنىڭ ھاسىلى بىر دەم،
بۇ تۇپراق — تۇپرىقى كەيقۇباد① ۋە جەم

قىل قىياس بىر خىيال، ئالدىنىش يا چۈش،
ھاياتنىڭ تەختى ھەم ئەھۋالى ئادەم.

دەپ يېزىپ، ھاياتنىڭ ماھىيىتىنى (تەخت
خىيال ياكى چۈشكە ئوخشاش ئادەمنى ئالدايد
چۈشەنگىلى بولمايدىغان سىرلىق نەرسە قىلىپ كۆر
سە، XIII ئەسىردە ياشىغان ئىرانلىق مۇتەپەكك
ئەدىب مۇسلىھىددىن شەيخ سەئدى شىرازى (1184—1292) «ھاياتنىڭ مېۋىسى (مەنىسى) ھىممەت» دەيدۇ، فرانسىيىنىڭ يېقىنقى زامان يازغۇچىلىرىدىن ئىمىل زولا (1840—1902) «ياشاشنىڭ پۈتكۈل ئەھمىيىتى

---

① كەيقۇباد — مىلادى 487 — 531 - يىللاردا ئۆتكەن ئىران پادىشاھى.

② جەم — ئىران تارىخىدىكى ئەپسانىۋى شاھ جەمشىتنى كۆزدە تۇتىدۇ.

بىلمىگەن ئەرسىلەر ئۈستىدە ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، تېخىمۇ كۆپ بىلىم توپلاشتا» دېسە، ئامېرىكىلىق مەشھۇر يازغۇچى جېك لوندۇن (1876—1916) «ھاياتقا مۇھەببەت» ئەسىرىدە، ھاياتنى «مەنىسىز، بىۋاپا ۋە كۆز ئېچىپ - يۇمغىچىلىك ئۆتۈپ كېتىدىغان نەرسە، لېكىن ھايات ئەلەم چەكتۈرىدۇ» دەيدۇ.

يۇقىرىقى كۆز قاراشلاردا ھايات ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى، قەدىر - قىممىتى، ئىنسان بۇ ھاياتتىن قانداق پايدىلىنىش كېرەكلىكى توغرىسىدا ئوخشاشمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ھەر تەرەپلىمە شەرھلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ توغرىدا ھەممىدىن بۇرۇن ئەتراپلىق، مەنىلىك ۋە قايىل قىلارلىق پىكىرنى ئوتتۇرىغا قويغان كىشى يەنىلا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ XI ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىمى يۈسۈپ خاس ھاجىپتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىدە «ھايات» سۆزىگە تەبىر بېرىپ، ئۇنى «تىرىكلىكنىڭ دەسمايىسى» دەيدۇ ھەمدە بۇ تەبىرنىڭ مەنىسىنى يېشىپ مۇنداق دەيدۇ:

232 ھايات — دەسمىيە، پايدا — ئەزگۈلۈك①،
بولۇرساڭا تاڭنا يېمەك - كىيگۈلۈك.

3313 تىرىك بولسا ئىنسان تىلەگىن تاپۇر،
تىلەككە تىرىكلىك سەرمايە ئېرۇر.

---

① ئەزگۈلۈك — ياخشىلىق

3315 تىرىكلىك تىلەسەڭ، تىلىمە تىلەك.
تىرىكلىك تىلەككە يېتىشكە يۆلەك.

ھاياتنى تىرىكلىكنىڭ دەسمايىسى سۈپىتىدە تەرىپلەش ۋە تىرىكلىكنى ئىنسان پائالىيىتىنىڭ ئاساسى قىلىش، باشقا پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان يېڭىچە بىر خىل قاراش بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ رېئاللىق ئاساس قىلىنغان. ئەمەلىيەتتىن قارىغاندىمۇ، تىرىكلىكتىن ئىبارەت بۇ دەسمايە مەۋجۇت بولىدىكەن، ھەرقانداق ئىنسان ئۆزى شۇغۇللانماقچى بولغان بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەت ئۈچۈن بايلىق يارىتالايدۇ. ئەكسىچە بولغاندا ھېچقانداق پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشى، ھەتتا ھايات تۇرۇشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تىرىكلىكنىڭ دەسمايىسى بولغان ھاياتنى يەنە ئۆلۈم بىلەن باغلىنىشلىق، دەپ قارايدۇ. ئۇ، ھايات بىلەن ئۆلۈم گەرچە بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان زىت نەرسىلەر بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار ماھىيەتتە بىر - بىرىدىن ئاجرالمايدىغان، بىر-بىرىگە زىچ باغلانغان بىر پۈتۈن چۈشەنچىدۇر، ھايات بار يەردە ئۆلۈم بولىدۇ؛ تۇغۇلماق، ئۆلمەك، تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى؛ ھاياتلىق يەر يۈزىگە پەيدا بولۇشى بىلەن تەڭلا ئۆلۈم بېخىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئەگەشتۈرۈپ كېلىدۇ. ئىنساننىڭ ئۆمرى مەلۇم ياشقا يەتكەندىن كېيىن ھاياتلىق ئۆلۈمگە ئۆزگىرىدۇ، دېگەن خۇلاسى-

گە كېلىدۇ. بىز ئاپتورنىڭ بۇ خىلدىكى پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكى مىسرالاردىن ئېنىق ھېس قىلالايمىز:

1385 ئەجەپ ياخشى ئېيتقان ئالىم ئوخشۇتۇپ،
ۋاقىت، كۈن، ئىرىكلىكنى ماسلاشتۇرۇپ.

1386 كارۋانغا ئوخشار بۇ ئادەم ئوغلانى،
تۇرالمايدۇ مەنزىلدە، مەنزىل قېنى؟

1387 تۆرەلگەندە ئوغۇل ئاتا پۇشتىدىن،
نىچە ئاي ياتار ئىچ جاي ئانا قارنىدىن.

1388 ئانادىن تۇغۇلغاندا قويسا ئېتىن،
يولۇچى بولۇپ ئۇ مىنەر ۋاقىت ئېتىن.

1389 كۈنى بىر مېھمان ئۇ، تۈنى بىر مېھمان،
ئۆلۈمگە ئاپىرار، قورىتىپ ئۇخمان.

692 تۆرەلگەن نېمەلەر بارى يوقىلۇر،
تۆرەتكەن بىر ئاللا، نە قىلسا قىلۇر.

1210 ئۆلمەككە تۇغۇلدى تۇغۇلغان بارى،
كى قانچە قىلسىمۇ، كېتەر ئاخىرى.

1213. جىمىكى نەرسىنىڭ كېزى بەلگىلىك،
نەپەس - تىن ئېلىشنىڭ سانى بەلگىلىك.

1214. يىل، ئاي، كۈن ئۆتەردەك تىرىكلىك كېچەر،
ئۆتەر كۈن تۈگەتكەي سېنى، بەلگىلىك.

مانا بۇ مىسرالاردا يالغۇز ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتى شەرھلىنىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى شەيئىلەر تەرەققىي قىلىپ مەلۇم باسقۇچقا يەتكەندە، ئۇنىڭدا ئۆزگىرىش ھاسىل بولىدۇ. كونا شەيئىلەر يوقىلىپ، ئورنىغا يېڭى شەيئىلەر بارلىققا كېلىدۇ، دېگەن شەيئىلەر تەرەققىيات قانۇنىيىتىمۇ گەۋدىلەنگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھايات بىلەن ئۆلۈمنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىدە يەنە ھايات — شامالدەك تېز چاپىدىغان توختاۋسىز ئۆتكۈلچى جەريان، كارۋاننىڭ يول ئۈستىدىكى قونالغۇسىدەك ۋاقىتلىق، ئۆلۈمگە ھەر قاچان باش ئەگكۈچى ئاجىز - چەكلىك نەرسە؛ ئۆلۈم بولسا ھەرقانداق ھاياتلىق ئۈستىدىن ئاخىرقى ھېسابتا غالىب كەلگۈچى مۇتلەق، يېڭىلمەس كۈچتۇر، دېگەن يەكۈننى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆز قارىشىنى شەيئىلەر مۇناسىۋىتىدىكى مۇتلەقلىق ۋە نىسپىيلىك چۈشەنچىسى بىلەن باغلايدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ يەردە ھايات بىلەن ئۆلۈمنى نىسپىيلىك (ۋاقىتلىق) ۋە مۇتلەقلىق نۇقتىسىدا تۇرۇپ، بىر - بىرىگە باغ-

لاپ چۈشەندۈرۈشى ھەرگىز ئاسادىيى بولماستىن، بەلكى ئۇنىڭدا تىرىك ياشاۋاتقان ھەر بىر ئىنسانغا ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى تونۇتۇش ۋە بۇ چەكلىك ھاياتتىن قانداق پايدىلىنىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن قانداق ياخشى ئىشلارنى قىلىپ بېرىشكە دەۋەت قىلىش كۆزدە تۇتۇلغان. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئارقىدىنلا خۇدانىڭ بەندىلەر ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى؛ خۇدا بىلەن تۇر تاغىدا سۆزلەشكەن، خۇدا ئۇنىڭغا بولغان يېقىنلىقىنى ئىپادىلەپ «تەۋرات» كىتابىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن مۇسا ئەلەيھىسسالامنى (مۇسا كەلىمۇللانى)؛ بەنى ئىسرائىلنىڭ بۇزۇلغان ئەخلاقىنى تۈزەشكە خۇدا تەرىپىدىن ئەۋەتىلگەن ھەمدە «ئىنجىل» كىتابىنى چۈشۈرۈپ بەرگەن، كۆپ خىل مۆجىزە كۆرسەتكەن پەيغەمبەر ئىيسا ئەلەيھىسسالامنى؛ خۇدا 18 مىڭ ئالەمنىڭ پادىشاھلىقىنى ئارتۇق قىلغان، يەر يۈزىدىكى ئادەم، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك، دەل - دەرەخ، ئۇچار قۇش، جان - جانىۋار، تاغ- تاش، جىن - شاياتۇنلارنىڭ پادىشاھى پەيغەمبەر سۇلايمان ئەلەيھىسسالامنى؛ كىشىلەر تەرىپىدىن 1000 ياش ئۆمۈر كۆرگەن دەپ رىۋايەت قىلىنغان، تىبابەت ئىلمىنىڭ پىر - ئۇستازى لوقمان ھېكىمنى؛ دۇنيانىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى زەپتە قىلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرغۇچى ماكېدونىيە پادىشاھى ئالېكساندىر ماكېدونسكىي (ئىسكەندەر زۇلقەرنەين)نى؛ ئۆز بايلىقىنىڭ كۆپلۈكى ۋە قۇدرەتلىكلىكى

بىلەن ماختىنىپ، جاھانغا پاتماي، ئاخىرقى ھېسابتا
خۇدالىق دەۋاسى قىلىپ، بېشىنى يېگەن پادىشاھلار —
شەددات، فىرئەۋن، نەمرۇتلارنى؛ ئۆز بېخىللىقى بىلەن
خۇدانىڭ قەھر - غەزىپىگە دۇچار بولۇپ، يەر يۇتقان
پادىشاھ — قارۇن... لارنىمۇ ئۆلۈمنىڭ ھايات قويماي
بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كەتكەنلىكىنى مىسال قىلىش ئار-
قىلىق، ئۆلۈمنىڭ مەڭگۈلۈكىنى، ھاياتلىقنىڭ ئەبەدىي
ئەمەسلىكىنى، ھەرقانداق ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادا مەڭ-
گۈ قالالمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش بىلەن بىر ۋاقىتتا،
كىشىلەرنى ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە يېتىشكە، ئۇنى
بىھۇدە، بوشقا ئۆتكۈزۈۋەتمەي، بەلكى بۇ چەكلىك
ھاياتتىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆز ھاياتىدىن ئىز
قالدۇرۇشقا ۋە ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا چاقى-
رىدۇ. مەسىلەن:

693 تىرىكلىك دېگەن ئۇ شامالدەك كېتەر،
قاچار، تۇتسا تۇرماس، ئاڭا كىم يېتەر؟

1274 ئىشەنمە تىرىكلىككە، يەلدەك كېچەر،
جاھاندىن كۆچۈرسەن، غاپىل بولما ئەر.

1139 نېمە بار جاھاندا ئۆلۈمدىن قاتتىق؟
ئۆلۈمنى ياد ئەتسە كېتەر مىڭ تاتىق.

1140 ئۆلۈم بىر دېڭىزدۇر، ئۇچى يوق تۇۋى،
قاراپ كۆرسە ياخشى، تۇۋى يوق پېتىق.

1177 نېمە دەيدۇ ئاڭلا ئۇيغانغان كىشى،
ئۆلۈمنى تونۇپ ياخشى بىلگەن كىشى،

1178 ھېكىم ئىلمى كەتتى ئۆلۈمنى كۆرۈپ،
ئاقىل ئەقلى يۈتتى، ئەقىلسىز بولۇپ.

1179 نېمانچە يامان بۇ ئۆلۈم تىرنىقى،
نېمانچە ياماندۇر ئادەم ئۆرمىقى؟

1180 زېمىنەتلىك سارايلارنى بۇزغان ئۆلۈم،
پۈتۈن جەم بولغاننى چاچقان ئۆلۈم.

1182 نېمە بار جاھاندا ئاڭا ھىيلە يوق،
نېمە ھىيلە باردۇر، ئاڭا چارە يوق.

1183 پۈتۈن ئىشقا ھىيلە، ئۇسۇل - چارە بار،
مەگەر بۇ ئۆلۈمكىم، ئاڭا چارە يوق.

1196 ئۆلۈمگە پايدا قىلماس ئالتۇن - كۈمۈش،
ئۆلۈمنى توسالماس بىلىم ھەم ئۇقۇش.

1197 ئۆلۈمنى توسا ئالسا دۇنيا - مېلى،
ئىدى ئۆلمەس ھېچ چاغدا بەگلەر بېگى.

1198 ھېكىملەرگە ھېكمەت پايدا قىلمىدى،
ئالىملارغا ئىلىم ياردەم بەرمىدى.

1199 ئۆلۈمگە پايدا قىلسا ئەردى ئوت - ئەم①.
قالاتتى تېۋىپلار تىرىك مەڭگۈ ھەم.

1200 ئۆلۈم يۈز - خاتىر قىلسا ئىدى كۆرۈپ.
مۇبارەك رەسۇللار قالاتتى تۇرۇپ.

4837 ئۇلۇغلۇق ئۆلۈمگە ھېچ كار قىلمىدى.
ئۆلۈمدىن قاچارغا كىچىك بولمىدى.

4838 ئەپكەتتى ئۆلۈم ئەزىز پەيغەمبەرلىنى.
توسار كىم ئەم - داۋا، قوراللە ئۇنى.

4710 قېنى ئۇ بۇ دۇنيا تىلەپ تاپقۇچى.
ئۆزىگە تۆمۈر تۇر، شەھەر قۇرغۇچى②؟

4711 قېنى ئۇ گۇستاخ ئىت③ دۇنيا دەپ يۈرۈپ.
يېشىل كۆككە ئۇچقان قارا قۇش مىنىپ.

4712 قېنى ئۇ خۇدامەن دېگۈچى جاھىل؟④
خۇدا قىلدى دەرياغا غەرق ئۇنى، بىل.

---

① ئوت - ئەم — دورا ۋە داۋا.
② شەددادنى دېمەكچى.
③ نەمرۇتنى دېمەكچى.
④ فىرئەۋننى دېمەكچى.

4713 بۇ دۇنيا مېلىنى يىغقۇچى قېنى①؟
مېلى يېرلە كەتتى يۇتۇپ يەر ئۇنى.

4714 قېنى شەرقتىن غەربكە قەدەر بارغۇچى،
بۇ دۇنيانى كېزىپ جاھان ئۇتقۇچى②؟

4715 قېنى ئۇ تاپاقى يىلان بولغۇچى،
دېڭىز يېرىلىپ ئۇڭا يول بەرگۈچى③؟

4716 قېنى ئۇ پەرى، قۇش ۋە ئىنسان ئۈزە،
ئۇلۇغ بولغۇچى ئۇ خۇلقى پاكىزە④؟

4717 قېنى ئۇ، ئۆلۈكنى تىرگۈزگەن كىشى؟
ئۆلۈمگە تۇتۇق بولدى ئاخىر ئىشى⑤.

4718 قېنى ئۇ، كىشىلەر ئارا خىل، ئۇلۇق⑥؟
بوشاپ قالدى دۇنيا، كېمىپ تولۇقلۇق.

4719 ئېلىپ كەتتى ئۆلۈم شۇ ھەممىسىنى،
ئەي پاكىزە قەلب، ئۇ قويامدۇ سېنى؟

---

① قارۇننى دېمەكچى.
② ئىسكەندەر زۇلقەرنەيننى دېمەكچى.
③ مۇسا پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
④ سولايمان پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
⑤ ئىيسا پەيغەمبەرنى دېمەكچى.
⑥ مۇھەممەت پەيغەمبەرنى دېمەكچى.

4833 بۈيۈك مەن دېگەننى تۈگەتتى ئۆلۈم،
ئۇلۇغ مەن دېگەننى ھەم ئۆتتى ئۆلۈم.

4834 ئۆلۈم بۇزدى شەھەر ـ كەنتلەرنى تالاي،
ئۆلۈم بۇزدى نۇرغۇن قەسىر ۋە ساراي.

4835 نىچە مىڭ تىرىك ئۆلدى يەرگە تولۇپ ـ
ياتۇر كەلمەكىمىزنى ئاندا كۈتۈپ.

4836 قاراپ كۆر ئۇلارغا، ئېچىپ سەن كۆزۈڭ،
قىلالامسەن پەرق قۇل ۋە بەگنى ئۆزۈڭ؟

1201 تۇغۇلغان تىرىكلەر ئۆلۈر، بىل مۇنى،
ئۆلۈشكە تۇغۇلغان، تىرىك كىم قېنى؟

1202 بۇ دۇنيا قونالغۇ، كېلۈچى بارار،
يوغان ئەجدىھادەك يېسە، ئىچقار.

4839 ئىشەنچىسىز ئېرۈر بۇ جاپاچى جاھان،
ۋاپاسىز ۋە گۈستاخ ۋە پەيلى يامان.

5161 ئەزىز تۆت ھاياتنى، كېرەك ئىشقا سال،
قىلىپ ئەلگە ئېھسان، ساۋابنى ئال.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تەشەببۇسى بويىچە، ئىنـ

-ان ئۆزىنىڭ چەكلىك ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلىشى كېرەك؟ ئىنساننىڭ ماھىيە-تى ۋە بۇرچى نېمە؟ بۇ مەسىلىگىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» ناھايىتى ئەتراپلىق، ئېنىق جاۋاب بەرگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىنىڭ دۇنياغا كەلگەندىن كېيىنكى قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئوقۇش، ئۆگىنىش، بىلىم ئېلىشتۇر. چۈنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىمنى «كۈچ» دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە «دۇنيادىكى ھەرقانداق قىيىن - مۈشكۈللەر، يېشىلمىگەن تۈگۈنلەر بىلىم بىلەن يېشىلىدۇ، ئېچىلمىغان سىر-ھېكمەتلەرمۇ بىلىم بىلەن ئېچىلىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا ئۇ يەنە: «بىلىم كىشىنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرىدىغان مەنىۋى قورال. كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق كۆزلىگەن مەقسەت، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتەلەيدۇ»، «بىلىم - ئىنسان ئەتىنىڭ مېۋىسى، ئىنسانلار بىلىم ئارقىلىق ئەقىل - ئىدراكقا ئېرىشەلەيدۇ»، «بىلىم - مەنىۋى ھاياتنىڭ ئوزۇقى، كىشىلەر بىلىم ئارقىلىق ئۆزىگە سىرداش دوست، ھەمراھ، توغرا يول تاپالايدۇ»، «بىلىم - ئىنسان قەدىر - قىممىتىنىڭ ئاساسى. ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىكى كىشىلەرمۇ بىلىم ئارقىلىق ئۆز قەدىر- قىممىتىنى تاپالايدۇ ۋە ئىززەت - ھۆرمەتكە ئېرىشەلەيدۇ»، «بىلىم - ئادەمنى ھايۋاندىن پەرقلەندۈرىدىغان تۈپكى بەلگە. ئۈستىگە كىيىم - كېچەك كىيىۋالغانلارنىڭ ھەممىسى ئادەم ئەمەس. ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىلىملىكلەر - ئۆگەتكۈچى، ئۆگەنگۈچى-

لەرلا ئىنسانلىق لاياقىتىگە توشىدىغانلار بولۇپ، قالغانلار تۆت پۇتلاپ مېڭىشتىن ئىككى پۇتلاپ مېڭىشقا ئۆزگەرگەن مەدەنىي ھايۋانلاردۇر» دەيدۇ. ئاخىرىدا ئۇ:

3165 بىلىملىك، ئەقىللىك كىشىدۇر كىشى،
ئۇنىڭدىن بۆلەكلەر يىلقا تەڭتۇشى.

3217 بۇ ئىككى خىل ئىنسان كىشى ئاتىلۇر:
بىرى ئۆرگىتۈچى، بىرى ئۆرگىنۇر.
3218 ئىككىدىن بۆلەكنى سەن يىلقى سانا،
يا ئۇ بول، يا بۇ بول، تاللاپ ئال مانا.

دەپ يېزىش ئارقىلىق كىشىلەرنى يا ئۆگىنىپ، بىلىم ئىگىلەپ ئىنسانلار قاتارىدىن ئورۇن ئېلىش؛ ياكى ئىلىمنى تەرك قىلىپ، بىلىمسىز، جاھىل، نادان بولۇپ، ھايۋانلار قاتارىغا قوشۇلۇشتىن ئىبارەت ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللىۋېلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

ئىنساننىڭ ماھىيىتى نېمە؟ ئىنساننىڭ ماھىيىتى ئىنسانغا ئىنسانىيەتچىلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىش، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا، «كىشىگە كىشىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش» تىن ئىبارەت. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «كىشى كىشىگە كىشىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرغانلىقتىن ‹كىشى› دەپ ئاتالغان»، «كىشىگە كىشىلىك قىلىش چىن (ھەقىقىي) ئىنساننىڭ

بەلگىسى» دەيدۇ ھەمدە ئۇ ئىنسانلارغا:

5892 كىشى ياخشىدۇر كىشىلەر بېشى،
كىشىلىك قىلغۇچى كىشىگە تۇشى.

5893 كىشىگە جاۋاب قىل كىشىلىككە تەڭ،
شۇنىڭچۇن ئاتالدى كىشى دەپ ئىشى.

5787 نېمە دەر ئىشىتكىن، كىشى ياخشىسى،
كىشىلىك ئېرۇر چىن كىشى بەلگىسى.

1596 كىشىلىكنى قويما، ئەي ئېسىل كىشى،
كىشىگە كىشىلىك قىلغىن تەگتۇشى.

5788 كىشىلىك قىل، ئى ئەر، ئۇلۇغ كىشى بول،
كىشىلىككە شۇنداق كىشى تۇتتى يول.

5789 كىشى بول، كىشىگە كىشىلىكنى قىل،
كىشى ئاتىن ئۆزگە سۈپەت ئەيلەگىل.

دەپ خىتاپ قىلىش ئارقىلىق، ئۆز ماھىيىتىنى ھەقىقىي تونۇپ، ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشقا دالالەت قىلىدۇ.

كىشىلىك مەزمۇنى نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۆرسىتىشىچە، «كىشىلىك» دېگەن بۇ ئۇقۇم مۇنداق بەش مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

## 1) ياخشىلىق

ياخشىلىق — يالغۇز كىشىلىك (ئىنسانىيەتچىلىك) مەزمۇنىنى تەشكىل قىلغۇچى بەش مۇھىم ئامىلنىڭ بىرى بولۇپ قالماستىن، شۇنداقلا ئىنسان ئەدەب-ئەخلاقىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياخشىلىقنى ئىنسان ماھىيىتى نۇقتىسىدىن چىقىپ «ئىنسان بۇ دۇنياغا ياخشىلىق قىلىش ئۈچۈنلا يارالغان. ياخشىلىق — ئىنساننىڭ ماھىيىتى، شۇنداقلا كىشىلىك جەمئىيىتى ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچى» دەپ قارىسا، ئەدەب-ئەخلاق نۇقتىسىدىن يەنە ياخشىلىقنى «ئىنساننىڭ سۈپىتىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم» دەپ ھېسابلايدۇ ھەمدە «ياخشىلىق — ھاياتلىقنىڭ دەسمايىسى، ياخشىلىق — ئىنساننىڭ ئەبەدىي يېمەك-ئىچمىكى، بەخت-سائادەت ئىنسانغا ياخشىلىق ئارقىلىق كېلىدۇ، ياخشىلىق ئىنساننى شان-شۆھرەت، ئىززەت-ھۆرمەتكە، مەرتىۋىگە ئېرىشتۈرىدۇ؛ ياخشىلىق دۇنيادا ئەبەدىي قېرىمايدىغان، مەڭگۈ ئۆلمەيدىغان مۇتلەق نەرسە، ئىنساننىڭ مەڭگۈلۈكى ياخشىلىق بىلەندۇر؛ ئىنسان گەرچە ئۆلگىنى بىلەن ياخشىلىق ئۇنىڭ نامىنى مەڭگۈ ئۇنتۇلدۇرماي ئەبەدىي ساقلايدۇ» دەپ ياخشىلىقنىڭ خاسىيىتىنى سۆزلەپ، كىشىلەرنى ياخشىلىق قىلىشقا ئۈندەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەلەپ قىلىۋاتقان ياخشىلىقنىڭ مەزمۇنى ئابستراكت بولماستىن، بەلكى كونكرېت،

كەڭ دائىرىلىك بولۇپ، ئۇ ئاپتورىنىڭ جەمئىيەتنى چوڭقۇر كۆزىتىش ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنى ۋە تۇرمۇش شارائىتىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلالىغانلىقى ھەمدە ئاشۇ ئوخشاشمىغان قاتلامغا مەنسۇپ بولغان، ئوخشاشمىغان تۇرمۇش شارائىتىدىكى كىشىلەرگە قويغان ئوخشاش بولمىغان تەلەپلىرىدىن كېلىپ چىققان. مەسىلەن:

5192 سېنى خەلق ئۆزە ئۇ قىلدى ھۆكۈمران،
بېرىپ ئارزۇ، سۆزۈڭ ئۇ قىلدى راۋان.

5193 سېنىڭدەك ۋۇجۇدلۇق تەگرى قۇللىرىن،
ساڭا قىلدى موھتاج، كۆرۈرسەن بارىن.

5237 تىلەسەڭ ئەزگۈلۈك، راھەت، ئەزگۈ بول،
تولا نېمەت ئىچرە يۈرى، مەڭگۈ بول.

5241 ئېلىگ سەن تېيۈپقا ئوخشارسەن بۇ كۈن،
ساڭا موھتاج ئېرۈر ئاغرىق — خەلق پۈتۈن.

5242 بىرى چەككەچ زۇلۇم، بەختى قارادۇر،
بىرى يوقلۇق غېمىدە بىنەۋادۇر.

5244 سېنىڭدە تۇرۇر، كۆر، بۇنىڭ دورىسى،
داۋالات بولۇپ سەن ھېكىم - ئوستىسى.

5249 يۇرى، ياخشىلىق قىل، تېرى ئەزگۈلۈك،
ساڭا ياخشى بولغاي ھامان مەڭگۈلۈك.

5220 سېخىي بول، خەلققە بېرىپ مال، يېدۇر،
بېخىل بولسا بەگلەر ئېتىنى بۇزۇر.

5262 جىمىكى كىشىگە سەن بول مېھرىبان،
ئازدۇرما يولىدىن، سەن ئۇرما زىيان.

5272 ئۈتتىك بولسۇن ئەلدە كۆزۈ - قۇلاقىڭ،
پۈتۈن خەلققە يەتسۇن كۆيۈمچانلىقىڭ.

5170 دۇرۇس بول، دۇرۇسلۇق بىلەن ھۆكۈم قىل،
تۇرالايدۇ بەگلىك ئۇزاق ئۆرە، بىل.

5172 چىڭىتماق تىلەسەڭ بۇ بەگلىك ئۇلىن،
ھۆكۈمدە چىڭ تۇتقىن ئادالەت يولىن.

5197 پۈتۈن خەلق ئۈچۈن سەن بولۇپ مېھرىبان،
كىچىك - چوڭغا ئادىل ھۆكۈم قىل ھەرئان.

5285 ھۆكۈم قىل دۇرۇسلۇق بىلەن سەن دۇرۇس،
تۇرار بەگلىك ئۆرە قانۇن بىلەن رۇس.

5287 نېمە دەر ئاڭلا، خەلققە باش بولغۇچى،
قانۇن بىرلە ئەلدە شۆھرەت تاپقۇچى.

5302 يېقىن، تۇل، يېتىمنى قورۇغدا ئامان،
شۇ چاغدا بولۇر چىن قانۇن ئامايان.

5353 دېمە ئۆز نەپسىڭ سەن، ئەل نەپسىنى دە،
ئۆزۈڭ نەپسى ئەلنىڭ نەپسى ئىچىدە.

5359 قوپاشتەك مۇنەۋۋەر بول، ئى ھېكىم بەگ،
سايەڭدە ئەل تاپسۇن كىيىم ھەم يېمەك.

مانا بۇلاردىن قارىغاندا ئاپتور بەگ (ئېلىگ)، ۋەزىر قاتارلىق ھۆكۈمدارلارغا نىسبەتەن خەلقنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش، زىيان - زەخمەت يەتكۈزمەسلىك، ۋلۇم قىلماسلىق، تۆۋەننىڭ ئەھۋالىنى ئاڭلاپ تۇرۇش، ـەير - ساخاۋەتنى كۆپ قىلىپ، كەمبەغەل، ئاچ - يالىڭاچ، يېتىم - يېسىرلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، يېمەك - ئىچمەك، كىيىم - كېچەك بىلەن تەمىنلەش، ئادالەت بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش، قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەمنىڭ باراۋەرلىكىنى ئېتىراپ قىلىش، قۇل - بەگ، چوڭ - كىچىك، يۇقىرى - تۆۋەن دەپ ئايرىماسلىق... قاتارلىقلار ياخشىلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارىسا، باشقىلارغا نىسبەتەن شەخسىي مەنپەئەتتىن ۋاز كېچىپ، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش، ئۆز مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىش ھېسابىغا باشقىلارغا نەپ يەتكۈزۈش، قىلغان ئىشىغا مىننەت قىلماسلىق، ياكى بەدەل تەلەپ قىلماسلىق، خالىس - لىللا ئىش قىلىش،

ئەڭگە ۋە خەلققە كۆيۈمچان بولۇش... ياخشىلىق بولـ
دۇ، دەپ ھېسابلايدۇ. مەسىلەن:

3271 خەلققە بېرىش نەپنى — ياخشىلىق ئېرۇر،
بۇ نەپنى بىلەن خەلقى تاپقاي ھۇزۇر.

3269 كىشى دەپ ئاتاشۇر، كىمدۇر ئول كىشى،
كىشىگە بېرىپ نەپ، بېجىرسە ئىشى.

5731 نەپىسىز كىشىدىن كىشىدۇر بىزار،
نەپىلىك كىشى نەپنى ئەلگە كېلۇر.

3931 ئۆز نەپىنى دېگەنلەر ئادەم بولۇرمۇ؟
ئەل نەپىنى دېسە كىم چىن كىشىدۇر ئۇ.

3245 كىشى ياخشىسى ئۇ ئۆز نەپىنى قويۇر،
بۆلەكلەر نەپىچۈن مۇشەققەت يېدۇر.

857 قىلۇر ياخشىلىق ئۇ پۈتۈن ئېلىگە.
يەنە مىننەت ئۇرماس كىشى يۈزىگە.

3369 ئېتىم مەڭگۈ تىرىك بولسۇن دېسە ئەر،
تىرىك چاغدا كىشىگە نەپ يەتكۈزەر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدا يەنە: «خەلق

پايدىسى ئۈچۈن قىلىنغان بىر ئىبغىز سۆز، ھەتتا ھەـ سەت قىلماسلىق، كەڭ قورساق بولۇش، باشقىلارنىڭ زىنتىغا تەگمەسلىك، ئادەم چاتماسلىق، باشقىلارنىڭ ئەيىبىنى يېپىش، پىتنە - پاساتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەرمەسلىك، دۈشمەنلىك قىلماسلىق، خۇشچىراي، ئوچۇق - يورۇق بولۇشنىڭ ئۆزىـ مۇ «ياخشىلىق» دەپ يېزىپ، ياخشىلىق قىلىشنىڭ يولىنى ياڭغۇز ماددىي مەنپەئەت دائىرىسىدىلا چەكلەپ قويماستىن، بەلكى ئۇنى مەنىۋى مەنپەئەت دائىرىسىگە قەدەر كېڭەيتىپ، ئۇنى ھەممە ئادەم، جۈملىدىن جەمـ ئىيەتنىڭ ئەڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى ئاچ، خار - زارـ لىقتا ياشاۋاتقان كىشىلەرمۇ ئىملايدىغان دەرىجىدە ئاسانلاشتۇرۇپ، ياخشىلىقنى يولنى كەڭ ئاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ياخشىلىق ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ ئىچكى قىسـ مىدا يۈز بېرىۋاتقان بايلىق بىلەن نامراتلىق ئوتتۇرىسىدىكى كەسكىن زىددىيەت ۋە قارىمۇ قارشىـ لىقنى پەسەيتىش ھەمدە ياخشىلىق ھەققىدىكى كۆز قاراشلىرىنى شەرھلەش ئاساسىدا بەخت - سائادەتلىك جەمئىيەت قۇرۇش غايىسىنى ئىلگىرى سۈرۈش نۇقتىـ سىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان. گەرچە ئۇ، ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرىگە خۇسۇسىي ئىگىدارچىلىق قىلىش تۈزۈمى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان ئەينى فېئوداللىق تۈزۈم شارائىـ تىدا ئەمەلگە ئېشىش مۇمكىنچىلىكى بولمىغان، بولۇپمۇ يۇقىرى تەبىقە ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئورۇنلىشىدا قىلچە

ئىشەنچ بولمىغان ئەقەللىي تەلەپ ۋە ئارزۇلار بولسىمۇ، ئەمما ئۇ، ئاپتورنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى چۈشىنىش، كىشىلەرگە ئۆز بۇرچىنى تونۇتۇش ۋە ئۇلارنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن تەربىيىلەشتە تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2) كۆيۈمچانلىق

يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن ئىنساننىڭ ماھىيىتى دەپ قارىلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىرى كۆيۈمچانلىقتۇر. كۆيۈمچانلىق ئۇقۇم جەھەتتە ياخشىلىق بىلەن ئوخشاش ماھىيەتلىك نەرسە دەپ قارىلىدىغان، ئورۇن جەھەتتە ئەدەب - ئەخلاق كاتېگورىيىسىگە مەنسۇپ بولغان، شەخسنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا، جۈملىدىن باشقىلار ئالدىدا ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ئىنسانىي بۇرچىنىڭ بىرسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدا كۆيۈمچانلىقنى مۇشۇ نۇقتىدىن ئىزاھلاپ مۇنداق دەيدۇ:

نېمە دەر، ئىشىتكىن، كۆيۈمچان كىشى، 1945
كۆيۈمچانلىق ئېرۇر كىشىلىك بېشى.

دېمەك، كۆيۈمچانلىق ئىنسانىيەتچىلىكنىڭ تۇنجى قەدىمى ياكى مۇقەددىمىسى ئىكەن. ئۇنداقتا كۆيۈمچانلىق نېمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا، ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەي، باشقىلارنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەش، باشقىلارغا

مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن قاراش، مېھىر شەپقەت يەت كۈزۈش ـ كۆيۈمچانلىقنىڭ بىرىنچى ئالامىتىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ توغرىلىق مۇنداق دەپ يازىدۇ:

3933 كۆيۈمچان ئەمەس ئول ئۆزىنى دىگەن،
كۆيۈمچان شۇكى، ئەل نەپسىن ئىزلىگەن.

3935 كىشى ياخشىسى دەر، كىمدۇر ئۇ ياخشى،
كىشى دەردىگە داۋا بولسا، شۇ ياخشى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىپتىۋاتقان نەپ (مەنپەئەت) يالغۇز ئىقتىسادىي مەنپەئەتكىلا قارىتىلغان بولماستىن، بەلكى مەنىۋى جەھەتتىن بولىدىغان تۈرلۈك خەيرىخاھلىق، ھىمداشلىق، غەمخورلۇقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مەسىلەن، ئەل (ۋەتەن، مىللەت، خەلق) چەتنىڭ تاجاۋۇزىغا ئۇچرىغاندا، باشقىلار تەرىپىدىن ھاقارەتلىنىپ ياكى كەمسىتىلىپ، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئاياغ ـ ئاستى قىلىنغاندا، ياكى بولمىسا شۇ ئەلدە ئوت ئاپىتى، سۇ ئاپىتى، يەر تەۋرەش ئاپىتى، ئاچارچىلىق، قىرغىنچىلىق ... قاتارلىق ئوخشاش ھادىسىلەر يۈز بېرىپ، ئەل (مىللەت، خەلق، ۋەتەن) ئېغىر بەختسىزلىككە يولۇققاندا، ئادى بىلەن ئەلنىڭ غېمىنى يەپ، ئەلگە جان پىدا بولۇش، ئەلنى قۇتقۇزدۇرۇش؛ باشقىلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ بىرەر قېرىندىشى، خىزمەتدىشى،

مەھەللە - ھەمسايىسى ياكى ۋەتەندىشى، قانداقلا
بولمىسۇن بىر ئىنسان بېشىغا كۈن چۈشۈپ، ئېغىر
دەرد - ئەلەمگە مۇپتىلا بولغاندا ياكى ئوڭۇشسىزلىققا
ئۇچرىغاندا كارى بولماسلىق پوزىتسىيىدە بولماستىن،
بەلكى ھېسداشلىق قىلىش، قايغۇسىغا تەسەللى بېرىش،
ئوڭۇشسىزلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ چارە - تەدبىرىنى كۆر-
سىتىش، قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەم بېرىش، ئەقىل-
مەسلىھەت كۆرسىتىش، خۇشاللانغاندا خۇشاللىقىغا
ئورتاقلىشىش، مۇۋەپپەقىيەت قازانغاندا ھەسەتخورلۇق،
ئىچ تارلىق قىلماستىن، بەلكى قوللاپ مەدەت بېرىش
قاتارلىقلار مەنىۋى جەھەتتىكى نەپ يەتكۈزۈشنىڭ،
جۈملىدىن كۆيۈمچانلىقنىڭ ئەمەلىي ئىپادىسىدۇر.

شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدا كۆيۈم-
چان كىشىلەرنى: «كىشىلەرنىڭ خىلى، خەلقىنىڭ ئۇ-
لۇغى، پەقەت ياخشى كىشىلا خەلققە كۆيۈمچان بول-
دۇ، كۆيۈمچان كىشىلا ‹ياخشى› دېگەن ئاتاققا ئېرى-
شەلەيدۇ. كۆيۈمچان كىشىلەر ئىنسانلار ئارىسىدىكى
چىن (ھەقىقىي) كىشىدۇر» دەپ ماختاپ، كۆيۈمچان-
لىقنى تەرىپلىگەندىن باشقا، كۆيۈمچانلىقنى ياخشى-
لىق بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ، ئۇنى (كۆيۈمچانلىقنى)
ياخشىلىقتىن بىر دەرىجە ئۈستۈن قويىدۇ ھەمدە كىشى-
لەرنى كۆيۈمچانلىقتىن ئىبارەت بۇ ئىنسانىي خىسلەتنى
ئۆزلەشتۈرۈۋېلىشقا چاقىرىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

6102 كىشىلەر خىلىدۇر پايدىلىق كىشى،
خەلقىنىڭ ئۇلۇغى كۆيۈملۈك كىشى.

3272 كۆيۈمچان بولۇر خەلققە ياخشى كىشى،
كۆيۈمچان بول، بولۇرسەن ياخشى كىشى.

1359 كۆيۈمچان كىشىدۇر كىشىلەر چىنى،
كۆيۈمچان سۆزىنى تۇت، زورا يىتۇر سىنى.

1946 ئاقىللار كۆيۈمچاننى كۆپ ماختىدى،
كىشىگە ئەزىزدۇر كۆيۈمچان زاتى.

1947 كۆيۈمچان ئۈچۈن بەر يۈرەكتە ئورۇن،
ئەقىل ھەم بىلىم ماڭا شۇنداق دېدى.

1358 كۆيۈمچان كىشىنىڭ ئۆگۈت① سۆزىنى تۇت،
ئۆگۈت سۆز بېرۇر ئۇ قىلىپ ساڭا قۇت②.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ مانا بۇ مىسرالار ئارقىلىق كۆيۈمچانلىقنى ئىنسانىي پەزىلەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ مەدھىيىلىشى يالغۇز ئىنسانىي پەزىلەتنى كىشىلەرگە ئاددىي يوسۇندا بىر قېتىم تەكرارلاپ ئەسلىتىپ ئۆتۈش ئۈچۈنلا قىلىنغان بولماستىن، بەلكى بايلىق، ھەنپەئەت تۇپەيلىدىن كىشىلەر خاراكتېرىگە سىڭىپ كەتكەن ياۋۇزلۇق، تاش يۈرەك-

① ئۆگۈت — ئەقىل، نەسىھەت.

② قۇت — بەخت - سائادەت، دۆلەت، مۇبارەك.

لىكنى سىقىپ چىقىرىپ، مېھىر-شەپقەت تۇيغۇسىنى
ئورنىتىش، ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئەڭ تۆۋەن باسقۇچى
دا تۇرۇۋاتقان بىچارە، يوقسۇل، نامراتلارغا بولغان
ھېسداشلىقىنى ئىپادىلەش، ئۇلارنىڭ ئارزۇسىنى بايان
قىلىش مەقسەت قىلىنغان بولۇپ، يۈسۈپ خاس ھاجىپ
نىڭ كۆيۈمچانلىق ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرى ياشلارغا
ئىنسانىي پەزىلەت تەربىيىسىنى ئۆگىتىشتە ھېلىمۇ ھەم
رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

### 3) سېخىيلىق

ياخشىلىق ۋە كۆيۈمچانلىققا ئوخشاش ئىنسان
ماھىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى چىن ئىنسانىي خىسلەت
سېخىيلىقتۇر. سېخىيلىق شۇنداق بىر چۈشەنچىكى، ئۇ
مال - دۇنيانى دوست تۇتماسلىق، ئۆز ئىلكىدە بار
بولغان بارچە نەرسىلەرنى باشقىلارغا ھەدىيە قىلىپ
بېرىش ئارقىلىق موھتاجلىقتا ياشاۋاتقانلارنىڭ ھاجى
تىنى راۋا قىلىش، ئىنسانىيەتچىلىكنى ھەممىدىن ئەلا
بىلىش، ئۆزىنى ئويلىماسلىق، باشقىلارنى قۇتۇلدۇرۇشنى
بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش... قاتارلىقلارنى مەزمۇن قىل
غاندۇر. كىشىلەر دائىم تەرىپلەيدىغان مەردلىك،
قولى ئوچۇقلۇق ھەققىدىكى چۈشەنچىلەر ئەنە شۇ سې
خىيلىقنىڭ ئالامىتىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كى
تابىدا سېخىيلىقنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ:

6103 كىشىلىك دېگەن ئات ئىككى نەرسىدۇر،
كۆيۈمچان بولۇش ھەم سېخىيلىق ئىرۇر.

6105 سېخىي دەپ ئاتارلەر، كىمدۇر ئول سېخىي؟
سېخىي جان پىدالاپ، ئۆتەر ئەر ھەققى.

6106 سېخىيلىق ئەمەستۇر تاراتماق كۈمۈش.
سېخىيلىق ـ خەلققە جان پىدا بولۇش.

مانا بۇنىڭدىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئېيتىۋاتقان سېخىيلىق چۈشەنچىسىنىڭ مەزمۇنى بىزنىڭ تونۇشىمىزدىكى سېخىيلىق چۈشەنچىسىدىن تېخىمۇ كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا يالغۇز خەير ساخاۋەت قىلىپ پۇل ـ مال تارقىتىش سېخىيلىق بولۇپ قالماستىن، بەلكى خەلق مەنپەئەتى يولىدا قىلىنغان ھەر قانداق ئىشنىڭ سېخىيلىق بولىدىغانلىقى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. سېخىيلىقنىڭ ئەكسى بولغان بېخىللىقنى راسا قامچىلاپ، ئۇنىڭ ئىنسانىي خىسلەتكە يات ئادەت ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن:

1731 كىشىنىڭ ئىچۈكى ئەلدە ماختىلۇر،
سېخىيلەر ماختىلار، بېخىل سۆكۈلۇر.

1672 بېخىللىقتىن ئۆزگە يامان نېمە بار؟
يېمەستىن يىغار مال، كېيىن مال قالار.

1673 بېخىل ئۆزرە بىلىم نە دەر بۇنى ئۇق،
ئەي بەختسىز، بىچارە، ئەي قولى يۇمۇق.

1674 يىغىش بىلدىڭ ئالتۇن، يېيىش بىلمىدىڭ،
يىغىپ ئالتۇن ئەلگە نىچۇن بەرمىدىڭ؟

4279 ئۇزاق بولسۇن دېسەڭ ئۆمرۈڭ ھامان،
سېخىي بول ھەمىشە، يېدۈر تۇز ۋە نان.

1327 قېرىنداش، تۇغقانىغا يېقىنلىقىڭ قىل،
ئۇلۇغ ۋە ئۇششاققا سۆيۈنچ بىلە كۈل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا،
سېخىيلىق — ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشنىڭ ئاساسى، بېخىل-
لىق — بەختسىزلىكنىڭ ئالامىتى. سېخىيلىق — ئىنساننى
ئىشەنچ ۋە ھىمايىگە ئېرىشتۈرىدىغان مەنىۋى كۈچ.
بېخىللىق بولسا ئىنساننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەر-
گە ئۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالدۇ-
رىدىغان رەزىل قىلمىش.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەينى چاغدىكى ئىجتىما-
ئىي رېئاللىققا ئاساسەن، قاراخانىلار جەمئىيىتىدە ياشا-
ۋاتقان ھەر بىر جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئالدىغا بۇ ئىك-
كى يولنىڭ قايسى بىرسىنى تاللىۋېلىش مەسىلىسىنى
ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ مەسىلە ھازىرقى
جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن تولىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە
بولغاچقا، سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەزاسى
بولغان ھەر بىر شەخس ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە-
ئەۋەتتە.

## 4) دۇرۇسلۇق

ئېيتىلماقچى ئاددىي بىر چۈشەنچىدەك بىلىنگىنى بىلەن ماھىيىتىدىن ئالغاندا، ئىنسان ماھىيىتىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدىغان ئەڭ قىممەتلىك پەزىلەت دۇرۇسلۇق (توغرىلىق، راستچىللىق)دۇر. دۇرۇسلۇق بولغاندىلا ئاندىن ھەقىقىي ياخشىلىق، ھەقىقىي كۆيۈمچانلىق، ھەقىقىي سېخىيلىق ئىشقا ئاشىدۇ. دۇرۇسلۇق بولمىغان ھەرقانداق ئەمەلدىكى ياخشىلىق، كۆيۈمچانلىق، سېخىيلىق غەرەز ئارىلاشقان ساختا ياخشىلىق، يالغان كۆيۈمچانلىق، غەيرىي ئەمەلدىكى سېخىيلىقتۇر. دۇرۇسلۇق — پۈتۈن ئىنسان ماھىيىتىنىڭ جارى قىلدۇرۇلۇشىدىكى ئالدىنقى شەرت بولۇپ، ئۇ ماھىيەتنىڭ باشقا ئامىللىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ ھەقتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ مۇنداق دەپ يازىدۇ:

1724 نىمە دەر ئىشتىكىن يېتىلگەن يېشى،
ھاياتتا كەم ئۇچرار ھەقىقىي كىشى.

866 كىشى قىس ئەمەستۇر، كىشىلىك قىس ئۇل،
ئەمەس ئاز بۇ ئىنسان، دۇرۇسلۇق ئاز ئۇل.

867 بۇ ھەقتە شائىرنىڭ دېگەن بىر سۆزى —
ئوخشايدۇ مەن ئېيتقان سۆزۈمگە ئۆزى:

868 مېڭىپ يۈرگەن ئىنسان بەكمۇ كۆپ ئېرۇر،
دۇرۇس، چىن، پۈتۈن ئەر ماگا خوپ ئېرۇر.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ پىكرىدىن قارىغاندا، دۇرۇسلۇق ھەممە ئىنساندا بولۇۋېرىدىغان ئاددىي ھالدىكى بىر ئىنسانىي خىسلەت بولماستىن، بەلكى ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى ھەقىقىي چۈشەنگەن ئىنتايىن ئاز ساندىكى ئاڭلىق كىشىلەردىلا بولىدىغان ناھايىتى قىممەتلىك، ئېسىل خىسلەت ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا بۇنداق خىسلەتكە ئىگە كىشىلەرنى قانچە قەدىرلەپ، ھۆرمەتلىسە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇ.

ئۇنداقتا قانداق كىشى دۇرۇسلۇق خىسلىتىگە ئىگە بولغان بولىدۇ؟ بۇنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟ بۇنىڭغا يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈنتۇغدى ئېلىگ بىلەن ئايتولدىنىڭ سۆھبەت دىئالوگى ئارقىلىق مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

860 ماڭا ئېيت، دۇرۇسلۇق نىچۈك نەرسىدۇر،
ئۇنىڭدىن كىشى كۆنى قانداق يورۇر؟

861 قايۇ نەرسىنى دەر دۇرۇسلۇق يولى،
نېمەدەك بولۇر بۇ دۇرۇسلۇق ئولى؟

862 ئېلىگ ئېيتتى: شۇدۇر دۇرۇس ئەر ئۆزى،
تىلى، كۆڭلى بىرلە بىرىكەر سۆزى.

863 تېشىدەك ئىچىمۇ، ئىچىدەك تېشى،
بۇ ياڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

864 چىقارىپ يۈرەكنى ئالقانىدا تۇتۇپ،
ئۆيتماي يۆرەلمسە ئەلنى كۆرۈپ.

865 بەختلىك ياشاشقا دۇرۇسلۇق كېرەك،
كىشىلىك ئېتىدۇر دۇرۇسلۇق دېمەك.

بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، تىلى بىلەن دىلى، ئىچى بىلەن تېشى ئوخشاش بولغان كىشىلەرلا دۇرۇسلۇق خىسلىتىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، بۇلار كىشىلىك جەمئىيەتتىكى بىردىنبىر ھەقىقىي ئادەملەر، ئۇلۇغ ئادەملەر، خۇشال - خۇرام، بەختلىك، باياشات ئادەملەردۇر. كىمدە كىم بايلىقنى، بەخت - سائادەتنى، ئۇلۇغلۇقنى ئىستىسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۆۋەندىكى پەند - نەسىھەتىگە ئۇبدان قۇلاق سېلىپ، دۇرۇسلۇقنى دوست تۇتۇشى كېرەك:

1291 كىشى كىم ھوزۇردا كۈن ئۆتسۇن دېسە،
بولۇر توغرىلىقتىن داۋا ئىستىسە.

1293 تىلەسەڭ بۈيۈك بولماق — ئەلگە ئۇلۇق،
دۇرۇس يولنى تۇتقىن ئۆزۈڭگە ئوچۇق.

1289 دۇرۇس بول، قىلىقنى پۈتۈن توغرا تۇت،
خۇشاللىق — دۇرۇسلۇقتا، سەن بۇنى پۇت.

1750 دۇرۇسلۇق ۋە پاكلىقنى سەن ئەيلە ئەش①،
كىشىلىك بىلەن قىل پۈتۈن تۈرلۈك ئىش.

### 5) ئۇيات ۋە ۋاپا

بۈيۈك مۇتەپەككۇر ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۇيات بىلەن ۋاپانى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك مۇھىم خىسلەت، ئىنسان ماھىيىتىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان زۆرۈر تەركىبىي قىسمى، دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتىمۇ ئالاھىدە توختىلىپ ئۆتىدۇ.

ئۇ، ئۇيات توغرىسىدا: «ئۇيات جاھالەت ئىشىكىنى ئېتىدىغان قۇدرەتلىك كۈچ. ئىنسان ئۇياتىنىڭ كۈچىدىن يامان ئىشتىن توسۇلۇپ، ياخشى ئىشقا ئۇلىشالايدۇ. ئۇيات بىرلە ئىنساننىڭ ئابرويى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مەرتىۋىگە ئېرىشەلەيدۇ؛ ئۇيات ئىنساننىڭ كۆزىنى نۇرلاندۇرۇپ، ئەقىل - پاراسىتىنى روشەنلەشتۈرىدىغان نۇرلۇق چىراغ. ئۇياتلىق كىشىلەر — كىشىلەرنىڭ سەرخىلى، كىشىلەر بېشى؛ ئۇياتسىزلار بولسا كىشىلەرنىڭ رەزىلى. ئۇياتسىزلارنىڭ يۈزىدە گۆش، رەڭگىدە قان بولمايدۇ، كۆزى خۇنۇك، دائىم تۆشۈكتەك ئوچۇق تۇرىدۇ؛ يالغانچىلىق — ئۇياتسىزلارنىڭ بىردىنبىر ئادىتى، شۇڭا ئۇياتسىزلاردىن قېچىش كېرەك» دېگەن پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇيات بىلەن ئۇياتسىزلىقنى ئۆزئارا سېلىشتۇرما قىلىش

① ئەش — يولداش، ھەمرا.

ئارتىلىق. ئۇياتلىق بولۇشنىڭ ئېسىل خىسلەت ئىكەن-لىكىنى گەۋدىلەندۈرسە، ۋاپا ھەققىدىمۇ ئوخشاشلا: «ۋاپا — مەردلىكنىڭ ئالامىتى. ۋاپالىق ئەر ئەڭ ئې-سىل كىلىدۇ، ئۇنىڭ ئېسىللىكى شۇ يەردىكى، ئۇ ۋاپا-غا ۋاپا قىلىشتىن ئىبارەت كىشىلىك ھەققىنى ئادا قىلىپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى جاپا قىلغۇچىغىمۇ ۋاپا قىلىدۇ. راست كىشىلەرلا ۋاپالىق كىلىدۇ. يالغان-چى كىشىلەر ۋاپاسىزلاردۇر. ۋاپاسىزلاردىن خەلققە ياخشىلىق كەلمەيدۇ، بەلكى يامانلىق كىلىدۇ. يالغان-چىلاردىن ۋاپا تەلەپ قىلىش — ھايۋاناتلاردىن پاناھ تىلىگەنگە ئوخشاش» دىگەن پىكىرلەرنى ئالغا سۈ-رۈپ، كىشىلەرنى ۋاپالىق بولۇشقا، ۋاپاسىزلاردىن ھە-زەر ئەيلەشكە چاقىرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۇ-يات ۋە ۋاپا ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرىمۇ ئۇنىڭ ئىنسان ماھىيىتى ھەققىدىكى باشقا قاراشلىرىغا ئوخشاشلا ئىن-تايىن ئەھمىيەتلىك بولۇپ، ئۇ ھېلىمۇ چوڭقۇر رىئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىنسان ماھىيىتى ھەققىدىكى يۇق-رىقى بەش ئۆلچەم ئۆزىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى دەپ ھىسابلايدىغان ھەر بىر شەخس ھازىر-لاشقا تىگىشلىك بىردىنبىر مۇھىم شەرتلەر بولۇپ، بۇ شەرتنى ھازىرلىغانلار ئەلۋەتتە ئىنسان كاتېگو-رىيىسىدىن ئورۇن ئىلىشقا تىگىشلىكتۇر.

كىشىلەرنىڭ بۇ شەرتنى ھازىرلىغان - ھازىرلا-

مەنالىقىنى نېمە بىلەن ئۆلچەيمىز؟ يۇسۇپ خاس ھاجىپ ئۆز كىتابىدا بۇ ئۆلچەمنى مۇنداق ئوتتۇرىغا قويىدۇ:

5810 كىشى ئەسلىگە ئىش ـ ھەرىكىتى گۇۋاھ،
ئىش ـ ھەرىكەت نە ئولسا، ئەسلى شۇ بولا.

دېمەك، بۇنىڭدىن مەلۇم بولىدۇكى، كىشىنىڭ ئەمەلىيىتى (ئىش ـ ھەرىكىتى، تىلى، قىلىقى) ئۇنىڭ ماھىيىتىگە باھا بېرىشنىڭ بىردىنبىر ئۆلچىمى بولۇپ، كىمدە كىم يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن بەش ماھىيەتلىك مەسىلىنىڭ دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىدىكەن، ئۇ ھەقىقىي ئىنساندۇر. كىمدە كىم بەش مەسىلىدىن چەتنەپ، ئۇنىڭغا زىت ھەرىكەتتە بولىدىكەن ياكى تىلى بىلەن دىلى ئوخشاش بولمايدىكەن، ئۇ ئەسلىدىلا ئىنسانلىق ماھىيەتنى يوقاتقان، ئەمما ئىنسان شەكلىگە كىرىۋالغاندۇر. مەسىلىنى مۇنداق قويۇش ماركسىزمنىڭ: «ئەمەلىيەت ـ ھەقىقەتنى سىنايدىغان بىردىنبىر ئۆلچەم» دېگەن پرىنسىپىغىمۇ تامامەن ئۇيغۇن كېلىدۇ.

3

يۇسۇپ خاس ھاجىپ تالانتلىق شائىر، بۈيۈك پەيلاسوپ، ئالىم بولۇپلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن بىر پسىخولوگىيە تەتقىقاتچىسىدۇر. ئۇنىڭ ھايات ھەققىدىكى بىر قاتار قاراشلىرى

قاراخانىلار جەمئىيىتىنى تەشكىل قىلغۇچى ھەرقايسى
قاتلام كىشىلىرىنىڭ پسىخىك ھالەتلىرىنى ئەتراپلىق
كۆزىتىش، روھىي دۇنياسىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىرىپ
ھېسسىيات ۋە ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تەپسىلىي ئىنكـ-
لەش، ئىنچىكىلىك بىلەن تەھلىل قىلىپ ئىلمىي يە-
كۈنلەش ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا
ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىۋى ئالاھىدىلىكلىرى خېلى تەپ-
سىلىي شەرھلەنگەن. ھاياتقا بولغان چۈشەنچىلەر
ئايدىڭلاشتۇرۇلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات
ھەققىدىكى بۇ قاراشلىرىنى ئوقۇغان ھەر بىر كىشى
ھاياتنىڭ قەدىر - قىممىتىگە نىسبەتەن بەلگىلىك چۈ-
شەنچىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، شۇنداقلا: «مەن
دۇنياغا نېمە دەپ كەلدىم، نېمە ئۈچۈن ياشايمەن،
چەكلىك ھاياتىمدا نېمە ئىشلارنى قىلىشىم كېرەك؟»
دېگەن سوئالنىمۇ ئۆز-ئۆزىگە قويالايدۇ. مانا بۇنىڭ-
دىن، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات ھەققىدىكى
بۇ قاراشلىرىنىڭ تەربىيىۋى رولىنىڭ نەقەدەر چوڭلۇ-
قىنى ئېنىق كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ھايات ھەققىدىكى قاراش-
لىرى ھېلىمۇ چوڭقۇر رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ،
ئۇ، تۇغۇلۇپ دۇنياغا كېلىپ، ھېلىغىچە ئۆزىنىڭ ئىنسا-
نىي بۇرچىنى تونۇيالمىغان، بارچە ئەسكى قىلىقلىرى-
بىلەن ئىنسانلىق ماھىيىتىنى يوقىتىپ ھايۋان نەسلى-
گە ئۆزگىرىپ كەتكەن ھەممە ئادەملەر ئۈچۈن قىممەت-
لىك بىر تۇرمۇش دەرسلىكى بولالايدۇ.

## يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پىكىرىي ھادىسىلەر توغرىسىدىكى ئىلمىي تەتقىقاتى ئۇنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى

### يار مۇھەممەت تاھىر

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىجتىمائىيەتنىڭ ھەر قايسى
قاتلاملىرىغا بۆسۈپ كىرىپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ،
ھايات قانۇنىيەتلىرىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا
يەكۈنلەپ چىقتى. «قۇتادغۇ بىلىك» — ئالىمنىڭ تەبىئەت
ۋە جەمئىيەت توغرىسىدىكى ئەنە شۇ ئاجايىپ يەكۈن-
لىرى بىلەن بىزگە بۈيۈك قامۇس بولۇپ، ئۇ، يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپ دۇنيا قارىشىنىڭ پارلاق ئەينىكى.
بىز بۇ بۈيۈك قامۇسقا ئاساسلىنىپ، ئالىمىمىزنىڭ فارا-
بى ۋە كىشىلىك قىلغان گۇمانىستىك فانتىزملىق ئىدىيىگە
ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇيغۇر پەلسەپە سىستېمىسىنى راۋاجلان-
دۇرغانلىقىنى ۋە ئۇنى بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرگەن-
لىكىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرەلەيمىز.

ئۇلۇغ پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسە-
پىۋى ئىدىيىسى ئىچىدە ئىنسانلارنىڭ پىكىرىي ئالاھىدى-

لىكلىرى ۋە ئۇنىڭ قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئەتراپلىق ئىلمىي قاراشلىرى خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى بۇنىڭدىن نەچچە مىڭ يىللار بۇرۇنلا ئادەملەردە بولىدىغان تۈرلۈك پىسخىك ھادىسىلەرگە قىزىققان ھەم كۆپلىگەن ئىزدىنىشلەردە بولۇپ، بۇ سىرلىق مۇھىتنىڭ ئىچىگە كىرىش ئۈچۈن خېلى تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتكەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدا «قەلب» سۆزى خېلى بالدۇرلا بىر قەدەر يۇقىرى ئىلمىي چۈشەنچە بولۇپ كەلگەن. ئۇلار كىشىلەر قەلبىنى ياخشىلىق، يامانلىق، قابىلىيەتلىك، قابىلىيەتسىز، ئەقىللىك، ئەقىلسىز قاتارلىق تۈرلۈك خاراكتېرلەشكەن، ئىندىۋىدۇئاللاشقان پىسخىك ھادىسىلەرگە قاراپ چۈشەندۈرمەكچى بولغان. ئۇنىڭدىن باشقا، كىشىلەر ئۇخلىغاندىن كېيىن كۆرىدىغان چۈشتىن ئىبارەت پىسخىك ھادىسە توغرىسىدا خېلىلا بۇرۇن ئىزدەنگەن ھەم بۇ سىرنى ئېچىش ئۈچۈن، بەلگىلىك ئىلمىي ئەمگەكلەرنى ئىشلىگەن.

مىلادى VIII — XI ئەسىرلەردە ئۇيغۇر يېزىقى ۋە ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىپ قالدۇرۇلغان «ئىرقى پۈتۈك» (پال كىتابى ياكى تەبىرنامە) ئەينى ئىجتىمائىي شارائىتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىشىلەردە يۈز بېرىدىغان پىسخىك ھادىسىلەردىن «چۈش» نىڭ رىئاللىق بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى قاراشلىرىنى ۋە ئۇلارنىڭ «چۈش» كە بولغان ساددا چۈشەنچىسىنى تەبىر بېرىش يولى بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن مۇھىم مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ بىرىدۇر.

شائىرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرى گەرچە بەدىئىي ئەسەر بولسىمۇ، ئۇنىڭدا ئادەملەردە يۈز بېرىدىغان ۋە دۇچ كېلىدىغان تۈرلۈك پسىخىك ھادىسىلەر بىلەن كىشىلەردىكى ئوخشاشمىغان پسىخىك پەرقلەر توغرىسىدىكى چۈشەنچىلەر بەدىئىي تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق ئىلمىي ئاساستا تەتقىق قىلىنغان ۋە يېڭى بىر ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرۈلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن بىر تالانتلىق شائىر بولسىمۇ، ئۇ «قۇتادغۇ بىلىك»تە تەجرىبىلىك بىر پسىخولوگ سۈپىتىدە مەيدانغا چىقىدۇ. ئۇ، بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىنى پسىخولوگىيە تەتقىقات ئۇسۇللىرى ئىچىدىكى كۆزىتىش ئۇسۇلى① ۋە قىسمەن تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى② ئارقىلىق ئېلىپ بارىدۇ. شۇ ئارقىلىق پەيلاسوپ بىلىش بىلەن ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى، پسىخىك

---

① كۆزىتىش ئۇسۇلى تەبىئىي شارائىت ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ. كۆزىتىلگۈچى ئۆزىنىڭ كۆزىتىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيدۇ. شۇنداق شارائىتتا، ئۇنىڭ ھەرىكىتى ۋە پائالىيەت ئەھۋاللىرى ئارقىلىق بەلگىلىك ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

② تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى كۆپ خىل بولۇپ، مۇھىمى تەجرىبىخانىدا تەجرىبە قىلىش، تەبىئىي تەجرىبە قىلىش، ئىجتىمائىي ئۈلچەم ئاساسىدا تەجرىبە قىلىش قاتارلىقلار. بۇ يەردە كۆزدە تۇتۇلۇۋاتقىنى كېيىنكى ئىككىسى، تەبىئىي تەجرىبە قىلىش بەزى ئادەتتىكى پسىخىك ھادىسىلەرنى تەتقىق قىلغىنىمۇ، ئادەمنىڭ ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ قوللىنىلىدۇ؛ ئىجتىمائىي ئۈلچەم ئاساسىدا تەجرىبە قىلىشتا، ئادەمنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ۋە ئىجتىمائىي ئەمگەككە بولغان مۇناسىۋىتى قاتارلىق تەرەپلەر تەجرىبە قىلىنىدۇ.

نىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئاساسى، چۈش بىلەن ئادەم تەبى-ئىتى ۋە رىئاللىق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئايرى-ملىق، پسىخىك جەھەتتىكى خاراكتېرلىك ۋە ئىندىۋىدۇ-ئال پەرقلەر، پسىخىك ئالاھىدىلىكنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرى-دىكى ۋە تۈرلۈك ئەقلىي، جىسمانىي ئەمگەكلەرنى ئورۇن-لاشتۇرۇشتىكى ئىلمىي رولى قاتارلىق كۆپلىگەن قىممەت-لىك مەسىلىلەر ئۈستىدە خېلى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىز تۆۋەندە كونكرېت-مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقايلى.

## ئادەم پسىخىكىسىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئورنى — مېڭە

ھايات بىر خىل جانلىق ئىجتىمائىي پائالىيەت، كىشىلەر ياشاش ئۈچۈن تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلەر-دە بولىدۇ. تەبىئەت ۋە جەمئىيەت بىلەن ئوخشاشمىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ. بۇ جەريان ناھايىتى مۇرەككەپ ھەم سىرلىق تۈس ئالغان. چۈنكى، كىشىلەر ھايات پائالىيىتى جەريانىدا، ھەر خىل ھايات ھادىسىلىرى ھەم تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆزى بىلەن كۆرىدۇ، ئاۋازلارنى ئاڭلايدۇ، بۇرۇن ئارقىلىق پۇراقلىق نەرسى-لەرنى پۇراپ سېزىدۇ، تىلىدىن ئىبارەت ئالاھىدە ئىنكاس ئارقىلىق ئالاقىلىشىدۇ. بۇ تەرەپلەر تېخى ئادەم پسىخى-كىسىدىكى ئۈزەرەك ھادىسىلەر. بۇنىڭدىن باشقا، كىشى-لەر ھەر خىل ھېسسىياتلاردا بولىدۇ، خىيال قۇشلىرى تەن-

مەلىكىدىن ئايرىلىپ، ئاجايىپ - غارايىپ جايلاردا پەرۋاز قىلىدۇ؛ تەسەۋۋۇر ئارقىلىق نەچچە مىڭ يىل بۇرۇن ۋە نەچچە ئەسىرلەر كېيىنكى ئىشلارنى پەرەز قىلىدۇ، تەپەككۇر ئارقىلىق ھەر خىل پىكىرلەردە بولىدۇ؛ يەنە كىشىلەر ئىرادە، ھېسسىيات، قىزىقىش قاتارلىق ھەر خىل پسىخىك پائالىيەتلەردە بولىدۇ. بۇلار زادى قانداق ھادىسە. كىشىلەردىكى بىلىش قانداق ئىش، مۇنداق مۇرەككەپ پسىخىك ھەرىكەت ئادەمنىڭ قايسى فىزىئولوگىيىلىك ئورنى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدۇ، مېڭە بىلەن پسىخىكىنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق؟

بۇ مۇرەككەپ سوئال ئىنسانىيەتنىڭ پەلسەپە تارىخىدا، پەلسەپىدىن پسىخولوگىيە بۆلۈنۈپ چىققاندىن كېيىن بولسا، پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئۇزاققىچە توختىماي تالاش - تارتىش قىلىنىپ كەلگەن مۇھىم مەسىلە. چۈنكى، ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيىتى دۇنيادىكى ئەڭ مۇرەككەپ ھادىسىلەرنىڭ بىرى. بۇ خىل ھادىسىنى فول بىلەن تۇتقىلى، كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا، كىشىلەر بۇ مۇرەككەپ ھادىسىلەرنى ئۆزلىرىنىڭ ساددا سۇبيېكتىپ تونۇشىغا تايىنىپلا «ئىلاھىي روھنىڭ كارامىتى» دەپ چۈشىنىپ ۋە چۈشەندۈرۈپ كېلىشتى. پەلسەپە تارىخىدا كۆپلىگەن پەيلاسوپلار ئادەمنىڭ پسىخىك پائالىيەت مەركىزى يۈرەك دەپ تونۇشتى، جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋردىكى پەيلاسوپلىرىدىن مېڭزى تەپەككۇر قىلىدىغان ئورگان «يۈرەك» دەپ قارىغان، ئۇ: «يۈرەكتىن ئىبارەت بۇ ئورگان

پىكىر قىلىدۇ، پىكىر قىلغاندىلا بىلىشكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، پىكىر قىلمىغاندا ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ»① دېگەن. قەدىمكى گرېتسىيە پەيلاسوپى ئارىستوتېلمۇ پىكىر قىلىش ۋە سېزىش ئورگىنى يۈرەك، مېڭىنىڭ خىزمىتى بولسا يۈرەكتىن چىققان قان ھەرىكىتىنى ئازراق سوۋۇتۇشتىنلا ئىبارەت دەپ ھېسابلىغان. چۈنكى ئۇ، كىشىلەر جاننى ئايلىنىپ مېڭىپ يۈرىدۇ، ئىسسىق قاننىڭ راۋان ئېقىپ پۈتۈن بەدەنگە تارىلىپ تۇرۇشى ھەرىكەتنى تەمىن ئېتىشتە ئەڭ ئېھتىياجلىق، بىرەر ئادەمنىڭ قېنى قالمىسا ئۇنىڭ ھاياتىمۇ تاماملىنىدۇ، دەپ چۈشىنەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، مېڭىنىڭ ئەمەلىي رولى توغرىسىدا ئىدېئالىزمچىلار بىلەن ماتېرىيالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدىمۇ ئۇزاق مۇددەتلىك تالاش-تارتىشلار يۈز بېرىپ تۇردى. دۇنيا پەلسەپە تارىخىنىڭ لېنىن دەۋرىدىمۇ بۇ جەھەتتە ماخىزمچىلار بىلەن ماركسىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا ئادەمنىڭ تەپەككۇرى روھنىڭ مەھسۇلى، دېگەن ئىدېئالىستىك دۇنيا قاراش بىلەن «تەپەككۇر ۋە ئاڭ ئادەم مېڭىسىنىڭ مەھسۇلى»② دېگەن ماتېرىيالىستىك دۇنيا قاراش ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۆرەش بولۇپ ئۆتتى. ئاۋېناريۇس③ باشچىلىقىدىكى ئىدې-

---

① «پسىخولوگىيە ئاساسلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

② لېنىن: «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»دە ئېنگېلسنىڭ «ديۈرىنگغا قارشى» دېگەن كىتابىدىن ئېلىنغان سىتاتا.

③ ئاۋېناريۇس — (1843 — 1896) ئەكسىيەتچى نېمىس پەيلاسوپى، سۇبيېكتىپ ئىدېئالىست، تەجرىبە تەنقىدچىلىكىنىڭ ئاساسچىلىرىدىن بىرى.

ئالىمىلار «بىزنىڭ مېڭىمىز تەپەككۇرنىڭ ماكانى، ئورنى، يارىتقۇچىسى ئەمەس. تەپەككۇرنىڭ قورالى ياكى ئەزاسى، ھۆددىگە ئالغۇچىسى ياكى ئۈلى ۋە ھاكازالارمۇ ئەمەس» ① دەپ قارىشىدۇ. لېنىن «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى» دېگەن كىتابىدا ئاۋېنارىئۇسنىڭ پەلسەپىسىنى ئەجەللىك يېرىگە تەگكۈزۈپ تەنقىد قىلىپ، ئۇنى جاھانگىرلىك دەۋرىدىكى ئەكسىيەتچىل ئىدىيەلەرنىڭ بىر خىل ئىپادىسى دەپ كۆرسەتتى. ئېنىقكى، مېڭە — تەپەككۇر ئورنىمۇ، ئەمەسمۇ دېگەن مۇھىم پەلسەپىۋى مەسىلە تارىختىن بۇيان نۇقتىلىق مەسىلە بولۇپ قالغان.

بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىنى ئوقۇغىنىمىزدا، پىسخىكىنىڭ فىزىئولوگىيىلە ئورنى توغرىسىدىكى پەلسەپىۋى مەسىلە ئالىمىمىزنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىمۇ خېلى ئىزدىنىشلەرنى قوزغاتقانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

XI ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئەسىرىدە ئادەمنىڭ پىسخىك پائالىيەت مەركىزى «مېڭە» ئىكەنلىكىنى خېلى ئىلمىي ئاساستا ئوتتۇرىغا قويۇپ، 1000 يىللار بۇرۇنقى ئىدىيەۋى ئېقىملار ئىچىدە خېلى ئۇزاقتىن بېرى يېشىلمەي

① لېنىن ئاۋېنارىئۇسنىڭ «ئادەمنىڭ دۇنيا ئۇقۇمى» دېگەن ئەسىرىدىن ئالغان سىتاتا. لېنىن، «ماتېرىيالىزم ۋە تەجرىبە تەنقىدچىلىكى»، ئۇيغۇرچە نەشرى 136 - بەت.

كەلگەن بۇ مۇرەككەپ تۈگۈننى يەشتى.

ئالىمنىڭ ئادەم پسىخىك پائالىيەت مەركىزى — مېڭە ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى كۆز قارىشى تاسادىپىي قويۇلۇپ قالغان ياكى شۇنداق توغرا كېلىپ قالغانلىقتىن ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ قالغان پىكىر بولماستىن، بەلكى ئۇزاق مۇددەتلىك كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش جەريانىدا يەكۈنلىگەن خۇلاسىسى بولۇپ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئۇنىڭ ئەينى جەمئىيەتتىكى ئەكسىيەتچى ۋە قالاق ئىدىيىۋى ئېقىملارغا ۋە ئۇلارنىڭ كۆزقاراشلىرىغا بەرگەن ئىلمىي جاۋابى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاپتور ئەسەردە بۇ مەسىلە ئۈستىدە ئالاھىدە سەھىپە ئاجراتقان بولۇپ، بۇ ھەقتىكى قاراشلارنى ئېلىگ بىلەن ئۆگدۈلمىش ئوتتۇرىسىدا بولغان تالاش - تارتىش ۋە سوئال - جاۋاب ئۈستىگە يۆكلەيدۇ، ئەقىل - پاراسەت سىمۋولى ئۆگدۈلمىش، ئادالەت سىمۋولى كۈنتوغدى ئېلىگنىڭ مۇنداق سوئالىغا دۇچ كېلىدۇ:

ئەقىلدىن بىلىمنى بۆلەك ئايرىدىڭ، 1833
دۇرۇس ئېيت، نېمەدۇر بۇندىن مەقسىتىڭ؟

نىچۈكتۇر ئەقىل ئۇ، ئۇرنى قايدادۇر؟ 1834
قەيەردىن چىقار ئۇ، قەيەرگە بارۇر؟

ئېلىگنىڭ بۇ ئېغىر سوئالى، شائىرنىڭ پسىخىك پائالىيەت قانداق ھادىسە ئىكەنلىكى ۋە بۇ ھادىسىنىڭ كىشىنىڭ قايسى ئورگىنى ئارقىلىق يۈرگۈزۈلىدىغانلىقى

توغرىسىدا كۆپ ئىزدىنىشلەردە بولغانلىقىنى، شۇنداقلا ئۆز ئالدىغا «نېمە ئۈچۈن؟» دېگەن قوزغاتقۇچى سوئالنى قويۇپ تۇرۇپ، كىشىلەردىكى پىسخىك ھادىسىدىن ئىبارەت مۇرەككەپ تۈگۈننى يېشىش ئۈچۈن خېلى كۆپ تەتقىقاتلارنى ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالىمنىڭ پىسخىك پائالىيەت مەركىزى توغرىسىدىكى بۇ سوئالغا بەرگەن تۆۋەندىكى جاۋابى ئۇنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەتقىقاتىنىڭ ئىلمىي يەكۈنى ئىكەنلىكىدە ھېچقانداق شەك يوق.

1835 جاۋاب بەردى ئۆگدۈلمىش، دېدى: ئەقىل –
كىشىگە ئەزىز ھەم قەدىرلىكتۇر، بىل①.

1836 ئەقىل ئورنى ئۈستۈن مېڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن ئورنى باشتا بولۇر.

يۇقىرىقى بېيىتلاردىن روشەن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئالىم مېڭىنى ئالاھىدە قىزىقىش ۋە سۆيۈنۈش بىلەن مەدھىيەلەيدۇ، مېڭىنى يۇقىرى سۈپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدۇ. چۈنكى، ئالىم بارلىق پىسخىك پائالىيەتلەرنىڭ مېڭىدىن ئىبارەت ئالاھىدە پىسخىك ئورگان ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىنى، شۇڭا مېڭە دۇنيادىكى بارلىق مۆجىزاتلارنىڭ تەبىئەت ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئاساسى بولۇپ قالىدىغانلىقىنى يېتەرلىك چۈشە-

① بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش زۆرۈركى، شائىرنىڭ ئەقىل سۆزى دەل پىسخىكىنى كۆرسىتىدۇ.

نىپ يەتكەن، ئۇلۇغ ئۇستاز ئىنكباسىمۇ مېڭىنى «يەر-
شارىدىكى ئەڭ چىرايلىق گۈل» دەپ مەدھىيىلىگەن.
ئىدى. ۋاقىت ئېتىبارىدىن قارىغاندا، ئارىلىقتا توققۇز
ئەسىرلىك ئۇزاق مۇساپە بولغان بۇ ئىككى ئىلمىي
سۇپەتلەشلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى،
بايقىۋېلىش ئانچە تەس ئەمەس، ئەلۋەتتە.

پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ مېڭىنىڭ ئىنسا-
نىيەتكە تەقدىم قىلغان ئۇلۇغ توھپىلىرىنى نەزەرگە
ئېلىپ مۇنداق يازىدۇ:

1840 كىشى تۈن كەبى بىر قاراڭغۇ ئۆيدۇر،
ئەقىل بىر چىراغدەك ئۇنى يورۇتۇر.

1841 ئەقىلدىن كېلۇر، كۆر، پۈتۈن ئەزگۈلۈك.
بىلىمدىن چوڭلار ئەر، بولۇر بەلگىلىك.

ئۇيغۇر خەلقىدە: «ئەقىل كۆرمىسە، كۆز دېگەن
كاما نېمە» دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. دېگەندەك،
ئادەمنىڭ پۈتكۈل ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرى مېڭىنىڭ
باشقۇرۇشىدا بولىدۇ. ئالىمىمىز ئېيتقاندەك، دۇنيادىكى
بارلىق ياخشىلىق، يامانلىق، جاھالەت ياكى ئادالەت،
قاباھەت ياكى پاساھەت، سائادەت ياكى زالالەت دېگەن-
لەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېڭە پائالىيىتى بىلەن بار-
لىققا كېلىدۇ، شۇڭا يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەقىلنىڭ:

1861 ئەقىل بىر چىراغدۇر، كۆزى يوققا كۆز.
ئۆلۈك تەنگە جان ئول، گاچا تىلغا سۆز.

بولىدىغانلىقى تىزچىن، ئۇنى بىلىم ئارقىلىقلا
نۇرلاندۇرغىلى ۋە كامالەت چوققىسىغا ئېلىپ چىققىلى
بولىدىغانلىقىنى ئىشەنچ بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۇنى
تۈزلۈك ئەمەلىي پاكىتلار ئارقىلىق ئىسپاتلاپ بەرگەن.
شائىر مېڭىنى ئۆلۈك، قېتىپ قالغان نەرسە دەپ
قارىمايدۇ، ئەكسىچە ئۇنى پائالىيەتچان، ئاكتىپ قورال
سۈپىتىدە تەرىپلەيدۇ.

## ئادەم پىسخىكىسىنىڭ تەرەققىيات
## ئاچقۇچى — بىلىش

ماركس ئېيتقاندەك، ئادەم — ئىجتىمائىي مۇناسى-
ۋەتلەرنىڭ يىغىندىسى. ئۇ، ھايات پائالىيىتى جەريانىدا
ھەر خىل ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە بولىدۇ، ئىجتىمائىي
ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىگە بولغان تونۇش — بىلىش
دېگەن شۇ. بىلىش توغرا بولسۇن ياكى خاتا بول-
سۇن، ئىجابىي بولسۇن ياكى سەلبىي بولسۇن، بەرىبىر بۇ
ھالقا كىشىلەرنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكى، ئىجتىمائىي
شارائىت ۋە مۇھىت قاتارلىق تەرەپلەرگە بىۋاسىتە مۇنا-
سىۋەتلىك بولىدۇ. بۇ تەرەپ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ
ئادەم پىسخىكىسىنىڭ تەرەققىياتى توغرىسىدىكى بىر
قاتار كۆزقاراشلىرىدا خېلى ياخشى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.
ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەم-
نىڭ ياخشى - يامان بولۇشى، قابىلىيەتلىك - قابىلىيەت-

سىز بولۇشى، بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشىدىكى ماھىيەتلىك ئىجتىمائىي سەۋەبلەرگە ۋە تۇغما سەۋەبلەرگىمۇ كۆڭۈل بۆلگەن ۋە چوڭقۇر باش قاتۇرۇپ ئىزدەنگەن. ئۇ، كىشىلەردىكى ياخشى ياكى يامان خاراكتېرلەر تۇغما شۇنداق بولامدۇ؟ دېگەندىن ئىبارەت پىسخولوگىيىدە ھەل قىلىشقا تېگىشلىك بولغان، سەل قاراشقا بولمايدىغان بۇ مۇھىم مەسىلىگە ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى ھۆكۈمران ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيە چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتكەن ھالدا مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:

873 بېرىدۇر ئانادىن ياخشى تۇغۇلۇپ،
يۈرەر ئۇ دۇرۇس ۋە ياخشى بولۇپ.

874 بىرى دورىماق بىرلە ياخشى بولۇر،
يامانغا قوشۇلسا، يامانلىق قىلۇر.

877 يەنە بىرسى دوراپ يامانلىق قىلۇر،
ئەشى ياخشى بولسا، ئۇ ياخشى بولۇر.

881 يامانى: قوشۇلسا ياخشىغا بىراق،
يېتەر ياخشىلىققا تاپار ئۇ چىراق.

ئالىم بۇ يەردە ئىجتىمائىي سەۋەبلەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ ھەمدە كىشىلەردىكى مەنىۋى دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرگە، ئۇنىڭ ياشىغان

ۋېنال شارائىتتىغا مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى دادىللىق بىلەن ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

بىز شائىرنىڭ بۇ پىكرىنى تېخىمۇ مۇتەممەللىقىغا ئىگە قىلىش ئۈچۈن، شائىرنىڭ پەرزەنتلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ۋە پەرزەنتلەرگە بولغان ئىجتىمائىي تەربىيە-نىڭ مۇھىم ئاچقۇچلۇق رولى توغرىسىدىكى دانا پىكرى-گە مۇراجىئەت قىلايلى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ پەرزەنتلەرنى كىچىكىدىن باشلاپ تەربىيىلەشنى نۇقتىلىق تەكىتلەيدۇ. ئۇ، پەر-زەنتلەرنىڭ مەنىۋى جەھەتتىكى ساغلاملىقى، خۇي - پېئىل جەھەتتىكى خۇسۇسىيەتلەرنىڭ ماھىيەتلىك ئۆز-گىرىشى، ئۇنىڭ بىلىملىك ياكى بىلىمسىز بولۇشى، تالانتلىق ياكى دۆت بولۇشى قاتارلىق زىددىيەتلىك مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنى ئاتا - ئانىلار تەربىيىسىدىن ئىبارەت مۇھىم ئاچقۇچلۇق مەسىلىگە تاقايدۇ.

1218 ئاتا ئەمگىكى سىڭسە ئوغلىغا كۆپ،
بولۇر بۇ ئوغۇلنىڭ خۇيى - پەيلى خوپ.

1220 ئەگەر چىڭ تۇتۇلماس ئىكەن ئۇ ئوغۇل،
بولۇر زايە، ئاندىن سەن ئۈزگىن كۆڭۈل.

1225 ئوغۇل - قىز خۇيى - پەيلى بولسا يامان،
يامان قىلغان ئاتا بۇلارنى ھامان.

5768 ئانا ئالسا يۇشۇرۇنچە ئوغرى سۇ،
ئوغۇل تىزغىسا ئەلگە بىرلار ئاپەت ئۇ.

دېمەك، شائىر پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى، ئىللىق، پەزىلەتلىك بولۇشى ياكى يامان خۇيلۇق، پەزىلەتسىز بولۇشى تەربىيىگە باغلىق دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا، پەرزەنتلەرنىڭ ياخشى - يامان، كېرەكلىك - كېرەكسىز بولۇشىدا ئىجتىمائىي تەربىيىنىڭ مۇھىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئاتا - ئانىلارنى قاتتىق ئاگاھلاندۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەينى ئىجتىمائىي شارائىتتىكى تەقدىرچىلىكتىن ئىبارەت ئۆلۈك، ئىدېئالىستىك قاراشلارغا ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن ئىلمىي يوسۇندا رەددىيە بېرىدۇ.

ئاپتورنىڭ بۇ تېمىدىكى پىكرى ئۇنىڭ تالانت توغرىسىدىكى قىممەتلىك پىكرى ئارقىلىق تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ، شائىر تالانت توغرىسىدىكى مۇرەككەپ پىسخىك ھادىسىگە قاتتىق دىققەت قىلغان ۋە كاللا قاتۇرغان.

يولداش ماۋزېدۇڭ «ئەمەلىيەت توغرىسىدا» دېگەن ئەسىرىدە: «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى قەيەردىن كېلىدۇ، ئاسماندىن چۈشەمدۇ؟ ياق، ئادەمنىڭ مېڭىسىدە ئەزەلدىن بارمۇ؟ ياق.»① دەپ كېلىپ: «ئادەمنىڭ توغرا ئىدىيىسى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ» دېگەن

① ماۋزېدۇڭ: «ئەمەلىيەت توغرىسىدا»دىن.

خۇلاسىنى چىقىرىدۇ، زادى كىشىلەر ئەسلى تۇغۇلۇشتىنلا بىلىملىك ۋە تالانتلىق بولۇپ تۇغۇلامدۇ ياكى ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت جەريانىدا تىرىشىپ ئۆگىنىش بىلەن تالانتنى قولغا كەلتۈرەلەمدۇ؟ دېگەن بۇ سوئالغا ئىنسانلار پەقەت XIX ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XX ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېنىق جاۋابقا ئىگە بولغان بولسا، ئالىمىمىز مۇندىن 1000 يىللار بۇرۇنلا ئۆز جاۋابىنى تەييارلاپ بولغان ئىدى.

1678 بىلىملىك تۇغۇلۇرمۇ ئادىن كىشى،
ۋە يا ئۆگىنەمدۇ يېتىلسە يېشى؟

1680 بىلىمسىز تۇغۇلار، يۈرۈپ ئۆگىنۇر،
بىلىم بىلسە ئىشلار ئۆتۈقلۇق بولۇر.

1681 ئادىن تۇغۇلغان بىلىمسىز تۇغار،
بىلىمنى ئۆگىنىپ، ئۇ تۆركە چىقار.

شائىر يۇقىرىقى مىسرالاردا تالانت بىلەن تىرىشچانلىقنىڭ، ئەمەلىيەت بىلەن ئىجتىمائىي بىلىمنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا، ھايات قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن ھالدا يەكۈنلىگەن.

گېرمانىيىلىك مەشھۇر بىئولوگ، دارۋىنىزمچى،

تەبىئىي پەن ماتېرىيالىزمىنىڭ ۋەكىلى ھېككېل①،
«مېنىڭ پىكرىمچە، بارلىق ئورگانلاردا تەبىئىي ئىقتىدار
بولىدۇ.» نەسلگە تارتىلىش جەريانىدا «تۇغما تەبىئىي
«ەۋىشتە كېيىنكى ئەۋلادلارغا مىراس بولۇپ قالدۇرۇلىدۇ»②
دەپ كۆرسەتكەن ئىدى. ماركسىزم تۇغما تالانتنى
مۇ ئېتىراپ قىلىدۇ، بىراق، ھېككېل رەددىيە
بېرىپ تىلغا ئالغان كىشىلەر دۇنيانىڭ يارىتىلىش تارىخى
توغرىسىدا ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەرگە ئاساسەن، ھەر
بىر خىل ھايۋان يارىتىلغان چاغدىلا ياراتقۇچى تەرىپى-
دىن ئۇنىڭغا بىر تۇرلۇك مۇئەييەن ئاڭسىز جان پەزى-
لىتى ئاتا قىلىنىدۇ، ھەر بىر تۇرنىڭ مۇنداق «تەبىئىي
ئىقتىدارى»مۇ ئۇنىڭ تەن تۈزۈلۈشىگە ئوخشاش ئۆز-
گەرمەس بولىدۇ دېگەندەك، ھەممىنى تەبىئىي ئىقتىدار-
غا باغلاپ قويۇش خاھىشىغىمۇ قارشى تۇرىدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە بىر قىسىم جايلاردا
ئىقتىدار تۇغما بولىدۇ، دېگەن تەرەپكە مايىل بولسىمۇ،
ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان «كىچىكىدىن تارتىپ تەربىيىلەش»،
«ئۆگىنىپ كامالەتكە يېتىشىدۇ»، «ئانىدىن تۇغۇلۇشى
بىلەن بىلىملىك تۇغۇلمايدۇ» دېگەندىن ئىبارەت بىر
پۈتۈن سىستېمىنى تەشكىل قىلغان كۆزقاراشلار ئۇنىڭ
كىشىلەرنىڭ پىسخىك تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي

① ھېككېل — (1843 — 1919) گېرمانىيىلىك مەشھۇر بىئولوگ، دارۋىنىزمچى، تەبىئىي پەن ماتېرىيالىزمىنىڭ ۋەكىلى.

② ھېككېل، «ئالەمنىڭ سىرى»دىن.

بىلىم بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى دۇنيا قارىشىنىڭ ئەينىكى ئەمەسمۇ؟

ئالىمنىڭ بىلىش بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت توغرىسىدىكى پىكىرلىرى دۇنيا پەلسەپە تارىخىدىكى، جۈملىدىن پسىخولوگىيە پەنى تارىخىدىكى ھەر خىل كۆزقاراشتىكى ئېقىملارنىڭ، يەنى ئىككى مەنبەچىلىك كۆزقارىشىدىكى كىشىلەرنىڭ ئاتالمىش مەدىرىس پەلسەپىسى بولغان ساپ ئىككى مەنبەچىلىكتىن ئىبارەت قارىغۇلارچە قاراشلارغا سېلىشتۇرغاندا يۈكسەك ئىلغارلىقى بىلەن بىزنى قايىل قىلمامدۇ؟

شائىر دۇنيا قارىشىدىكى بۇ ئىلغارلىق تارىخىي تەرەققىياتنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى پىسخىك ھادىسىلەر بويىچە ئېلىپ بېرىلغان ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ قانچىلىك يۇقىرى دەرىجىگە يەتكەنلىكىدىن قەتئىينەزەر يەنىلا ئۆزىنىڭ رېئال ئىلمىي قىممىتى بىلەن بىزنىڭ پايدىلىنىشىمىزغا ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىش بىلەن ئەمەلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا پىكىر بايان قىلغاندا، ئۇ ئەينى شارائىتنىڭ سىنىپىي چەكلىمە ئىسكەنجىسى دائىرىسىدە قايمۇقۇپ قالمايدۇ (ئۇنىڭ بۇ جەھەتتە قىسمەن چەكلىمىلىككە ئۇچرىغان بەزى تەرەپلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىمىز، ئەلۋەتتە). ئۇ، تۆۋەن تەبىقىدىكىلەر بىلەن يۇقىرى تەبىقىدىكىلەرنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىدە تۇغمىلىق مەۋجۇت ئەمەس، دەپ قارايدۇ ۋە بۇ ھەقتىكى تەقدىرچىلىك كۆزقارىشىغا مۇنداق رەت-

دىيە بىرىدۇ:

152 بىلىمنى بۈيۈك بىل، ئۇقۇشنى ئۇلۇق،
بۇ ئىككى يۈكسەلتۈر قۇلنىمۇ تولۇق.

154 ئەقىل قايدا بولسا، ئۇلۇغلۇق بولۇر،
بىلىم كىمدە بولسا، بۈيۈكلۈك تاپۇر.

«بىلىم قۇلنىمۇ تولۇق يۈكسەلدۈرىدۇ» دېگەن پىكىر ھەقىقەتەن تولۇق ۋە دانا پىكىر ئەمەسمۇ؟ خورلاپاتلىق ۋە ئىدېئالىستىك پىكىر ئېقىمى ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان XI ئەسىر فېئودال پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ قاراڭغۇ ئاسمىنىدا ياڭرىغان بۇ سادا نېمە دېگەن قۇدرەتلىك - ھە؟! ناھايىتى روشەنكى، بىزنىڭ پەيلاسوپىمىز «ئەقىل بىلەن بىلىم كىمدە بولسا ئۇلۇغلۇق ۋە بۈيۈكلۈك تاپىدۇ». ئادەم قۇل بولسۇن، پادىشاھ بولسۇن، ئۇ مىللەت ياكى بۇ مىللەت بولسۇن، قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقى، بۈيۈكلۈكى بىلىم بىلەن بولىدۇ، قارا قۇلمۇ ئۆگىنىپ بىلىم ئېلىش ئارقىلىق بۈيۈكلۈككە ئېرىشەلەيدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ دانا پىكىرلەر ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ «قۇلنىڭ قۇل بولۇشى، بايلارنىڭ ھۆكۈمران بولۇشى، نامراتلارنىڭ جاپا تارتىشى، مۇشتۇمزورلارنىڭ باشقىلارنى بوزەك قىلىشى ئۇلارنىڭ تەقدىرىگە شۇنداق پۈتۈلگەن، ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس» دېگەنگە ئوخشاش

جاھالەتلىك، تەقدىرچىلىك روھىنى تورلىرىغا ئوروۋالغان قىلىچتۇر.

ئاپتور، كىشىلەرنىڭ پسىخىك تەرەققىياتى ئالاھىدە تەرەپ بولۇپ، ئۇ كىشىلەرنىڭ ھايات پائالىيىتى جەريانىدىكى شەرت - شارائىت، مۇھىت ھەم تىرىشچانلىققا باغلىق ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن بىرلىكتە، كىشىلەر پسىخىكىسىنىڭ تەرەققىيات كامالىتى تەدرىجىي شەكىللىنىدۇ، ئۇ كۆپلىگەن ئەمەلىي تەجرىبە ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ، يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ:

3460 نېمە دەر ئىشتىكىن، بۇ ئەل - كەنت بېگى،
جاھان تۇتۇپ كەلگەن يېتىلمىش ئۆگى.

3323 نېمە دەر كۆپ ئىشنى كۆرگەن بىر ئەرەن،
ئەي كۆڭلى كەڭ، ئۇنىڭ مەنەسىن چۈشەن.

شائىر ئەسەردە ھەر قانداق بىر ئۇلۇغ ھېكمەتنى ياكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئىبرەتلىك قانۇنىيىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا، ھەر قايسى ساھەلەردىن بولغان تەجرىبىلىك، بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتكەن، ھاياتنى ئۆگىنىپ بىلگەن كىشىلەرنى گۇۋاھلىققا تارتىدۇ. ئالىمنىڭ كىشىلەردىكى ئوقۇم، چۈشەنچە، ئىدراك، چىۋەرلىك، پاراسەت قاتارلىق پسىخىك ئالاھىدىلىكلەرنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە ۋە كۆپلىگەن ئىجتىمائىي بىلىم ئار-

قىلىقلا شەكىللىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرمەكچى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.

روھنى تەتقىق قىلىشنىڭ ھەممە ئۇسۇللىرى ئىچىدە روھنىڭ تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش تارىخىغا نەزەر سېلىش بۈگۈنكىچە بىر ئاز سەل قارىلىپ كەلگەن بىر ئىش. ۋەھالەنكى، بۇ دەل ئاز ئۇچرايدىغان، چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان يول بولۇپ، ئۇ، بىزنى پسىخولوگىيىنىڭ خۇراپاتلار، ئەقىدىلەر ۋە ئازغۇنلۇقلار بىلەن تولغان قاراڭغۇ ئىپتىدائىي جاڭگالدىن ئەڭ چاپسان، ئەڭ ئىشەنچلىك تۈردە باشلاپ چىقىپ، بىزگە كۆپلىگەن مۇھىم روھىي مەسىلىلەرنى ئېنىق يوسۇندا تونۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ.

كىشىلەر مىڭلاپ يىللار مابەينىدە، ئىنسانلارنىڭ روھىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم بابى ئۈستىدە نۇرغۇن ئىزدىنىشلەرنى ئېلىپ باردى، چۈنكى، ئەقىلگە مۇۋاپىق مائارىپشۇناسلىقنىڭ بالدۇرلا مۇنداق ۋەزىپىنى، يەنى بالىلار پسىخىكىسىنىڭ باسقۇچلۇق تەرەققىياتى ۋە تەربىيە ئېلىش قابىلىيىتىنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن ئېنىق بىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ھەم ئوقۇغۇچىلارنى ئەمەلىيەت جەھەتتىن ماسلاشتۇرۇپ تەربىيە بېرىشى زۆرۈر بولغان ئىدى. لېكىن، ئەينى تارىخىي شارائىتتىكى مائارىپشۇناسلىق ۋەكىللىرىنىڭ كۆپىنچىسى بىر تەرەپلىمە غايىبچىلار ۋە ئىككى مەنبەچىلىك ئاساسىدىكى پەيلاسوپلار بولغاچقا، ئۇلار ئۆز ۋەزىپىلىرىگە ھەدىكەندىلا ئىدېئالىستىك پسىخىكىنىڭ ئەنئەنىۋى

خوراپاتلىرى بىلەن كىرىشكەن.

ئالىمىمىزنىڭ پسىخىكىسى كىچىكىدىن باشلاپلا مۇشۇنداق بىر يۈرۈش ئەقىدىچىلىك پەلسەپىسى بىلەن يۇغۇرۇلغان بولسىمۇ، ماددىي دۇنيا ۋە بىلىشنىڭ باسقۇچلۇقلۇقى ئۇنىڭغا يېڭى ۋە ئىلغار چۈشەنچىلەرنى ئاتا قىلغان. شۇنى ئوتتۇرىغا قويۇش زۆرۈركى، يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئالىمنىڭ ئۆسۈپ چىققان، تەربىيىلەنگەن ئىجتىمائىي مۇھىتى دىنىي مۇھىت، ئۇنىڭ ئىلىم ئالغان مەدرىسلىرىمۇ ئىسلام مەدرىسلىرى، جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرى — فېئوداللىق ئىجتىمائىي تۈزۈم. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بۈيۈك، ئىلغار كۆزقاراشلىرىغا قىسمەن شاكاللارمۇ ئارىلاشقان. مۇنداق تەرەپلەرنى ماركسىزمنىڭ قەدىمكى مىراسلارغا قانداق ۋارىسلىق قىلىش توغرىسىدىكى تارىخىي ماتېرىيالىزمى بىلەن ھەل قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

## دۆلەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇشتا خادىملارنىڭ پسىخىك ئالاھىدىلىكىگە دىققەت قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدىكى تۇنجى ۋە يېگانە تەلىمات

ئىنسانىيەت تەرەققىي قىلىپ بۈگۈنكىچە بولغان ئۇزاق تارىخىي جەريانلار مابەينىدە يارىتىلغان بارلىق بىلىملەر ياكى ھەر قانداق پەن بىۋاسىتە ۋە ۋاسىتىلىك ھالدا ئۇستقۇرۇلما بىلەن ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئىپ-

تىياجى ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. چۈنكى،
ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ مۇستەھكەم بولۇشى، ئىقتىسا-
دىي بازىسىنىڭ تەرەققىياتى — شۇ دۆلەتتىكى ئىجتىما-
ئىي ۋە تەبىئىي پەنلەرنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە تەرەققىي
قىلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بىراق، ھەر قانداق
بىر پەننى ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ زۆرۈر ئېھتىياجى ئۈچۈن
بىۋاستە باغلاش ۋە ئۇنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىل-
دۇرۇش ھايات قانۇنىيەتلىرى ئىچىدە جىددىي ھەل قىلىنىش-
قا تېگىشلىك مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە. بۇ، دۇنيا تەرەققىي
قىلىپ كاپىتالىزم دەۋرىگە قەدەم قويغانغا قەدەر دې-
گەندەك ھەل بولماي كەلگەن ئىدى. بولۇپمۇ پەننىڭ
ئالاھىدىلىكىنى بىۋاستە دۆلەت ئۈستىقۇرۇلمىسىغا
باغلاش، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياشىغان XI ئەسىردىن
بۇرۇن دېگەندەك ئېتىبارغا ئېلىنىپ كەتمىگەن ئىدى.
فېئودال قانداشلىق ۋە ئەقىدىچىلىك تازا ئەۋجىگە
چىققان ئەينى تارىخىي شارائىتتا كۆپلىگەن ئالىملار پەننىڭ
ئالاھىدىلىك مەسىلىسىنى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەر-
تىۋىگە، تەبىقىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ تەقدىرگە باغلاش
بىلەن نەتىجىلەندى. شۇنىڭ بىلەن دۆلەت ئاپپاراتلىرى-
دىكى ھوقۇق دائىرىسى نەسىل قوغلىشىش، مەرتىۋە ۋە
تەبىقە قوغلىشىش ئارقىلىقلا يۈرگۈزۈلۈپ، نەچچە
مىڭ يىللار داۋاملاشتى. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىقتىدارسىز
ئادەملەرمۇ دۆلەتكە خوجايىن بولۇۋالغاچقا، خەلق،
دۆلەت، ئادالەت، ھەققانىيەت دېگەن ئۇلۇغ ئىستەكلەر
بىر چەتكە قايرىلىپ قالاتتى. شۇڭا، خەلق ئۇزاق

مەزگىل ئاشۇنداق ئىقتىدارسىز كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ دەردىنى تارتىش بىلەن دەھشەتلىك زۇلۇم ئاستىدا يەنجىلىپ كەلدى.

ئۇلۇغ ئالىم، يۈكسەك پاراسەت ئىگىسى، ئىقتىدارلىق پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ئالاھىدە ئىجتىمائىي مەسىلىگە يۇقىرى ئېتىبار بىلەن قارىدى ۋە كۆپلىگەن ئىنچىكە تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە ئاجايىپ ئۇلۇغ تەلىماتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ، كىشىلەردىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكتىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش، دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا پسىخىك ئالاھىدىلىككە قاراپ ئادەم تاللاش توغرىسىدىكى ئۇلۇغ ئىلمىي پىكرى ئارقىلىق ئەينى دەۋر ئېتىبارى بىلەن دۇنيا پسىخولوگىيە تارىخىدا يېڭى بىر سەھىپە ئاچتى.

مەلۇمكى، قاراخانىلار سۇلالىسى (870 — 1213) ئۆز چېگرىسىنى غەربكە سۈرۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىر قىسمى مەۋارەئۇننەھر (ئامۇ ۋە سىر دەريا ئەتراپى) غىچە يېتىپ كېلىپ، ئۇ چاغلاردا ئۇزاقتىن بېرى ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەن سامانىلار سۇلالىسىغا ئۇزۇل-كېسىل خاتىمە بەردى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئۇلارنىڭ تەسىر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسى بولغان سودىگەرلەر غەرب ۋە شەرقنىڭ سودا ئالاقىسىنى ئاساسەن ئۆز قولىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تەرەققىي قىلغان مەدەنىيەتلىك مۇسۇلمان دۆلەتلىرى بىلەنلا ئەمەس، بەلكى جۇڭگو، ھىندىستان، تىبەت ھەمدە ياۋروپادىكى بەزى دۆلەتلەر بىلەنمۇ ئىقتىسادىي،

سودا، مەدەنىي ئالاقىلەرنى كۈچەيتتى. ئۇلارنىڭ بۇ ئالاقىلىرى قاراخانىلار ئىجتىمائىي جەمئىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي بازىسىنى تەشكىل قىلغۇچى ھۈنەرۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ساھەلىرىگىمۇ تەسىر قىلىپ، جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى ئالغا سۈرگۈچى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ زور بىر قەدەم بىلەن يۈكسىلىشىنى تېزلەتكۈچى رولىنى ئوينىدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ، ئىككى خىل مەدەنىيەتمۇ راسا گۈللەنمەكتە ئىدى. مۇنداق غايەت زور ئۆزگىرىشكە ئۈستىقۇرۇلمىنىڭ ئاساسىي بىر قىسمى بولغان قاراخانىلار دۆلەت تۈزۈمى يېتىشەلمەي قالدى. ئۇ، ئەمدىلىكتە قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان كىشەنگە ئايلانغان ئىدى.

قاراخانىلار جەمئىيىتىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىدە، سودا كاپىتالىنىڭ تەرەققىياتى فېئودال يەر ئىگىلىرىنىڭ ناتۇرالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىكىنىڭ بۇزۇلۇشىنى تېزلىتىپ، دېھقانلار بىلەن چارۋىچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى. قاراخانىلار ھۆكۈمرانلىرى ئۆز دۆلەت تۈزۈمىنىڭ ئاساسلىرىنى تۈزۈشتە ئىسلام ئىدېئولوگىيىسىنىڭ ئاساسلىرىغا تايىناتتى. دۆلەت تۈزۈمىدە سىياسىي بىلەن دىن بىرلىشىپ كەتكەن ئىدى. بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ يۇقىرى تەبىقىلىرىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، ئۇلارنى قوغداپ، تۆۋەن تەبىقىلەرنىڭ ھاياتىغا بالا - قازا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا بىلىمسىز، ئىقتىدارسىز، ئاچكۆز، پىخسىق، يالغان-

چى. ھەسەتخور، تاپان سۆيەر مەككارلار ئورۇن تۇتۇۋېلىپ، دۆلەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ كەلگەن ئىدى. بۇ خىل ئىجتىمائىي رېئاللىق يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ دۇنيا قارىشىدا قانۇنلۇق ھەقىقىي، دېموكراتىيە ۋە مۇۋاپىق ئىش تەقسىماتى بولغان ھەقىقىي بىلىملىك، قابىلىيەت ئىگىلىرى دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ئىش ئېلىپ بېرىپ، خەلقنى بەختىيار قىلىدىغان «ئىدىيال دۆلەت» قۇرۇشتەك گۈزەل ئىستەكنى قوزغاتتى. ستالىن: «يېڭى ئىجتىمائىي ئىدىيەلەر ۋە نەزەرىيەلەر جەمئىيەت ماددىي ھاياتىنىڭ راۋاجلىنىشى جەمئىيەت ئالدىغا يېڭى ۋەزىپىلەرنى قويغاندىن كېيىنلا پەيدا بولىدۇ، لېكىن ئۇلار پەيدا بولغاندىن كېيىن، جەمئىيەت ماددىي ھاياتى راۋاجلىنىشىنىڭ قويغان يېڭى ۋەزىپىلىرىنى ھەل قىلىشنى ئوڭايلاشتۇرىدىغان، جەمئىيەتنىڭ ئالغا قاراپ راۋاجلىنىشىنى ئوڭايلاشتۇرىدىغان ناھايىتى جىددىي كۈچكە ئايلىنىدۇ.» دېگەن ئىدى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئالدىدا تۇرغان بۇ يۈكسەك ۋەزىپە ئۇنىڭ دۇنيا قارىشىدا دۆلەتتە زور بىر قېتىملىق ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنىڭ ئېھتىياجى تۇغۇلغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئالىمنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىكى كىشىلەرنى بېكىتىشتە، شۇ كىشىنىڭ پىسخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىگە قاراپ ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قىممەتلىك پىكرى، ئۇنىڭ «ئىدىيال دۆلەت» قۇرۇلمىسى ۋە ئىسلاھات توغرىسىدىكى تەدبىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئالىم بۇ تېمىدا بەگدىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە بولغان پۈتكۈل قاتلاملارنىڭ پىشىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ۋە ئۇنىڭ ھاكىمىيەتكە بولىدىغان تەسىرىنى مۇكەممەل يەكۈنلەپ چىققان.

ئاپتور ئاۋۋال خەلق بېگىنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا توختىلىپ، خەلق بېگى بولغان كىشى ئەقىللىك، بىلىملىك، كۆڭلى - تىلى تۈز، خەلق سۆيەر بولۇشى كېرەكلىكىنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدى.

ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

خەلق بېگى تولىمۇ خىل بولماق كېرەك، 1963
كۆڭۈل - تىل تۈز، خۇلقى ئۈز بولماق كېرەك.

ئاقىل ھەم بىلىملىك، ئەل سۆيەر تېخى، 1964
كۆزى توق، دىلى كەڭ ھەم بولسۇن سېخىي.

قىلىشقا ياخشىلىق قول ئۇلسۇن ئۇزۇن، 1965
ئۇياتچان، سىلىق ھەم قىلىقى تۈزۈن.

بۇ يەردە شائىر ئارزۇ قىلىۋاتقان خەلق بېگى، ئۇ، ئۆزىنى خەلقنىڭ ھەقىقىي ھىمايىچىسى دەپ تونۇيدىغان، ئۆز خەلقىغە ياخشىلىق قىلىشتا كۆزى كىچىك بولماستىن، قارنى - كۆكسى كەڭ، ئېغىر - بېسىق بولۇشتەك پىشىنىڭ ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەكـ

لىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئاپتور يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، بەگنىڭ پىسخىكىسىدىكى، ئۆلچەمنى تېخىمۇ چوڭقۇرلۇققا ئىگە قىلىدۇ.

2011 ئەگەر بولسا بەگلەر يامان دىللىق ئۇ،
ئېرۇر پايدىسىز خەلققە، قىلىقىنى يۇ.

2030 سۇرالماس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتەرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئۇساللىق قىلۇر.

2118 يوغانلىق قىلىپ بەگ، چوڭ تۇتسا كۆڭۈل،
مۇقەررەر كۆرۈر ئۇ خارلىق، ئەي ئوغۇل.

دېمەك، شائىر، بەگ بولغۇچى كىشىنىڭ خەلقىنىڭ خىزمەتكارى ئىكەنلىكىنى چۈشەنگەن. شۇڭا ئۇ، بەگ بولغۇچى كىشىلەرنىڭ پۈتكۈل ئىچكى دۇنياسى زالىملىق بىلەن ئەمەس، ھەققانىيەت بىلەن؛ نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئەمەس، خالىسلىق بىلەن؛ كىبىر بىلەن ئەمەس، كىچىك پېئىللىق بىلەن سۇغىرىلغان پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇشى كېرەك ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە جېكىلەيدۇ.

بۇ يەردە دىققەتكە سازاۋەر مۇھىم تەرەپلەردىن بىرى شۇكى، شائىر بەگ بولغۇچى كىشىنىڭ پىسخىكىسىدا بولۇشقا تېگىشلىك ئالاھىدە تەرەپلەرنى، ساقلىنىشقا تېگىشلىك پىسخىك خۇسۇسىيەتلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن سىرت، ئۇ يەنە كىشىلەرنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئۇلارنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكى ئاساسىدا پەرقلەندۈرۈشنىڭ ئۆلچەملىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن پىسخىكىغا مۇناسىۋەتلىك مۇھىم ئىلمىي قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.

ئاپتورنىڭ نەزىرىچە بەگ بولغان كىشى كېلىشكەن، چىرايلىق، يارىشىملىق، ساقاللىق، يېقىملىق بولۇشى كېرەك. مۇشۇنداق فىزىئولوگىيىلىك كىشىلەرنىڭ ئىچكى خۇسۇسىيىتى تەسەۋۋۇردىكى بەگكە مۇناسىپ بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، خەلق ئۆز بېگىنى كۆرۈپ زوقلىنىدۇ ھەم كىشىلەر مۇنداق يېقىملىق چىرايدىن ھوزۇر ھېس قىلىدۇ.

مۇئەللىپ يەنە بەگ بولغۇچى كىشىنىڭ پىسخىك ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ بوي ئۆلچىمى تەرەپتىنمۇ تەتقىق قىلىپ كۆرگەن. ئۇ مۇنداق يازىدۇ:

2086 بويى بەك ئۇزۇننى خوپ كۆرمەس بىلىم،
تولا قىسقا بولسا، بولماس خۇشپىچىم،

2089 پاكار، ئۆزى ئاجىز، ئاچچىقى يامان،
بۇ ئاچچىق نەدە، شۇندا جاڭجال ھامان،

بويى ئورتا بولسۇن لايىق ئۆزىگە، 2090
ئەي ئالىم ھەر ئىشنى ئورتا تۇت ھەر ئان.

بۇ خۇلاسە، خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق تۇرمۇش تەجرىبە - ساۋاقلىرىدىن چىقىرىلغان بىلىك ئۆلچىمى ئاساسىدا، ئالىمىمىزنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىسى نەتىجىسىدە يەكۈنلەنگەن ئىلمىي چۈشەنچىدۇر. ئۇ، يۇقىرىقى چۈشەنچىسىنى تېخىمۇ مۇقىملىقتا ۋە ئەمەلىيلىككە ئىگە قىلىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن دەلىل كۆرسەتسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنى دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا بىۋاسىتە باغلىغان. گەرچە شائىر قىسمەن يەرلەردە ئىقتىدار مەنبەسىنى يۇقىرى تەبىقىلەرگە باغلاپ قويۇش خاھىشىدىن ئۈزۈل - كېسەل قۇتۇلالمىغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ، كىشىلەردىكى فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىك بىلەن پسىخىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتقاندا پۈتۈنلەي باشقا قۇتۇپتا تۇرۇپ سۆزلەيدۇ. يەنى، شائىر بۇ يەردە تەبىقىلەرنى ئۇنتۇپ، مەيلى قانداق تەبىقىدىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كىشىنىڭ پسىخىك ئۆلچىمى توشمىغان ئىكەن، ئۇلارنىڭ دۆلەت ئىچىدىكى تەسىرى ۋە كىشىلەرگە بەرگەن مەنىۋى تەسىرى ياخشى بولمايدۇ، شۇڭا فىزىئولوگىيىسى بىلەن پسىخىكىسى تولۇق ماسلاشقان كىشىلەرنى دۆلەت ئاپپاراتلىرىغا قويۇش كېرەك، دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئادەملەر بىلەن ئادەملەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، دۆلەت ئاپپاراتلىرىدىكى ھەر قايسى قاتلام ئەمەلدارلىرى بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى، كىشى-

لەرنىڭ پىشخىك ئالاھىدىلىكى بىلەن خىزمىتى ئوتتۇرى-
سىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى ۋە باشقا بىر قاتار كىرەلەشمە
مۇناسىۋەتلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشنىڭ دۆلەت
ۋە خەلق مەنپەئەتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى
ماتېرىيالىستىك ئاساستا بەدىئىي ئۇسۇل بىلەن شەرھ-
لەپ بەرگەن. ئۇ، بەگ ئۈستىدىلا توختىلىپ قالماستىن،
يەنە خاس ھاجىپلىققا قانداق كىشىنىڭ يارايدىغانلىقى،
ۋەزىرلىككە قانداق خۇسۇسىيەتلىك كىشىنىڭ مۇۋاپىق-
لىقى، ئەسكەر باشلىقى بولغۇچىنىڭ قانداق پىشخىك
خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولۇشى كېرەكلىكى قاتارلىق
يۇقىرى ئورۇندىن تارتىپ، ھەتتا تۆۋەن ئورۇندىكى
خىزمەتچىلەرنىڭ پىشخىكىسىغىچە ئىچكىرىلەپ كىرگەن.

ئاپتور ئەسكەر باشلىقى توغرىسىدا مەخسۇس بىر باب
بېيىت ئاجراتقان بولۇپ، بۇ بابتا كۆپىنچە ئەسكەر باش-
لىقىدا بولۇشقا تېگىشلىك پىشخىك خۇسۇسىيەت ناھا-
يىتى ئۈستۈن ماھارەت بىلەن بايان قىلىنغان. ئۇ مۇن-
داق دەيدۇ:

2271 بۇ ئىشقا جەسۇر، بەك قاتتىق ئەر كېرەك،
بېشىدىن ئىش ئۆتكەن ئەر يۈرەك كېرەك.

2293 يۈرەكلىك ئاتالغان ئۇياتلىق بولۇر،
ئۇياتلىق ئەر ئۆلسە ئورۇشۇپ ئۆلۈر.

2299 يامانغا ھەيۋەت كېرەك، قورقۇتقىلى،
ياۋاشلارغا ياخشىلىق، سۆيدۈرگىلى.

2312 ئۇ بولسۇن ھىيلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.

بۇ بېيتلارغا، بولۇپمۇ ئاخىرىدىكى ئىككى مىسراغا ئەسكەر باشلىقىدا بولۇشقا تېگىشلىك پسىخىك ئالاھىدىلىك نېمىدېگەن ئوبرازلىق مۇجەسسەملەشكەن - ھە؟

بۇ بابتىكى 2291-، 2292-، 2296-، 2297-، 2298-، 2310-، 2313-، 2314 - قاتارلىق بېيتلاردىمۇ دەل يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلار ئەكس ئەتكەن. ئەسكەر باشلىقىغا خاس باتۇرلۇق، جەسۇرلۇق، ئوياتلىق، سەگەكلىك قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەر ئالاھىدە تەكىتلەنگەن.

خاس ھاجىپلىق توغرىسىدىمۇ مەخسۇس بىر باب — 90 بېيت ئاجرىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا خاس ھاجىپتا بولۇشقا تېگىشلىك پسىخىك ئالاھىدىلىك يۇقىرى ئېتىبار بىلەن مۇنداق قەيت قىلىنغان:

2458 ھاجىپنىڭ ساقال - چاچى ئۇز بولسۇن يۈزى،
ئاۋازى ئەرەنچە ۋە ئوچۇق سۆزى.

2470 كۆڭۈللۈك كىشى سۆزنى ئۇنتۇماس بولۇر،
كۆڭۈلسىز كىشى سۆزدە تۇرماس بولۇر.

بىز يەنە ئالىمنىڭ دۆلەت ئاپپاراتلىرىدا ئىشلەگۈچى ھەر خىل ۋەزىپىلەردىكى كىشىلەرنىڭ مۇناسىپ پسىخىك خۇسۇسىيەتلىرى توغرىسىدىكى بايانلىرىغا نە-

زەر سالايلى.

ئەلچى بولغۇچى توغرىسىدا:

2611 كۆزى ئاچ كىشلەر ئۆزىن تۇتالماس،
ئۇ ئەلچى بولۇشقا تېخى يارىماس.

2619 ئىچە بولسىمۇ قۇل، كۆزى توق — ئۇ، خان،
ھىرىس بەگلىكىدىن قۇل ياخشى ھامان.

2639 گەر ئەلچى بولسا بوش، تۇراقسىز، يامان،
تۆكەر بەگ ئابروين ئاندا بىگۇمان.

پۇتۇكچى توغرىسىدا:

2677 ئەگەر سىر تۇتماس پۇتۇكچى سۆزىن،
ئېچىپ بەگ سىرىنى يوقىتۇر ئۆزىن.

خەزىنىدار توغرىسىدا:

2799 قولى چوڭ، ساق ئولسۇن، ئۇ بولماي سېخىي،
خەزىنە مىلىنى چاچمىسۇن تېخى.

ئاشپەز توغرىسىدا:

2843 باش ئاشپەز كۆزى توق، بولسۇن كۆڭلى باي،
ئۆزى پاكىز، ھەم يۈزى كۆركى ئاي.

كۆرۈپ تۇرۇپتۇمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەربىر خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، شۇ خىزمەت ئەھ-

لى بولغۇچى كىشىدە بولۇشقا تېگىشلىك پسىخىك خۇسۇ-
سىيەتلەرنى كونكرېت ئىش تەقسىماتى بويىچە كونـ
كرېت يورۇتۇپ بەرگەن. ئالىم بۇ ئىلمىي نەزەرىيە
ئارقىلىق كىشىلەردىكى پسىخىك خۇسۇسىيەت بىلەن ئىجـ
تىمائىي مەشغۇلىيەتنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر - بىرىگە
باغلىغان. پسىخىك ئالاھىدىلىك بىلەن دۆلەتنىڭ تەقـ
دىرى ئوتتۇرىسىدىكى دىئالېكتىك مۇناسىۋەت ئۈستىدە
رېئال پاكىتلار ۋاسىتىسى بىلەن ئەمەلىي يەكۈن چىقار-
غان. تارىختا ئۆتكەن كۆپلىگەن جۇڭگو ۋە چەت ئەل
پەيلاسوپلىرى، جۈملىدىن XVIII ئەسىرگىچە بولغان
پسىخولوگلار پسىخولوگىيە كاتېگورىيىلىرىنىڭ پەقەت پسى-
خىكىنىڭ پەيدا بولۇشىدىكى سەۋەب، پسىخىكىنىڭ تەرەق-
قىياتى ۋە ئۇنىڭ رېئاللىق بىلەن بولغان دىئالېكتىك
بىرلىكى قاتارلىق تەرەپلەردە سىستېمىلىق ئىزدىنىپ
كۆپلىگەن توغرا ئىلمىي يەكۈنلەرنى چىقارغان بول-
مۇ. بىراق، ئۇلار بۇ ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى ئۈستقۇرۇل
ۋە ئىقتىسادىي بازىسىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا بى
ۋاستە ۋە سىستېمىلىق تەتبىقلىيالمىدى. بۇ ۋەزىپىنى ئۆ-
زىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرى ۋە يەكۈنىگە ئاسا-
سەن «دۆلەت» ئۈستقۇرۇلمىسىغا بىۋاستە تەتبىقلىغان كى-
شى XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس
ھاجىپتۇر.

«دارۋىن پسىخولوگىيىسىنى شەرھلەش ۋە ئۇنى
تۇرمۇشنىڭ بارلىق ساھەسىگە ئالاھىدە تەتبىقلاشقا سىڭ-
دۈرۈلگەن ئەمگەك ئەنگلىيىلىك ئالىم جورجى رومانىسقا

مەنسۇپ» بولسا، ئۇلۇغ تۈرك ئالىمى فارابىدىن باشلانغان ئۇيغۇر پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم ئاساسىنى تەشكىل قىلىدىغان پىسخولوگىيە (ئۇ ۋاقىتتا پىسخولوگىيە تېخى مۇستەقىل پەن بولۇپ پەلسەپىدىن ئايرىلىپ چىقمىغان ئىدى) كە مۇناسىۋەتلىك پىكىرلەر نۇقتىسىدىن توغرىسىدىكى تۈرلۈك ئىلمىي، ئەمەلىي بىلىملەرنى تېخىمۇ بېيىتىپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، قاراخانىلار ئۇيغۇر دۆلىتىنىڭ ئىجتىمائىي تۈزۈلمىسىگە بىۋاستە ۋەكىل بولغان تونجى ئەمگەك رومانىستىك سەككىز ئەسىر بۇرۇن بۇ ئىشقا يەڭ تۈرۈپ كىرىشكەن پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپقا مەنسۇپ.

## XI ئەسىردىكى «چۈش» تەتقىقاتى

چۈش ھەر قانداق كىشىدە بولىدىغان بىر خىل پىسخىك ھادىسە. ئۇ، كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە بېقىنمىغان ھالدا، ئۇخلىغاندىن كېيىن يۈز بېرىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ پىسخىك پائالىيەت شەكلى. ئادەم پىسخىكىسىدا يۈز بېرىدىغان بۇ خىل پائالىيەت ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك بولغاچقا، بىر تەرەپتىن، كۆپىنچە چۈش ئۇنىڭ تۇلۇپمۇ كېتىدۇ؛ يەنە بىر تەرەپتىن، چۈشلەر ئۇنىڭ ئىجتىمائىيىتىنىڭ قايسى تەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىشىمۇ تەس. چۈش مەقسەتسىز روھىي ھالەتتە بولغاچقا، ئۇنى كونترول قىلىش ۋە نېمە ئۈچۈن چۈشكەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىشمۇ مۇش-

كۆل. شۇنداق بولغاچقا، تارىختىن بۇيان بۇ سىرلىق پا-
ئالىيەت توغرىسىدا كۆپلىگەن ئوخشاشمىغان چۈشەنچىلەر
بارلىققا كەلدى. ئىدېئالىستلار بولسا چۈشنى «تەڭرى-
نىڭ بىشارىتى»، ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ دېگەنگە ئوخ-
شاش يەكۈنلەرنى چىقاردى. يەنە بەزى چۈشەنچىلەر
كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى بىلەن باغلىنىپ كەتتى.

VIII ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار تەرىپىدىن يېزىلىپ
قالدۇرۇلغان «ئىرقى پۈتۈك» (تەبىرنامە)دە چۈشنى
ئەزگۈلۈك (ياخشىلىق)، يامانلىق دەپ ئىككىگە بۆلۈپ
چۈشەندۈرگەن. قارىغاندا، «ئىرقى پۈتۈك» تىكى بەزى
چۈشەنچىلەر ياكى تەبىرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ شامان دىنىي
ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىك تۇرىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭدا،
چۈشتىكى ئاسماندا (كۆكتە) ئۇچۇشنى ئەزگۈلۈكتىن بى-
شارەتتۇر دەپ قارىغان.

دۇنيا پەيلاسوپلىرى ۋە ھازىرقى زامان پسىخو-
لوگلىرىمۇ چۈشنىڭ زادى قانداق پسىخىك ھادىسە ئى-
كەنلىكى، نېمە ئۈچۈن ئادەم چۈش چۈشەيدىغانلىقى،
چۈش بىلەن رېئال پائالىيەتنىڭ قانداق مۇناسىۋى-
تى بارلىقى توغرىسىدا تېخىچە ئېھتىماللىق چۈشەنچىسى-
دىن مۇتلەق چۈشەنچىگە ئېرىشكىنى يوق. چۈشتىن ئى-
بارەت بۇ پسىخىك ھەرىكەت شەكلى توغرىسىدا XX ئە-
سىرلەردىمۇ پسىخولوگلار تەرىپىدىن يەنىلا تولۇق ئىلمىي
خۇلاسە چىقىرىلمىغانلىقتىن ئىبارەت مۇشۇنداق بىر
ئىلمىي مۇنازىرە پەيتىدە تۇرۇپ، XI ئەسىردە ياشىغان
ئۇلۇغ ئالىمىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چۈش توغرى-

سىدىكى ئەتراپلىق ئىلمىي تەتقىقات نەتىجىلىرىگە دىق-
قىتىمىزنى مۇجەسسەملەشتۈرىدىغان بولساق، ئۇنىڭ بۇ
ھەقتىكى ئىلمىي يەكۈنى ھازىرقى زامان پىسخولوگلى-
رىنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىلەن ئاساسىي جەھەت-
تىن ئوخشاش، بەلكى بەزى تەرەپلەردە تېخىمۇ كەڭ
ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ چۈش توغرىسىدا چۈشىنىش-
لىك، چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىلىك تەتقىقات ئېلىپ بار-
غان ئىكەنكى، ئۇ، ئۆزىنىڭ بىر دىنىي ئالىم بولۇشىغا
قارىماي، شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتتىن خېلى دەرىجىدە ئىل-
گىرىلەپ كەتكەن، ئۇ، «قۇتادغۇ بىلىك» ناملىق ئەسىرىدە
چۈش توغرىسىدا مەخسۇس تۆت باب ئاجراتقان، ئالىم باش-
لا ئۇدغۇرمىشنىڭ چۈشكە بولغان خاتا چۈشەنچىسى-
ئۆگدۈلمىش تىلى ئارقىلىق رەددىيە بېرىدۇ.

5987 چۈشىدىم، چۈشۈمدە بىلىندى ماڭا،
ئۆلۈرۈم ئۇقۇلدى ماڭا، ئى توڭا.

5988 يامان - ياخشى قازانى بىلدۈرسە خۇدا،
ئايان ئەيلەر ئۇنى ياتسا ئۇيقۇدا.

دەيدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە چۈش توغرىسىدىكى ئىدېئالىستىك
ئەقىدە ئىدى.

5989 جاۋاب بېرىپ ئۆگدۈلمىش، ئېيتتى: بۇ سۆز-
ھەم ياخشى ئەمەستۇر، ئايا كۆڭلى تۈز.

5990 كىشى ھەر ئاغرىقتىن گەر ئۆلسە ئىدى،
تىرىك كىشى قالمايتتى يەردە زادى.

دەپ، ئودغۇرمىشنىڭ خاتا چۈشەنچىسىنى ئىنكار قىلىپ، ئارقىدىنلا چۈشنىڭ سەۋەبىنى تۈرلەرگە بۆلۈپ چۈشەندۈرىدۇ.

بىرىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن چۈشنىڭ ئۇخلىغان ۋاقىتقا مۇناسىۋەتلىك بولىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىزاھ بېرىدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، كېچىدىكى چۈش بىلەن كۈندۈزدىكى چۈشنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقى ھەم ئۇنىڭ تەبىرىنىڭمۇ باشقا بولىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

ئىككىنچى، چۈشنىڭ چۈشكۈچىگە بولغان ئەكس تەسىرى چۈش تەبىرلىگۈچىنىڭ بەرگەن تەبىرىنىڭ ياخشى - يامانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك دەپ قارايدۇ. ئەگەر چۈشنى يامان يۆرۈپ قالسا، چۈش چۈشكۈچىگە قاتتىق روھىي زەربە بولىدۇ - دە، چۈش زىيانلىق تەرەپكە يۈزلىنىپ كېتىدۇ، دەپ چۈشەندۈرگەن. مەسىلەن:

6004 يامان يۆرمە چۈشنى، زىيانى تېگۈر،
ئىچۈك يۆرسە چۈشنى ئۇ شۇنداق بولۇر.

ئۈچىنچى، ئالىم يەنە بىر قىسىم چۈشلەرنى غىزاغا مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئەگەر يېگەن غىزا كۆڭلىگە ياقمىغان بولسا، كۆرگەن چۈشىمۇ خۇنۈك بولىدۇ.

6005 تالاي چۈشلەر باركى، غىزاغا قارار،
ئۇ بولسا يارامسىز، چۈش خۇنۈك بولار.

يۇسۇپ خاس ھاجىپنىڭ چۈش توغرىسىدىكى خۇ-
لاسىلىرى پىروېيدنىڭ تەتقىقاتى بىلەن كۆپ
مەزمۇنلاردا ئوخشاشلىققا ئىگە. پىروېيد مۇشۇ ئەسىرنىڭ
بېشىدا نەشىر قىلدۇرغان «پىسخولوگىيە تارىخىدا ئاما-
يەندە» دەپ ئاتالغان «چۈش تەبىرى» دېگەن ئەسىرى
بىلەن چۈش توغرىسىدا بەزى ئىلمىي يەكۈنلەرنى چى-
قىرىپ، دۇنيا پىسخولوگىيە سورۇنىدا خېلىلا قوللاشقا
ئېرىشكەن. ئۇ، ئالدىنقى كىشىلەرنىڭ «چۈش ماھىيەتتە
ئەھمىيەتسىز» دېگەن كۆزقارىشىغا قارىتا باشقىچە كۆز
قاراشتا بولغان ھەمدە چۈش كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا
مۇناسىۋەتلىك دەپ قارىغان. ئۇ، چۈشكە تەبىر بېرىش
ئۇسۇلى بىلەن بىر قىسىم كېسەللەرنى داۋالاش ئۇنۇ-
مىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ دەپ ھېسابلىغان (بۇ قاراش
تېخى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلانمىغان دەپ قارالماقتا).
پىروېيد روھىي جەھەتتە كېسەل بىر كىشىنىڭ چۈشىنى
تەجرىبە قىلىپ كۆرگەن (ئادەتتىكى چۈشلەرگە قارى-
غاندا بۇ چۈشنىڭ تەبىرى ئۆزگىچىراق بولاتتى).

تەجرىبە قىلىنغان چۈش:

چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئۆيى، ئۇ تەرەپتە ئوت ئۇچ-
قۇنلىرى ئىچىدە بىر نەچچە گەۋدە جەسەت كۆيمەكتە.
ئۇ: «مەن كېتىشىم كېرەك، بۇ خىل ئەھۋالغا قاراپ تا-
قەتلىنەلمەيدىكەنمەن» دەيدۇ... ئۇ قاساپنىڭ ئىككى
بالىسىغا ئۇچرايدۇ، «ھەي دەپ سورايدۇ ئۇ، — تەمى
بارمۇ؟»، «ياق!»، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئوغۇل بالا
جاۋاب بېرىپ: «زادىلا تەمى يوق» دەيدۇ، «بۇ گەرچە

ئادەم كۆشى بولسمۇ».

پىروپىدنىڭ كۆزىتىشىچە، بۇ چۈشنىڭ ئالدىدىكى ئەھۋال مۇنداق بولغان: چۈش كۆرگۈچى ۋە ئۇنىڭ ئايالى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، قوشنىسىنى يوقلىغىلى باردۇ، خوجايىن ياخشىچاق ئادەم ئىكەن، بىراق، ئۇ ئادەمنى تازا ياخشى كۆرمەيدىكەن. مېھماندوست موماي كەچلىك تاماق يەۋاتقان بولۇپ، ئۇنى تاماقنى تېتىپ بېقىشقا زورلىغان. ئۇ زادىلا يېگۈم يوق، دەپ تېتىپ بېقىشنى رەت قىلغان، موماي «يەڭ، قانچىلىك يېيەلىسىڭىز شۇنچىلىك يەڭ» دەپ دەۋەت قىلغان، ئۇ ئىلاجىسىز تېتىپ باققان ھەمدە تۈزۈت قىلغان ھالدا «ناھايىتى ئوبدان ئىكەن» دەپ قويغان. كېيىن ئۇ خۇپىيانە ھالدا خوتۇنىنىڭ ئالدىدا قوشنىسى ئايال خوجايىننىڭ ئۇنى تاماققا زورلىغانلىقىدىن ۋە تاماقنىڭ سۈپىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىدىن زارلاپ بەركەن. «ئۇنىڭ بۇ تۈرقى كۆزۈمگە سىغمىدى ... نىڭ مەنىسى ئايال خوجايىننىڭ تەقى - تۈرقىنى يوشۇرۇن ھالدا كۆرسىتىدۇ. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى، ئۇنىڭ موماينىڭ سەتچىرايىغا قارىشنى خالىمىغانلىقى، دەپ قاراش كېرەك».

دېمەك، چۈش بىلەن ئەمەلىي جەرياننىڭ قوشۇلمىسىدىن شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بىر تەرەپتىن چۈش كۆرگۈچىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى ئاشكارىلانغان، يەنە بىر تەرەپتىن، تاماققا بولغان ئۇنىڭ زورلىنىشى ئەكس ئەتكەن، پىروپىد خۇلاسىلەپ مۇنداق دېگەن:

«ئادەتتە بىز باشقا بىر كىشىنىڭ چۈشىنى يېشىپ.

ـبېرەلمەيمىز... گەرچە ئۇ، چۈشنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنـ
ـغان ئاڭسىز ئىدىيىنى بىزگە تاپشۇرماقچى بولغان
بولسىمۇ، شۇڭا، چۈشكە تەبىر بېرىش ئۇسۇلىنىڭ
ئەمەلىي ئىشلىتىشچانلىقى ئېغىر چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. بىز
كۆردۇقكى، بۇ بىر ئومۇمىي پرىنسىپ، ھەر بىر ئادەم
ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئاساسەن، ئەركىن ھالدا ئۆز
چۈشىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇڭا، باشقىلار ئۇنى چۈشـ
ـىنەلمەيدۇ» ① دەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چۈش توغرىسىدىكى قاراشـ
ـلىرى بىلەن پرويدنىڭ تەجرىبە خۇلاسىسىنى سېلىشـ
ـتۇرۇپ كۆرگىنىمىزدە، كۆپلىگەن تەرەپلەردە ئورتاقلىقـ
ـنىڭ بارلىقىنى ئوچۇق ھېس قىلىمىز.

ئالىمنىڭ چۈش توغرىسىدىكى ئىلىم - بىلىم كاتېـ
ـگورىيىسىگە كىرىدىغان مۇھىم كۆزقاراشلىرى ئىچىدە،
كىشىنى تېخىمۇ جەلپ قىلىدىغان بىر نۇقتا باركى، ئۇ
بولسىمۇ چۈش ياشنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، تەنىنىڭ
سالامەت ياكى ئەمەسلىكى بىلەن مۇناسىۋەتـ
ـلىك، دېگەن يەكۈندىن ئىبارەت.

ئالىم شۇنداق يازىدۇ:

6006 يەنە بىر چۈشكى، ئۇ پەسىلگە قارار،
كۆچەيسە تادۇسى ئاڭا ئۇ باقار.

---

① ل. ژىيون قاتارلىقلارنىڭ «پسىخولوگىيە توللانمىسى» خەنزۇچە نەشرى
460-بەت.

6007 باھار پەسلى بولۇپ، كىچىك بولسا ئەر،
كۆرۈنسە قىزىل ھەممە ھەم قوڭۇر يەر.

6008 ئۈنىڭ قانى كۆچەيگەن بولۇر بەلگىلىك،
دېگىن سەن ئۈنىڭكى قېنىن ئالغۇلۇق.

6009 گەر ئولسا پەسلى ياز، چۈش كۆرسە يىگىت،
چۈشىسە سېرىق، ھال يا كۆركۈم ئۆگىت①.

6010 ئېشىپتۇ ئۈنىڭ، ئى ھېكىم سەپراسى،
سېرگە ھەم تەرەنجۇبىل ئۈنىڭ دورىسى.

6011-، 6012-، 6013-، 6014- بېيىتلاردا يۇقىرى-
قىدەك مەزمۇنلار تېخىمۇ كەڭ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان.
يەنى ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر كۈز پەسلىدە چوڭقۇر، تاغ،
قودۇق قاتارلىق نەرسىلەرنى چۈشىسە، ئۈنىڭ سەۋدا-
سى كۆچەيگەن بولىدۇ، مېگە ساپلاشقا دورا يېيىش كې-
رەك؛ ئېردىلەر قىش پەسلىدە ئاقار سۇ، مۇز قاتارلىقلار-
نى چۈشىسە ئۇ كىشىنىڭ بەلغىمى كۆچەيگەن بولىدۇ،
ئىسسىقلىق ئىچۈرۈپ يېدۈرسە بولىدۇ. دېگەنگە ئوخ-
شاش قاراشلاردىن قانچىلىك چوڭقۇر تەتقىقات نەتىجى-
لىرى چاقناپ تۇرىدۇ-ھە؟ بۇ ئىلمىي يەكۈنلەر-
دىن شۇنداق قاراشقا كېلىشكە ھەقلىقمىزكى، چۈش-
كە تەبىر بېرىش ئۇسۇلى بىلەن كېسەللەرنى داۋالاش
تۇغرىسىدىكى پىكىر XI ئەسىردىلا ئالىمىمىز تەرىپى-

① كۆركۈم ئۆگىت — ئۆگۈتۈلگەن (كۆكۈم قالغان قىلىنغان) نەرسىلەر

دىن ئەمەلىي دەلىل بىلەن تەپسىلىي ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شائىر چۈش توغرىسىدىكى تەتقىقاتىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ، چۈشنى كىشىلەرنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقى بىلەنمۇ چۈشەندۈرىدۇ.

6016 نىمە ئويلاپ يېتىپ، چۈشىسە شۇنى،
بولۇر ئۆرىمسە بۇ خىل چۈشلىسى.

6024 ئاۋامنىڭ چۈشىگە تەبىر بۆلەكتۇر،
بۆلەكتۇر بەگ چۈشىنىڭ تەبىرى، كۆر.

6028 كىشىگە قاراپ چۈش تەبىرى بولۇر،
ئاڭا بولسا لايىق، ئەقىل چۈش ئۆرۈر.

ئويغۇرلاردا «توخۇ داڭگال چۈشەيدۇ، ئۆچكە جاڭگال» دېگەن ھېكمەتلىك تەمسىل بار. بۇ تەمسىل ئەلۋەتتە، بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ سىمۋوللۇق ئوخشىتىشى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن خەلقىمىزنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك تەجرىبىسىنىڭ مۇجەسسىمى بولغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپ: دەل كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، ئوي - خىيالى، خاھىشى، قىلغان خىزمىتى، مەقسىتى، ئورنى قاتارلىق كىشىلەرنىڭ خاراكتېرى ۋە ئىندىۋىدۇئال ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدىغان ئامىللارغا ھەم شۇ كىشىنىڭ ئىندىۋىدۇئال خاراكتېرىگە مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ دېگەن خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇ قاراشلار پىروپىدنىڭ تەتقىقات خۇلاسىلىرى بىلەن نىمىدى-

گەن ئوخشاشلىققا ئىگە - ھە؟ كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمىزكى، ئالىم چۈش توغرىسىدىكى بۇ ئىلمىي مۇنازىرە دېمىزىغا خېلى چوڭقۇرلاپ چۆككەن ۋە مۇناسىپ ئۈنچىلەرنى سۈزگەن. بۇ دانا ئىلمىي خۇلاسىلەر دۇنيا پەلسەپە تارىخىدىكى، جۈملىدىن پسىخولوگىيە تەتقىقات تارىخىنىڭ شائىر ياشىغان XI ئەسىر شارائىتىدىكى ئىلغار بىر ئىلمىي بايراق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ھازىرقى زامان ئىلىم - پەن تەرەققىياتىدىكى ئېلېكترون دەۋرىدىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قاراشقا ۋە پايدىلىنىشقا مۇناسىپ بولغان ئىلمىي يەكۈندۇر. ئەمدى گەپ بۇنى قانداق قىلىپ زامانىمىز تەتقىقاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشتە.

بىز پسىخولوگىيە تارىخىغا ئائىت قولىمىزدا بار بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق خۇلاسىگە كېلىمىزكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ چۈشتىن ئىبارەت پسىخىك ھادىسە توغرىسىدىكى ئىنچىكە كۆرۈنىش، تەتقىق قىلىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئەمەلىي پاكىتلىق، كەڭ دائىرىلىك بۇ ئۇلۇغ نەتىجىسى ئەينى تارىخىي مۇھىتتىكى دىنىي خۇراپاتلىق چېگرىسىغا نىسبەتەن چوڭ ئىلمىي بۆسۈش بولغان.

## ئادەم پسىخىكىسى سىرلىق نەرسىمۇ ئەمەس

كىشىلەردىكى پسىخىكا مۇرەككەپ، يوشۇرۇن ۋە ئىنچىكە بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەردىكى پسىخىك ئالاھىدىلىكنى سىزىۋېلىش ئانچە ئوڭاي

ئىش ئەمەس. بىراق، بۇ خىل «سىرلىق» ئالاھىدىلىكنى بىلگىلى بولامدۇ؟ بۇ نۇقتا ئۈستىدىمۇ ئىدېئالىزمچىلار بىلەن ماتېرىيالىزمچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن كۈرەشلەر بولۇپ كەلدى. ئىدېئالىستلار «بىلگىلى بولمايدۇ» دەپ ھەددىدىن ئارتۇق سىرلىقلاشتۇرۇۋەتتى. ئۇلۇغ پەيلاسوپ يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەردىكى پىسخىك ئالاھىدىلىكنى تاشقى كۆرۈنۈش جەھەتتىن پەرق ئېتىشنىڭ ئۇسۇلىنى كۆپىنچە پىسخىكىنىڭ فىزىئولوگىك جەھەتتىكى بىۋاستە تەسىرىنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چۈشەندۈرىدۇ.

شائىر كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەر تۈرلۈك پىسخىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە تەرەپلەرنى سوئال-جاۋاب تەرىقىسىدە خېلى ياخشى سۈرەتلىگەن.

شائىر كىشىلەر ئالدىغا ئايتولدى تىلىدىن:

860 ماڭا ئېيت، دۈرۈسلۈق نېچۈك نەرسىدۇر،
ئۇنىڭدىن كىشى كۈنى قانداق يورۇر؟

861 قايۇ نەرسىنى دەر دۈرۈسلۈق يولى،
نېمىدەك بولۇر بۇ دۈرۈسلۈق ئۇلى؟

دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنى قويىدۇ. ئاپتور كىشىلەر ئارىسىدىكى توغرا، ئادىل، پاك نىيەتلىك كىشىلەرنى پەرق ئېتىشنىڭ قانداق مۇمكىن بولىدىغانلىقى، بۇ سىرلىق ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى سىرىنى ئۇنىڭ پىسخىك دۇنياسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان فىزىئولوگىيىلىك ۋە ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىنىڭ قان-

داق تەرەپلىرىدىن پەرقلەندۈرۈش كېرەكلىكى توغرىسىدا خېلى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، يېقىنقى مۇرەككەپ سوئالغا ئىبلىس تىلىدىن چۈشىنىش-لىك جاۋاب بېرىدۇ:

862 ئىبلىس ئېيتتى: شۇدۇر دۇرۇس ئەر ئۆزى،
تىلى، كۆڭلى بىرلە بىرىككەي سۆزى.

864 چىقارىپ يۈرەكنى ئالقاندا تۇتۇپ،
ئۇياتماي يۈرەلسە ئەلنى كۆرۈپ.

خەلقىمىزدە «ئوغرىنىڭ يۈرىكى پوك - پوك» دې-گەن گەپ بار. شائىر دەۋاتقان بۇ ھېكمەتلەر دەل ئۇنىڭ ئەمەلىي تەجرىبە ئاساسىدا يەكۈنلەنگەن يەكۈنى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەقىقەتەنمۇ توغرا نىيەتلىك، دۇ-رۇس كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيتى بىلەن لەۋزى قارىمۇ-قارشىلىقتىن تامامەن خالى بولغان بولىدۇ، ئۇ-نىڭ كۆڭلىدە ھېچقانداق سىقىلىش ۋە ئۆزىنى ئەلدىن قاچۇرۇش بولماستىن، كىشىلەر ئارىسىدا دادىل، ئەركىن - ئازادە، ئوچۇق - يورۇق يۈرەلەيدۇ. بۇ يەرلەردە شائىر ئېيتقان «يۈرەكنى ئالقانغا ئېلىپ، ئۇياتماي ئوچۇق - يورۇق يۈرۈش» مەسىلىسى كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسى بى-لەن ئىجتىمائىيتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى بىر تە-رەپ قىلىشنىڭ مۇھىم بىر تارازىسى دەپ قارالغان بو-لۇپ، ئادەم پىسخىكىسىنىڭ رېئاللىقىغا چەمبەرسىمان باغ-لىنىپ كەتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بىلىن سۆيگۈ بىلەن ساتقى
لىقنى پەرق ئېتىشنىڭ ئۆلچىمى ئۈستىدە توختالغاندا:
1895 سۆيۈپ ئەي دىدى ھەممە دەۋا قىلىدۇ.
بۇ دەۋاغا ئەمما قانداق نەتىجە كېرەك بولۇر؟
دېگەن ئېلىگنىڭ سوئالىغا ئۆگدۈلمىش تىلىدىن
مۇنداق جاۋاب بېرىدۇ:
1896 دېدى خوپ ئۆگدۈلمىش: بېرەي مەن جاۋاب،
بىلەر سۆيگىنىن يار يۈزىگە قاراپ.

1899 سۆيۈملۈك يۈزىدە بولۇر بىر نىشان،
كۆزى - كۆزگە چېشمە بىلىنىر شۇئان.

1902 سۆيۈپ - سۆيمىگەننى بىلمەيمەن دېسەڭ،
ساڭا توغرا باقسا كۆزى بەلگىلىك.

ئاپتور بۇ يەردە فىزىئولوگىيىدە مۇھىم ئورۇن دەپ
قارالغان كۆزنى ئادەم پسىخىكىسىنى بىلىشنىڭ مۇھىم
ئۆلچىمى دەپ قارىغان. شائىر يەنە بىر بېيىتتا ئوچۇق
قىلىپ «كۆز — تېنىڭ ئەينىكى» دەپ تولۇقلايدۇ. ئالىم
نىڭ نەزىرىدە كۆز قەلبنىڭ دېرىزىسى بولغان. ئاپ
تور يەنە:
2205 ئۆيىتىسىز كىشىدىن يىراق تۇر يىراق،
ئۆيىتىسىز كۆزىدە خۇنۇك بىر قاراق.

2206 بىر كۆشسىز سۆڭەكتۇر ئۇياتسىز يۈزى،
ئېتىلمەس تۆشۈكتۇر ئۇياتسىز كۆزى.

دەپ، ئۇياتسىز كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى كۆز
ئارقىلىق بىلگىلى بولىدىغانلىقىنى يازغان. ھازىرقى زا-
مان پسىخولوگىيىسىمۇ كۆزنى ئادەم پسىخىكىسىنى ئۆل-
چەيدىغان مۇھىم فىزىئولوگىيىلىك ئۆلچەم ئورنىغا
قويماقتا.

ئالىم بۇنىڭدىن باشقا، تاماخور، يالغانچى، كۆزى
ئاچ قاتارلىق ھەر خىل خاراكتېردىكى كىشىلەرنىڭ
پسىخىك ئالاھىدىلىكىنى ئۇنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ئالاھى-
دىلىكىگە باغلاپ، خېلى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

2039 يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولۇر،
ۋاپاسىزلار خەلققە ئۇساللىق قىلۇر.

2003 پۈتۈن ئاچ يېسە، ئىچسە ئاخىر تويار،
كۆزى ئاچ بۇ ئاچلىقنى ئۆلسە قويار.

يەنە 2077-، 2078-، 2206-، 2613-، 2064-
قاتارلىق بېيىتلاردىمۇ شۇ خىل مەزمۇنلار روشەن ئەكس
ئەتكەن.

دېمەك، پەيلاسوپ ۋە پسىخولوگ يۈسۈپ خاس
ھاجىپ ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيە جەھەتتىكى ئالاھىدە تە-
رەپلىرىنىمۇ پسىخىكىنى بىلىشنىڭ ئاچقۇچى سۈپىتىدە چۈ-
شەندۈرگەن. بىز باشتا پاكار ئادەمنىڭ ئالدىراڭغۇ،
قەنتەك، ئاچچىقى يامان مىجەزلىك بولىدىغانلىقى توغ-
رىسىدىكى پىكىرىنى كۆردۇق. بۇ پاكىتلارغا يۇقىرىدا

توختىلىپ ئۆتكەن چۈش توغرىسىدىكى پەكىرلەرنى قوشـ
قاندا، شائىر پىسخىكىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك تەسىرىدىن،
كىشىلەرنىڭ ئىجتىمائىيىتىدىن، ئۇنىڭ تەبىئەت ۋە
تىرىكلىك ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئالاھىدىلىكلىرىدىن ئىـ
بارەت بۇ كونكرېت جەريانىنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىـ
تىنى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ پىسخىكىسى ئۇچە سىرلىق
نەرسە ئەمەس، ئۇنى بىلگىلى بولىدۇ. كىشىلەرنىڭ ئىچـ
كى دۇنياسى ئىجتىمائىي پائالىيەت جەريانىدا ماھىيەت
دەپتىرىگە سايە چۈشۈرمەي مۇمكىن ئەمەس، دېگەن
پىكىرگە كېلىدۇ. بۇ قاراش ئالىمنىڭ ئادەم پىسخىكىـ
سىنى بىلگىلى بولامدۇ ـ يوق؟ دېگەن ئاچقۇچلۇق مەـ
سىلە ئۈستىدە خېلى كاللا قاتۇرغانلىقىدىن دالالەت
بېرىدۇ، ئەلۋەتتە.

× × ×

«ئادەم ئىزى بىراۋنىڭ ماڭغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ» —
دەيدۇ مەھمۇت قەشقەرى. دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىي
سەھىپىسىگە نەقىشلەنگەن ئۇچەس ئىزلارغا كۆز سالىـ
دىغان بولساق، دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ مەدەنىيەت يولى
دەپ قارالغان قەدىمكى يوللاردا ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ
جاپالىق كېچىكلىرىنىمۇ خېلى ئۇچرىتىمىز. XI ئەسىردە
ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىـ
نىسىدە پەخىرلىك ئورۇن تۇتقان تالانتلىق ئالىم يۈـ
سۈپ خاس ھاجىپ قەدىمكى مەدەنىيەت ئوچىقى ھېـ

سابلانغان ئۇيغۇر زېمىنىدا مەدەنىيەت چوققىسىغا قاراپ يول ئالغان بۈيۈك پەيلاسوپلاردىن بولۇشقا مۇناسىپ. ئالىم ئۆزىنىڭ ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتلىك مۇھىتتا ياشىغانلىقىغا قارىماي، ھايات قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدا خېلىلا چوڭقۇر ئىزدىنىپ، ئوتتۇرا ئاسىيا پەلسەپە تەتقىقات ساھەسىدە نادىر نامايەندىلەرنى قالدۇردى. ئۇنىڭ پسىخولوگىيە سېپىگە قوشقان تۆھپىلىرى ئەينى دەۋر ئىتىبارى بىلەن تەڭداشسىز ئۇلۇغ ئەمگەك. گەرچە. ئالىم ئۆز كۆزقارىشىنى بەدىئىي يول بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن بولسىمۇ، بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇر ئىچىدە يۈكسەك مەنتىقىي ئۇقۇم ۋە ئەقلىي خۇلاسە ئوبرازلىق ئەكس ئەتكەن. شۇنداقلا، ئۇنىڭدىكى دەلىل - ئىسپاتلار كونكرېت، جانلىق، تەسىرچانلىقى بىلەن ئالىمنىڭ دۇنيا قارىشىنى ئىپادىلەشكە تولۇق ئىمكانىيەت بەرگەن. ئۇنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئەمگىكى دۇنيا پەلسەپە تارىخىدا ۋە پسىخولوگىيە تەتقىقاتىنىڭ تەرەققىيات تارىخىي سەھىپىسىدە مۇھىم ئورۇن تۇتۇشقا مۇناسىپ ئىدى. ۋەھالەنكى، تارىخنىڭ تۈرلۈك دەھشەتلىك بوران - چاپقۇنلىرى ئالىمىمىز قالدۇرغان بۇ ئىزلارنى ۋاقتىنچە كۆمۈپ تاشلىغان، بۇ پارلاق ئىز تا 1823 - يىلىغىچە كۆمۈلۈپ ياتقان. شۇ ۋەجىدىن، بۇ ئۇلۇغ ئالىمىمىزنىڭ مۇسۇلمان ئەللىرى، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى (پسىخولوگىيە) كۆزقاراشلىرى، قانۇنشۇناسلىق توغرىسىدىكى قىممەتلىك دۇنيا قارىشى، ۋەھاكازالار XI ئە-

سىر مۇھىتىدا دۇنياۋى ئەھمىيەتكە ئىگە بولسىمۇ، تا
ھازىرغىچە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى مۇتى-
لاشمىغان ئىدى. جۈملىدىن، ئالىمنىڭ پەلسەپىۋى كۆز
قارىشىنىڭ مۇھىم ئاساسىنى تەشكىل قىلغان پسىخىك
ھادىسىلەر ۋە پسىخىكىنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدىكى سى-
ستېمىلىق ئىلمىي تەتقىقاتى دۇنيا پسىخولوگىيە تارىخى-
دا ئالاھىدە قەدىرلىك ئورۇنغا مۇناسىپ بولۇشقا تې-
گىشلىك بولسىمۇ، بۇ تەرەپتىكى ئەمگىكى دۇنيا جاما-
ئەتچىلىكى ئۈچۈن تولۇق يورۇتۇلۇپ، ئۇنىڭ پسىخولو-
گىيە تەرەققىيات تارىخى ئۈچۈن قوشقان ئۆچمەس تۆھ-
پىسى مۇئەييەنلەشتۈرۈلمىدى. بۇ تەرەپلەر بىزنىڭ تې-
خىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىمىزنى تاقەتسىز-
لىك بىلەن كۈتمەكتە.

بۇ يەردە شۇنىمۇ ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە توغرا
كېلىدۇكى، ئالىمنىڭ دۇنيا قارىشى ئوتتۇرا ئەسىر دىنىي خۇرا-
پاتلىق مۇھىتىدىكى ھەر خىل تارىخىي سەۋەبلەر تۈ-
پەيلىدىن ئومۇملۇق جەھەتتە گەرچە ئوبيېكتىپ ئىدېئا-
لىزىم كىشەنلىرىدىن ئۈزۈل - كېسىل ئازاد بولۇشقا
قادىر بولالمىغان بولسىمۇ، بىراق بىر قاتار كونكرېت
پەلسەپىۋى ئىلمىي مەسىلىلەردە ماتېرىيالىستىك خاھىش-
قا، جانلىق دىئالېكتىكىغا ئوخشاش بولغان ئىلغار كۆز
قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا جۈرئەت قىلالىغان، ئۇ-
نىڭ دۇنياۋى ئورنى ئالىمنىڭ كۆپ تەرەپلىمە تۆھپى-
لىرى، جۈملىدىن پسىخولوگىيە توغرىسىدىكى ئۆچمەس
تۆھپىلىرى بىلەن مەدەنىيەت تارىخىدا مەڭگۈ خاتىرى-
لەنگۈسى.

# «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مىللىيلىكى

## مەھمۇت زەيدى

ئېلىمىز كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخىدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ. ئۇ، رەڭگارەڭ ئەدەبىيات گۈللىرىدا مەڭگۈ ئۆچمەستىن جۇلالىنىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ شاھىغا ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مۇنداق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇشى — ئاپتورنىڭ ئۇيغۇر مۇھىتىدىن مول ئوزۇق ئالغانلىقى، تارىخىي يۇسۇندا ئۆسۈپ يېتىلگەن ئالاھىدە مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر.

ئەدەبىيات تارىخىدىن مەلۇمكى، ھەقىقىي تۈردە مىللىيلەشكەن ئەسەرلەر مۇقەررەر ھالدا روشەن مىللىي ئالاھىدىلىككە، كۈچلۈك مىللىي ئۇسلۇبقا ئىگە بولىدۇ. شۇڭا، بىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكىنى چۈشىنىشتە، ئۇنى يەككە ھالدا يېگانە ھادىسە دەپ قارىماسلىقىمىز لازىم. ئەكسىچە، ئەدەبىياتىمىزنى مەملىكىتىمىزدىكى مىللەتلەر ئەدەبىياتى بىلەن، ھەتتا دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشىمىز كېرەك.

شۇنداق قىلىنغانىدىلا، ئەسلىدە بار بولغان مىللىي ئالاھىدىلىك ۋە مىللىي ئۇسلۇبنى نەزەرىيە جەھەتتىن جايىدا ئىزاھلىغىلى بولىدۇ.

بىر خىل ئەدەبىياتنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنىڭ ئۆزىگە خاسلىقىنى تەكشۈرگەندە، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئوبراز تۈزۈلۈشى، تىپ يارىتىش جەھەتلەردىكى ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بېرىشكە توغرا كېلىدۇ، چۈنكى، يازغۇچى بۇ يەردە ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئىجاد قىلغان ھالدا مەيلى ئاكتىپ ياكى ئاكتىپسىز بولسۇن، ئۆزى ياراتقان پېرسوناژلار خاراكتېرىگە ئۆز مىللىتىنىڭ مىللىي روھىنى سىڭدۈرىدۇ. ئاللاپ ئالغان ئوبرازلارغا مىللىي تۈس بېرىدۇ. يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا يۇقىرىدىكى ئۇسۇلنى قوللىنىپ، پۈتۈن داستانغا ئۆزى تەۋە بولغان خەلقنىڭ تىدىيە ھېسسىياتىنى سىڭدۈرۈپ، ئۆز مىللىتىنىڭ پسىخىك ھالىتى ۋە زوقلىنىش ئادىتىنى ئىپادىلەپ بەرگەن. بۇ ھال ئاپتور تەۋە بولغان جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت دەرىجىسىنىڭ خېلى دەرىجىدە تەرەققىياتقا يۈزلەنگەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، X — XI ئەسىردىكى قاراخانىلار دەۋرى — قارلۇق ئۇيغۇرلىرىنىڭ گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرى بولۇپ، ئىلىم — پەن ساھەسىدە كۆپلىگەن ئالىم، شائىر، يازغۇچىلار يېتىشىپ چىققان. مەملىكىتىمىزنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك مەدەنىيىتىنى ھەر قايسى مىللەت خەلقلىرى بىرلىكتە ياراتقانلىقىنى ئەسلىسەك، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈللەنگەن

بۇ ئېقىن دەۋرىنى تەسۋىرلەشكىمىز مۇمكىن ئەمەس. بىزنىڭ ئەدەبىيات - سەنئىتىمىز شۇ دەۋرلەردىلا ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت نەزىرىنى جەلپ قىلغان ئىدى. يۇھان ۋولفگاڭ گيوتې: «جۇڭگولۇقلار ئىدىيە، خۇلق - مىجەز ۋە ھېس - تۇيغۇ جەھەتتە ياۋروپالىقلارغا قارىغاندا تېخىمۇ يارقىن، تېخىمۇ پاك كېلىدۇ. شۇنداقلا ئەخلاق تەلەپلىرىگە تېخىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەسەرلىرىدە، باش قەھرىمانلارنىڭ ئەخلاقى ۋە قائىدە - يوسۇن جەھەتتىكى تەربىيىلىرىگە، يەنى ئۆزىنى قاتتىق ئىدارە قىلىش (ساداقەتلىك ۋە پاكلىقتا ئۆزىنى تۇتۇش) قا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىلگەن. پۈتۈن جۇڭگو سەنئىتىدە بىر خىل سەرەمجانلىق، نەپىسلىك ئۇسلۇبىغا ئىنتىلىش چىقىپ تۇرىدۇ»① دەيدۇ. بۇ سۆزلەر دەل «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۈستىدە سۆزلىگەنگە ئوخشايدۇ. چۈنكى «قۇتادغۇ بىلىك» مەزمۇنىدا دۆلەتنى قانداق باشقۇرۇشتىن باشلاپ، شەخسلەرنىڭ قانۇن ۋە ئەخلاققا قانداق مۇناسىۋەتتە بولۇش مەسىلىلىرى كۆرسىتىلىدۇ. ئەينى زاماندا «قۇتادغۇ بىلىك» كە باشقىلار تەرىپىدىن يېزىلغان كىرىش سۆزلەردە شۇنداق دېيىلىدۇ: «بۇ كىتاب قايسى پادىشاھلىققا ياكى قايسى ئىقلىمغا يەتسە، غايەت ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن ئۇ ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەربىرى

① «گيوتې سۆھبەت خاتىرىلىرى» ئالىي مەكتەپلەر ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى، 2 - قىسىم 122 - بەت.

بىر تۈرلۈك ئات ۋە لەقەب بەردى. چىنلىقلار «ئەدەب-بۇلمۇلۇك» (شاھلار ئەدەب-قائىدىلىرى) دەپ ئاتىدى؛ ماچىن مۆلكىنىڭ ھېكىملىرى «ئايىنۇل مەملىكە» (مەملىكەتنىڭ دەستۇرى) دېسە، مەشرىقلىقلار «زىننەتۇل-ئۇمەرا» (ئەمىرلەر زىننىتى) دېدى؛ ئىرانلىقلار شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ئات قويدى؛ بەزىلىرى «پەندنامەئى مۇلۇك» (پادىشاھلارغا نەسىھەت) دەپ ئاتىدى؛ تۇرانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىك» دەپ ئات قويدى①». دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئەينى زاماندا ھەرقايسى مەملىكەتلەرگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن. ھالبۇكى، ئۇنىڭ بۇنداق چوڭ تەسىرگە ئىگە بولۇشى، ئۇنىڭ ئالدى بىلەن مەزمۇن جەھەتتىكى ئىلغارلىقى ۋە ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈندۇر. دەرۋەقە «قۇتادغۇ بىلىك» ئالاھىدە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان تەلىم-تەربىيە خاراكتېرىدىكى ئەسەردۇر.

ئۇ ياراتقان ئوبرازلارنىڭ جەزىبىلىك بولۇشى، ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئىدىيىسىنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن كەلگەن. ئاپتور: پادىشاھلارغا زاھاكتەك يامان يولغا كىرىپ، خەلقنىڭ قاغىشىغا ئۇچرامسەن ياكى پەرىدۇندەك ياخشى يول تۇتۇپ، خەلقنىڭ ماختىشىغا ئېرىشەمسەن؟ ئىككى يولنىڭ بىرىنى تاللاپ ئال دەيدۇ (241-، 242-، 243-بېيىتلارغا قارالسۇن). يەنە، ئاپتور ئەر توغادەك قەھرىمانلىق جاسارىتىگە ئىگە بولۇپ، دۆلەتنى قانۇن بىلەن

① «قۇتادغۇ بىلىك»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1985-يىل ئۇيغۇرچە نەشرى 5-بەت.

ئىدارە قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ (286 ـ بېيت). نۇشىرۋاننىڭ ئەقىل، بىلىم ئارقىلىق جاھاننى يورۇتقانلىقىنى، بۇ ياخشىلىقى سەۋەبىدىن ئۇنىڭ دوزاختىن ئازاد قىلىنىشىنى تىلغا ئالىدۇ (290 ـ بېيت). ئومۇمەن، شاھلارنىڭ ئادالەت بىلەن ئىش بېجىرىشىنى، زۇلۇمخور بولماسلىقىنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئۇ، بۇ ئىدىيىلەرنى مۇنداق ئوبرازلار بىلەن كۆرسىتىدۇ: بۇ ئوبرازلار (1) كۈنتۇغدى ئىلىگ ـ ئادىل پادىشاھقا؛ (2) ئايتولدى ـ بەخت ـ سائادەتكە؛ (3) ئۆگدۈلمىش ـ ئەقىل ـ پاراسەتكە؛ (4) ئودغۇرمىش ـ ئاقىۋەتكە سىمۋول قىلىنغان. بۇ شەخسلەر ئارىسىدا سوئال ـ جاۋاب، مۇنازىرە يۈز بىرىپ، بىر ـ بىرىنى سىنايدۇ. بۇ بىر خىل ئەقلىي سىناشقا ئوخشاش قويۇلغان مەسىلىلەرگە شۇئانلا جاۋاب بېرىپ، ۋەقەلەر دراماتىزمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

كۈنتۇغدى ـ ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى قىلىنغاچقا، ئۇنىڭ تەبىئىتى ئۆز نۇرىنى ھەممىگە تەڭ چاچىدىغان ۋە ھەر زامان بىر قارار تۇرىدىغان كۈنگە ئوخشىتىلغان. شۇنىڭ بىلەن كۈنتۇغدى ھۆكۈمدارنىڭ قولىدا خەنجەر، بىر يانىدا شېكەر، بىر يانىدا زەھەر قويۇقلۇق ھالدا چېتىقسىز ئۈچ ئاياغلىق كۈمۈش كۇرسىدا سۈرلۈك قىياپەتتە ئولتۇرغانلىقىنى كۆرىمىز. كۈنتۇغدى ئۆزى بۇنى مۇنداق ئىزاھلىغان: ئۈچ پۇتلۇق نەرسە قىڭغايماستىن تىز تۇرىدۇ، ئۇلار چېتىقسىز بولغانلىقتىن بىرى قىڭغىيىدىكەن، قالغان ئىككىسىمۇ تۇرالمايدۇ،

ئۈستىدە ئۆلتۈرگەن ئادەم يېقىلىدۇ. تۈز نەرسە ئۈز بولىدۇ، ئەگرىلىكتىن يامانلىق تۇغۇلىدۇ. قانۇن مۇشۇن داق تۈزلۈك، توغرىلىق ئۈستىگە قۇرۇلۇشى لازىم. قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر...

شۇنىڭ بىلەن كۈنتۇغدى ئىلىگ ئارقىلىق ئادىل پادىشاھ ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئايتولدى ھۆكۈمدار كۈنتۇغدىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرگەندە، ئۇ كۆرسىتىلگەن كۈرسىدا ئولتۇرماي، ئۆزى بىللە ئىلىپ كىرگەن يەل توپىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. كۈنتۇغدى گەپ قىلىۋاتقاندا، ئۇ كۆزىنى گاھىدا يۇمۇۋالىدۇ، گاھىدا تەتۈر قارىۋالىدۇ. ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا كۈنتۇغدى غەزەپلىنىدۇ، نېمىشقا مۇنداق قىلىشىنى سورىسا، ئايتولدى: «بەخت ـ سائادەت دېگەن مەن شۇ، مەن ئۆز تەبىئىتىم بىلەن ئايغا ئوخشىغانلىقىمدىن ھېكمەلەر ماڭا ئايتولدى دەپ ئات بەردى. ئاي بولسا گاھىدا تولۇپ، گاھىدا كىچىكلەپ، گاھىدا يوقاپ كېتىدۇ ۋە ئاينىڭ بەلگىلىك ئورنىمۇ يوق، خۇددى مۇشۇ توپقا ئوخشاش. مېنى چىڭ تۇتۇپ تۇرمىسا بىر يەردە قارار تاپمايمەن. مېنى تۇتۇشنى بىلمىگەنلەرنىڭ قولىدا بولمايمەن، ۋاقتى كەلگەندە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيمەن» دېگەن مەزمۇنلاردا جاۋاب بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بەخت ـ سائادەتلىك بولۇشنىڭ بىلىم، ئەخلاق ۋە ئادىللىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ. مۇئەللىپ بىلىم بىلەن ئەقىل ـ پەزىلەت، بىلىم بىلەن ئەقىل قوشۇلغاندا كىشىگە قانات چىققاندەك بولىدۇ، دېگەن. شائىر بەخت ـ

مانادەتنى ئىپادىلەشتە ئۇنىڭغا مەجازىي تۈس بېرىپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ھۆركەك كېپىككە ئوخشىتىدۇ.

شۇنداق قىلىپ كۈنتۇغدى ئىسىملىك شاھقا ئايتولدى ئاتالىق (كۈن ئەتراپىدا ئايلىنىدىغان ئايغا ئوخشاش) سادىق. سەمىمىي ئىنسان ئوبرازى كۆز ئالدىمىزدا گەۋدىلىنىدۇ.

ئۆگدۈلمىش — قەدىمكى ۋاقىتلاردا «ئۆگ» سۆزى ئەقىل - پاراسەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز بولغان. ئاپتور بۇ سۆزدىن پايدىلىنىپ بۇ ئىسىملىك كىشىنى ئەقىل- پاراسەتتە كامالەتكە يەتكەن، بىلىم ئىقتىدارى يۇقىرى، چىن مەنىسى بىلەن ئادالەتپەرۋەر، خەلقسۆيەر تەدبىرلىك دۆلەت ئەربابى سۈپىتىدە تەسۋىرلىگەن. بۇ ئەمەلىي ئىشلاردا كۆز ئالدىمىزدا پەيدا بولىدۇ. بۇ شەخسنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى — ئۆزىدىن يۇقىرى كىشىلەرگە ھەرگىزمۇ ھەسەت قىلمايدۇ، شان - شۆھرەت تالاشمايدۇ.

ئودغۇرمىش — قەدىمكى تىلدا بۇ سۆزنىڭ «دائىم ئويغاق» دېگەن مەنىسى ئاڭلىتىشىدىن پايدىلىنىپ، مۇئەللىپ بۇ شەخسنىڭ دائىم ئويغاق ۋە ھوشيار خۇسۇسىيىتىنى، ئۇنىڭ زور دانىشمەن ۋە ئالىملىقىنى، لېكىن رېئال دۇنيادىن قول ئۈزگەن زاھىتلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، دۇنيادا ياشاش پەقەت خۇداغا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا بولىدۇ، دەيدۇ. كىشىلەرگە قوشۇلۇش، بالا - چاقىلىق بولۇشنى گۇناھ ھېسابلايدۇ. لېكىن، ئۆگدۈلمىش بىلەن بولغان كەسكىن مۇنازىرىلەردە دۇنيادا ياشاشتىن

ھەقسەت ئەل - يۇرتقا، ئىنسانىيەتكە بەخت يارىتىش دېگەن كۆزقاراشقا قايىل كېلىدۇ.

ئۇمۇمەن، مۇئەللىپ كىتابتا ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەركىزىي ئىدىيە دۆلەت ۋە ئۇنى قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا مۇشۇ تۆت پېرسوناژ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئەسەرنىڭ دىداكتىك خاراكتېرىنى نامايان قىلغان. شائىر بۇ مەزمۇنلارنى يالىڭاچ ھالدىكى سۆزلەر بىلەن ئەمەس، ئوبرازلىق سۆز - ئىبارىلەر بىلەن ئىپادىلەپ كۆرسەتكەن. مەسىلەن، قانۇننى سۇغا، زۇلۇمنى ئوتقا ئوخشىتىدۇ. زۇلۇم — ئوت، يېقىنلاشسا ئۇ كۆيدۈرىدۇ؛ قانۇن — سۇ، ئۇ ئاقسا نېمەت ئۈنىدۇ، دېگەن.

مۇئەللىپ ئۆز ئەسىرىدە، ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇپ تۇرۇشىنى تۆت تادۇ (ئاناسىر ياكى ماددا) ئاساسىغا باغلايدۇ. بۇ مەزمۇنلارنىمۇ بەدىئىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدا پلانېتلارنىڭ ئۆزئارا ئايلىنىپ تۇرۇشى، بىر - بىرىگە تاقاشماستىن ھەرىكەت قىلىشى، بولۇپمۇ قۇياشنىڭ تۇرغۇن ھالەتتە تولۇپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئاينىڭ ئايلىنىشى، ئاي قۇياشقا توپتوغرا كەلگەندىلا ئاينىڭ يۈزى تولۇشى قاتارلىقلار، قىسقىسى، ئەسەردىكى تۈپكى غايە، ئېتىقاد — قەدىمكى ئەجدادلارنىڭ قۇياشقا چوقۇنغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن تەسۋىرلەنگەن بولسا كېرەك. بۇنداق ئۇسۇل بىر تەرەپتىن، ئوبرازلارنى يارىتىشقا ۋاستە بولغان بولسا، يەنە

بىر تەرەپتىن، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت سىرلىرىنى كىتاب-
خانلارنىڭ كۆز ئوڭىدا ئوچۇقراق ئېچىپ بېرىش ئۈچۈن
قوللىنىلغان بولسا كېرەك.

ئۇيغۇر خەلقى تارىختىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئوچۇق-
چىراي ۋە مېھماندوستلۇقى بىلەن باشقا مىللەتلەردىن
روشەن پەرقلىنىپ كەلدى. شۇنداقلا، باشقىلارغا ياخشى-
لىق قىلىشنى، ئەل-يۇرتنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن
مال-مۈلۈك سەدىقە بېرىشنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا
مىراس قالدۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسىدا داستانلار يارىتى-
«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۇما (مېھمان) كەلسە،
قۇت كېلۇر شەكلىدىكى ماقال-قوشاقلار، «قۇتادغۇ
بىلىك» داستانىدىكى مېھمان چاقىرىش ۋە مېھمانغا بېرىش
جەھەتتىكى قائىدە-يوسۇنلار توغرىسىدىكى بايانلار،
بالا تۇغۇلغاندىن باشلاپ ئۇنى ئۆيلەشكىچە بولغان ئارى-
لىقتىكى ئۆرپ-ئادەتلەر ھەققىدىكى بابلار — تالانت-
لىق يازغۇچى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى تەۋە
بولغان مىللەتنىڭ روھىغا سادىق بولغانلىقىنى كۆرسى-
تىدۇ. ئادەم بالىسى تۇغۇلۇشىدىنلا دانىشمەن بولمايدۇ،
ئۇ، ئۆگىنىش، تەربىيە ئارقىسىدا دانىشمەن بولىدۇ دەيدۇ
(1680 - بېيىتلار). بۇ، ئەينى زاماندىكى كۇڭزىچىلار
تەرغىپ قىلغان ئادەم بالىسى تۇغۇلۇشىدىنلا دانىشمەن
بولىدۇ، دەيدىغان نۇقتىئىنەزەرگە جاۋاب بېرىدۇ. قىس-
قىسى، داستاننىڭ ھەرقايسى بابلىرىدا ئۇيغۇر مۇھىتىنىڭ،
ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتىنىك قاتلاملىرىغا خاس روھىي
ھالىتى ئىپادە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز. مەسىلەن، ھايات-

لستىنىڭ داۋام قىلىشى توغرىسىدىكى كۆزقاراشلار...
شائىر گەرچە تەقۋادار مۇسۇلمان بولسىمۇ، ئۇيغۇر خاراكتېرىنى، ئۇيغۇرلار مۇھىتىنىڭ قانداق سەۋىيىدە ئىكەنلىكىنى، تىمقىسى، شۇ مۇھىت ئۇيغۇر ھايات پەلسەپىسىنى سىزىپ بەرگەن. بۇنداق ئەھۋال كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتىدىمۇ ۋارىسلىق قىلىنغان. مەسىلەن، ناۋايى ئەسەرلىرىدە شەرق پەلسەپىسى ئۆز دەۋرىگە خاس ئىپادە قىلىنغانلىقىنى كۆرىمىز.

«پەرھاد - شېرىن» داستانىنى ئالايلى، بۇ داستان ئەرەب - پارس ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەر تۇرمۇشىدىمۇ خېلى چوڭ ئورتاقلىققا ئىگە خەلق داستانى، لېكىن، ھەر بىر خەلقنىڭ «پەرھاد - شېرىن»لىرى ئۆزىنىڭ مىللىي خاراكتېرىدە گەۋدىلەندۈرۈلگەنلىكىنى كۆرىمىز. ئۇيغۇرلار ئىچىدىكى «پەرھاد - شېرىن» داستانىدا باش قەھرىمان پەرھاد خوتەن يىگىتى بولۇپ، ئۇيغۇرلارغا خاس جىسمانىي ھەم پىسخىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. ئۇ رەسسام، نەققاش، بىناكار... شېرىن كۇچار مەلىكىسى بولۇپ، ئۇيغۇر قىزلىرىغا خاس سۈپەتكە، نازاكەتكە ۋە قەيسەرلىككە ئىگە. شىنجاڭ قۇرغاق جاي، سۇ قىس، سۇ قۇرۇلۇشى بۇ يەردىكى مۇھىم جاپالىق قۇرۇلۇشلاردىن بولۇپ، ئۇ خەلق ھاياتىغا بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك زور مەسىلە. مانا بۇ ئالاھىدىلىك داستاندا مەركەزلىك ئىپادىلەنگەن. «تاغ - دەريالار تەسۋىرى جەھەتتە داستاندا شىنجاڭنىڭ تاغ - دەريالىرىغا خاس تەبىئەت

مەنزىرىسى ناھايىتى ئەينەن تەسۋىرلەنگەن»①.
«قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئاپتور خەلق ماقاللىرىدىن،
ھېكمەتلىك سۆزلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. مۇنداق
ماقال، ھېكمەتلەر 200 پارچىگە يېتىدۇ، بۇلارنى
داستاندا كونكرېت ئىنسان پائالىيەتلىرى بىلەن
باغلاپ، كىشىلەرگە ئەقىل ئۆگىتىدۇ. بۇلارنىڭ بىر
قىسمى ھازىر بىز قوللىنىۋاتقان ماقاللارغا ئوخشايدۇ،
بۇلارنى بىز ئەينەك قىلىشىمىزغىمۇ بولىدۇ. داستاندا
يەنە ئىلگىرىكى بوۋىلار ئۆزىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى
ياش ئەۋلادىغا ھېكايە قىلىپ بېرىدۇ، جەمئىيەتتە داۋام-
لىشىپ كەلگەن ياخشىلىق، يامانلىقلارنىڭ سىرلىرىنى
كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. مۇئەللىپ، كۆپنى كۆرگەن كىشى
مۇنداق دەيدۇ، ياكى ئىلى ئاتلىقى مۇنداق ئېيتقاز
ئۆتۈكەن بېشى مۇنداق دېگەن قاتارلىق ئۇسۇللار بىلە
ئۆزى تەۋە بولغان مىللەتنىڭ ۋە قەبىلىنىڭ ئەقلىيە
سۆزلىرىنى قەيت قىلغان، قارىغاندا، شائىر ئۆزىنىڭ
زامان ـ زاماندىن بۇيانقى ئەجدادلىرىنىڭ توپلىغان
ئەقىل ئۈنچىلىرىنى كېيىنكى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرۇشنى
ئۆز بۇرچى ھېسابلىغان. شۇنداقلا، ئۆز ئۇرۇق ـ ئەج-
دادلىرىنىڭ باتۇرلۇق ۋە ئادىللىقىنى سۆيىدىغان، ۋەتەن-
پەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىكنى قەدىرلەيدىغان ئەنئەنى-
لىرىنى جارى قىلىشنى دىنىي ئەقىدىلەردىن ئۈستۈن

① «ئەدەبىيات نەزەرىيىسى»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى نەشرى.

قويغان بولسا كېرەك. بۇ دەۋرتە كىتاب مەتىنىدە ئىسلام ئەقىدىلىرىدىن، ئىسلام نىزاملىرىدىن بىرەرسىنىمۇ ئاللاھىدە خىتاب قىلمىغانلىقى شائىرنىڭ ۋەتەنپەرۋەر مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. مەلۇم مەنىدە دىنىي خۇراپىي ئىسلام ئەقىدىسىگە قارشى ھالدىكى پىكىرلەرنى كۆرۈشكە بولىدۇ. شائىر داستانىنىڭ بىر يېرىدە ھەممە ئادەم دىنىي ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆڭكۈرلەرگە، تاغلارغا چىقىپ كەتسە جەمئىيەت جەمئىيەت بولماي قالىدۇ. شۇڭا، «بۇ دىن دالى، دۇنيا دالى قارشى ئول» دەيدۇ. شائىر بۇ يەردە «د» ھەرپىنىڭ ھەر ئىككى ئۇقۇمدا ئوخشاش قوللىنىلىشىمۇ، لېكىن دىن بىلەن دۇنيانىڭ زىددىيەتلىك ھالىتىنى كۆرگەن. ئومۇمەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۆزىگە خاس سىيۇژىتقا ئىگە ۋە ئاللاھىدە ئۇسلۇب بىلەن يارىتىلغان ئەسەر.

XI ئەسىردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى گۈللىگەن. قەدىمكى تىل ئۆز تەرەققىياتىدا نادىر ئەسەرلەرنى يېزىش ۋە ئىنچىكە بەدىئىي ئوبرازلارنى يارىتالايدىغان سەۋىيىدە بولغان. ئاپتور ئۆزىنىڭ مىللىي تىل ۋە مىللىي ئۆرپ-ئادەتلىرىگە قارىتا ئىللىق قاراشتا بولۇپ، ئەسەر غايىسىنى ئىپادىلەشتە ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. بىلىمىزكى، شۇ دەۋردە مودا بولۇپ قالغان ئەرەب تىلى بىلەن ئەسەر يېزىش قائىدىسىنى بۇزۇپ، مىللىي روھ بىلەن مەيدانغا چىققان يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىي تىل ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات ساھەسىدە كېيىنكىلەر ئۈچۈن مەڭگۈلۈك چېچىپ تۇرىدىغان يادىكارلىق قالدۇرغان. بۇ داس-

تاندىكى سىيۇژىت ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋەقەلەر ۋە شېئىرىي شەكىللەر ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئەھۋالىنى كونكرېت كۆرسىتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز ئانا تىلىدا يېرىك بەدىئىي ئەسەر يارىتىشتەك مۇھىم ۋە شەرەپلىك ئىشنى مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىغانلىقى، ئەينى زاماندا كەڭ تېررىتورىيىنى ئىگىلىگەن خاقانىيە ئۆلكىسىدىكى بارلىق قەبىلە، خەلقلەر تىللىرىدا بىرلىك يارىتىش، ئۇلارنىڭ ئەدەبىي تىل نورمىلىرىنى كۆرسىتىش، شۇنداقلا كېيىنكى تەرەققىيات ۋە ئەۋلادلار ئۈچۈن بەلگىلىك ئىز ۋە ئاساسلار قالدۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىدى.

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھەرقايسى تەركى- بىي قىسىملىرىنى كۆزدىن كەچۈرىدىغان بولساق، مىڭ يىللار ئىلگىرى يېزىلغان بۇ يازما يادىكارلىقنىڭ ئاسا- سى لۇغەت فوندى بىلەن گىراماتىكىلىق شەكىللەردە ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاشلىق بارلىقىنى كۆرىمىز.

ئومۇمەن «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا ئېپىك، دراماتىك لىرىك ژانىرلار بىر ـ بىرى بىلەن ئۆتى- شىپ كەتكەن. ئەسەردە ئېپىك ۋە دراماتىك تەسۋىر بىلەن بىر قاتاردا لىرىك تەسۋىرلەر بىرىكىپ كىشى قەلبىنى مەپتۇن قىلىدۇ.

ئەسەردە باھار تەسۋىرى، يىگىتلىكنى قەدىرلەش، قېرىلىقتا ئېچىنىش، دۇنيانىڭ بىۋاپالىقىغا، دوست ـ يارانلارنىڭ بىۋاپالىقىغا ئېچىنىش، ئۆزىنىڭ ئۆزىنى بايان قىلىشقا ئاتالغان لىرىك ئېپىزوتلار ناھايىتى تەسىرلىك

يېزىلغان. بۇ خىل ئېپىزوتلاردا شائىرنىڭ يۈكسەك لىرىك ماھارىتى ئالاھىدە نامايان بولغان. بۇ ئەينى زاماندا شائىرنىڭ ئەرەب-پارس ئەدەبىياتىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىقىنى چەتكە قاقمايدۇ.

شائىر باھار پەسلىنى تەسۋىرلەيدىكەن، شەرقتىن كەلگەن باھار شامىلى ئالەمنى ياشنىتىش ئۈچۈن جەننەت ئىشىكىنى ئاچتى. قۇياش ھۇت بۇرجىدىن ھەمەلگە (بېلىق قۇيرۇقىدىن قوزى بۇرنىغا) ئۆتتى. زېرىكەرلىك قىشنىڭ باھار بىلەن ئالماشقىنىنى، كافۇر (قار) كېتىپ، ئالەمنى ئىپار (ئەلۋان رەڭ) قاپلىغىنىنى، قىرمىزى گۈللەر ئېچىلىشىنى. ھەممە نەرسە جانلىنىپ سېرىق، كۆك، قىزىل، ئارغۇۋان ئوخشاش رەڭلەر بىلەن بېزەلگىنىنى، گۈلزارلىقتا قۇشلارنىڭ زوقلىنىپ سايرىشىنى، چۆل-داللاردا جانىۋارلار ئويناقلىشىپ يۈرۈشىنى، بۇلۇتلار گۈلدۈرلەپ، چاقماقلار چېقىشىنى، يامغۇر، يېشىن يېغىشىنى، ئومۇمەن جانلىق ۋە جانسىز تەبىئەتتە روي بېرىدىغان ئويغىنىش ۋە جانلىنىشنى چوڭ كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن كۈيلەيدۇ. تەبىئەتتىكى بۇ ئويغىنىش، جانلىنىشنى ئاپتور ئۆز ئېلىنىڭ تەقدىرىگە كۆچۈرىدۇ، باغلايدۇ ۋە بۇ ئويغىنىش، ئۆزگىرىشلەر ئويغۇر ئېلىنىڭ ئويغىنىشى، ئۇنىڭ گۈللەپ ياشنىشى، دېگەن پىكىرنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. مۇئەللىپ ئېلىنىڭ روناق تېپىشى، تەرەققىياتى، گۈللەپ ياشنىشى جەريانىدىكى ئۆزىنىڭ ئىزگۈ ھېس-تۇيغۇلىرىنى، ئۈمىد-ئارزۇلىرىنى نەپىس تىل ۋاستىسى بىلەن ئىزھارلايدۇ.

## خۇلاسە

كەڭ ئىلىم ئەھلىگە مەلۇم بولغىنىدەك، XI ئەسىردىكى قاراخانىلار سۇلالىسى دەۋرىدىكى ئۇيغۇر مۇھىتىدا جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش پىكىر ئېقىمى مەۋجۇت ئىدى. بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆتكۈرلۈك بىلەن بايقىغان مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەخلاقنى ئىسلاھ قىلىش، دۆلەتنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئادالەت يولىدا كۈرەش قىلىش، قانۇن ئالدىدا ھەرقانداق ئادەم باراۋەر بولۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھالدا «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنى يېزىپ چىققى.

ئۇيغۇرلار جۇڭگونىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنى يارىتىشتا ئۆزىنىڭ مۇناسىپ تۆھپىسىنى قوشقان. بۇ خەلقنىڭ ئۆزىگە خاس ۋە رەڭدار مەدەنىيىتى، سەنئىتى بار. مۇنداق باي مەزمۇنلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتكە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشى ئاساسىي مەنبە بولغان. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ شانلىق ئۇزاق تارىخىدا ئىنسانپەرۋەرلىك، ئادالەتپەرۋەرلىك، مېھماندوستلۇق، ئىناقلىق ۋە ئەركىن مۇھەببەتنى قەدىرلەش، ناخشا - ئۇسۇلنى سۆيۈشتەك ئالاھىدە خاراكتېر كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ دۇنيادا غەربىي دىيار دەپ ئاتالغان بۈگۈنكى شىنجاڭ «ناخشا - ئۇسۇلنىڭ ماكانى» دەپمۇ نام ئالغان. بىز داستان سەھىپىلىرىنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىدىغان بولساق، ئەينى زامانلاردىكى بىز-

نىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ سەنئەت بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرىمىز. قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدىكى قاتار مەشرەپلەرنى (سورچۇك دېيىلگەن)، توي - مۇراسىملاردا چېلىنىدىغان ناغرا - سۇنايلارنى (1036 - بېيت) ئۇچرىتىمىز. ئەجدادلار ئۆز ئېلىنىڭ باتۇر خاقانلىرىنى نەپىس سۆز سەنئىتى بىلەن ماختاپ داستانلار يازغان. مەسىلەن، ئوغۇزخان، كول بىلگە خاقان، ئالىپ ئەرتوڭا ۋە تۇركەن خاتۇن ھەققىدىكى قەسىدىلەر بۇ سۆزىمىز ئۈچۈن شاھىد بولىدۇ. بۇلار ھەممىسى ئەينى زامانىدا ئۆزىگە خاس ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان بەدىئىي ئەسەرلەر دېيىشكە بولىدۇ.

## قىممەت باھالىق سەنئەت ئەڭگۈشتىرى — «قۇتادغۇبىلىك» تىكى مەنتىقىي پىكىرلەر ۋە بەدىئىي قاراشلار

ئابلەت ئۆمەر

جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىي يادىكارلىقى — «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدىكى مەملىكەت بويىچە تۇنجى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مەزكۇر نادىر ئەسەر بارلىققا كەلگەن مۇقەددەس جايدا، شۇنداقلا ئاپتور يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئانا يۇرتى ئەزىزانە قەشقەر (ئوردوكەنت) دە ئۆتكۈزۈلگەنلىكى كىشى قەلبىنى شادلىققا چۆمدۈرىدىغان زور بىر خۇشاللىق ئىش. بۇ ئەدەبىيات تارىخىدا مەڭگۈ ئۆچمەس قىلىپ ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغۇسى.

بىزنىڭ مۇشۇ كۈندە بۇ سورۇنغا جەم بولۇپ، ئالتۇن كىتابىمىز «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا مۇھاكىمە يۈرگۈزۈشىمىزدە ئۆز دەۋرىدىكى كامالەتكە يەتكەن ئالىم، مۇتەپەككۇر ۋە تالانتلىق ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپقا مۇشۇنچىلىك چوڭقۇر ھۆرمەت، ئېھتىرام ۋە

ئىلتىپات كۆرسىتەلىشىمىز پارتىيىمىزنىڭ 3 - ئومۇمىي يىغىنى بەلگىلىگەن شانلىق سىياسەتنىڭ مەھسۇلى؛ جى-ى. مىللەتنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىي مىراسلىرىنى قىرقىيدىغان «سول» ئېقىمغا خاتىمە بېرىلىپ، مۇنەۋۋەر مەدەنىي مىراسلارنى قېزىش، رەتلەش ۋە ئۇلاردىن ئۇزۇقلىنىشتا پارلاق مەنزىرە ئېچىپ بەرگەنلىكىنىڭ نەتىجىسى. «ھەقىقەتەن باشلانماقتا — بىزدە «قۇتادغۇ بىلىك» شۇناسلىق زامانى، يوقالغاچقا جاھالەتنىڭ تۇمانى».

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئا. دىل ئاچار: «قۇتادغۇ بىلىك» پارلىداپ تۇرغان كوچىلار بىلەن تولغان بىر شەھەردۇركى، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشىدۇ. ھەممە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چىقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق.» دېگەن ئىدى. مەنمۇ پەقەتلا ئۆزۈم كۆرگەن كوچا، يەنى «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بەزى مەنتىقىي پىكىرلەر ۋە بەدىئىي قاراشلار ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى مەنتىقىي پىكىرلەر

«قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىنىڭ پارلاق نامايەندىسى، ئىلمىي مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممەتلىك بايلىقى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىدېئولوگىيىنىڭ مۇكەممەل قامۇسى. چۈنكى، ئۇنىڭدا قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى رېئال

ئىجتىمائىي تۇرمۇش چىن ۋە ئوبرازلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، تارىخ، پەلسەپە، ئىقتىساد، قانۇن، ئەخلاق، دىن، مائارىپ، مېدىتسىنا، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، دىپلوماتىيە ۋە ھەربىي ئىلىم قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسى توغرىلىق مۇپەسسەل ۋە ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن.

«قۇتادغۇ بىلىك»تە نامايان قىلىنغان بارلىق رېئال تۇرمۇش مەنزىرىلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى ۋە تەربىيىۋى پىكىرلەرنىڭ ھەممىسى شېئىرىي تىل ۋە بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، داستان شەكلىدە گەۋدىلەنگەن. مەلۇمكى، «قۇتادغۇ بىلىك» ئادى بىلەن بىر نادىر ئەدەبىي ئەسەر، مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەر. ئۇ، روشەن، جانلىق بەدىئىي ئوبراز ئارقىلىق تەبىئەتتىكى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ۋەقە، ھادىسە ۋە كۆرۈنۈشلىرىنى ھەققىي تۈردە قايتا ئىپادىلەپ، مۇئەييەن تارىخىي دەۋردىكى ئىقتىساد، سىياسىي ۋە مەدەنىيەتنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. تۈرلۈك سىنىپلار، تەبىقىلەر ۋە ھەر خىل شەخسلەرنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە ئارزۇ - ئارمىنى، شۇنىڭدەك رېئال مۇناسىۋەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق كىتابخانلارنى تارىخ، رېئاللىق، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك ھايات توغرىسىدىكى تۈرلۈك بىلىملەرگە ئىگە قىلىدۇ.

ئىنقىلابىي دېموكرات ۋە ئاتاقلىق تەنقىدچى چېرنىشېۋسكىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەدەبىي ئەسەرلىرىنى «تۇرمۇش دەرسلىكى» دەپ ئاتىغانلىقى، ۋ. ئى. لېنىننىڭ

ل. تولستوينى «رۇس ئىنقىلابىنىڭ ئەينىكى» دەپ باھالىغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبى مانا شۇ يەردە.

ماركس ئەنگلىيىنىڭ رېئالىست يازغۇچىلىرى چارلىز دىككىنس، چارلوتتى برونتى خانىم ۋە ھاككى خانىملار ھەققىدە توختالغاندا، ھازىرقى ئەنگلىيىنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ھېكايە رومانچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ مەشھۇر، تەسىرلىك كىتابلىرىدا دۇنياغا ئېچىپ بەرگەن سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھەقىقەتلەر، بارلىق كەسپىي سىياسىئونلار، سىياسىي ئوبزورچىلار ۋە ئەخلاقشۇناسلارنىڭ ھەممىسى ئېچىپ بەرگىنىدىنمۇ كۆپ بولدى.»① دېگەن ئىدى.

«قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئوتتۇرىغا قويغان مەسىلىلەرنىڭ سالمىقىنىڭ زورلۇقى، ھەجىمىنىڭ چوڭلۇقى، ئىدىيىۋىلىكىنىڭ كۈچلۈكلۈكى، بەدىئىي قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى جەھەتتىن، شۇنداقلا جاھان ئەدەبىياتىدىكى ئورنى ۋە تەسىرى جەھەتتىن قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق نەمۇنىسى بولۇش بىللەن ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىنىڭ قىممەت باھالىق سەنئەت ئەنگۈشتەرى.

لېنىن: «ھەرقانداق مىللىي مەدەنىيەتتە ئىككى خىل مىللىي مەدەنىيەت بولىدۇ. ھەر بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىدە گەرچە تەرەققىي تاپمىغان بولسىمۇ، بەزى دېموكراتىزملىق، سوتسىيالىزملىق تەركىبلەر بولىدۇ. چۈنكى، مىللەتلەرنىڭ ھەرقانداقىدا ئەمگەكچى ئاممىمۇ،

---

① ماركس: «ئەنگلىيە بۇرژۇئازىيىسى»

ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى ئاممىمۇ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شەرت - شارائىتى مۇقەررەر ھالدا دېموكراتىك ۋە سوتسىيالىستىك ئىدىيە سىستېمىسىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. لېكىن ھەربىر مىللەتتە بۇرژۇئا مەدەنىيىتى (كۆپ ساندىكى مىللەتلەردە يەنە گېبزەندىلەر ۋە دىنىي ھوقۇقچىلىق مەدەنىيىتى) مۇ بولىدۇ. بۇ، بىر «تەركىب» لا ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرىدىغان مەدەنىيەت.»① دەپ كۆرسەتكەن ئىدى.

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قاراخانىلار دەۋرىدىكى تۇرمۇش، ئىدىيە، ئارزۇ ۋە مەنپەئەتىنى ئەكس ئەتتۈرگەن، خەلق كۆڭۈل بۆلىدىغان زور ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان، خەلقنىڭ ئەقىل پاراستىنى بېيىتىشقا ۋە ساغلام پەزىلىتىنى بىلدۈرۈشكە پايدىلىق بولغان، كەڭ خەلق ئاممىسى ياقتۇرۇپ ئوقۇيدىغان، كۈچلۈك دېموكراتىك خاھىشقا، خەلقچىلىككە، مەرىپەتپەرۋەرلىككە ئىگە بولغان مۇنەۋۋەر ئەسەر بولۇپ مىللىي مەدەنىيىتىمىز ئىچىدىكى بىر ئېسىل گۆھەردۇر.

داستاندا قاراخانىلار خانلىقىدىكى رېئال تۇرمۇش مەسىلىلىرى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر، يەنى ھەر خىل قاتلاملارغا مەنسۇپ كىشىلەرنىڭ، خاندىن تارتىپ

① لېنىن: «مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى تەنقىدىي پىكىرلەر»، «لېنىن ئەسەرلىرى» 20 - توم، خەنزۇچە نەشرى 6 - بەت.

ھەدىكارغىچە بولغان ھەر خىل كىشىلەرنىڭ كۆزقا-
راش، ئەخلاق ۋە ئۆرپ-ئادەتلىرىنى توغرا ئىزغا سېلىش-
نىڭ زۆرۈرلۈكى، قاراخانىلار جەمئىيىتى دۈچ كېلىۋات-
قان يېمىرىلىش خەۋپىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، تىنچ، بەخ-
تىيار، پەزىلەتلىك ۋە ئادىل غايىۋى جەمئىيەت قۇرۇش-
نىڭ مۇھىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ
ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانى ۋە ھامىيسى بولغان شاھنى
«كۈنتۇغدى» دېگەن سىمۋوللۇق نام بىلەن ئاتاپ، ئۇ-
نىڭ جىمى يۇقىراغا خۇددى كۈنگە ئوخشاش تەكشى نۇر چې-
چىشىنى، ئادالەت ۋە ھەققانىيەت يولىغا قويۇشىنى، ئادىل
قانۇن يۈرگۈزۈشىنى ۋە يۇقىرى مەلۇماتلىق، پەم-پا-
راسەتلىك، يۈكسەك ئەخلاق-پەزىلەتلىك بولۇشىنى
ئۈمىد قىلىدۇ.

217 جاھان ئۇتقىلى ئەر ئوقۇشلۇق كېرەك،
كېرەك يۇرت سوراشقا ئەقىل ۋە يۈرەك.

284 پەزىلەت كېرەك مىڭ تۇتۇشقا جاھان،
قۇلان ئۇتقىلى، كور، كېرەك ئارسلان.

شائىر فېئوداللىق جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قات-
لاملار ئوتتۇرىسىدىكى رېئال مۇناسىۋەتتە، شاھنىڭ رو-
لىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ

گۈزەللىكنى، خەلقنىڭ پاراۋانلىشىشىدا مۇھىم كۆرۈلۈك- لۈك ھەم ۋاسىتىچىلىك رول ئوينايدىغان بەزى ئەمەل- دارلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەرنى ئىجابىي جەھەتتىن بايان قىلىپ بولغاندىن كېيىن سەلبىي جەھەتتىن مۇنۇ- لارنى جىكىلەيدۇ:

2012 گۈزەل بولمىسا بەگدە خۇي، سۆز ۋە تىل،
ئۇ ئەلدە تۇرالماي قاچار بەخت، بىل.

2030 سۇرەلمەس زالىم بەگ بەگلىك دەۋرىنى،
كۆتۈرمەيدۇ خەلقى ئۇنىڭ زۇلمىنى.

شائىر ئۆز داستانىدا «ھىممەتلىك بولۇش، ياخشى- لىق قىلىش پەزىلەتنىڭ شەرتى»، «خەلقنى پاراۋان قىلىش ھاكىمىيەتنىڭ مەقسىتى»، «ئەل نەزىرىگە ئېرىشمەك خانلىقنىڭ ئاساسى»، «ياخشىلىق — ھايات شاد- لىقى، ئۆمۈر شەبنىمى، دۇنيا گۈزەللىكى»، «ئەل نەزىرى — خانلىق سەلتەنەتنىڭ ئاساسى»، «پارىخورلۇق — دۆلەتنىڭ نومۇسى» دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇ، ئەسكەرلەرنىڭ سەركەردىسى باش قوماندانىدىن ئارسلاندەك يۈرەكلىك ھەم قەھىر- لىك، قاپلاندەك بىلەكلىك، بۆرىدەك كۈچلۈك، ئېيىقتەك ئېتىلغاق، قوتازدەك سۇرلۇك، تۈلكىدەك ھەيyar, ئار تۆگىدەك ئۆچلۈك ساقلىغۇچى، قىيا قۇزغۇنىدەك يىراقنى تىكىلگۈچى... » بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ يەنە پۈ- تۈكچى (كاتىپ) ھەققىدە:

2674 ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئۆزى،
كېرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.

دەپ يازىدۇ ھەمدە يۇقىرىدىكى ئۈچ مۇھىم شەخسنىڭ رولىنى خۇلاسىلەپ مۇنداق بايان قىلىدۇ:

2418 ۋەزىرلىك بېرىدۇر، ئۇنىڭدا قەلەم،
قىلىچ تۇتىنى بېرسى، قولىدا ئەلەم.

2426 بولۇر تېز قىلىچ بىرلە يۇرت ئالغىلى،
قەلەمسىز مۇمكىن ئولماس ئەل تۇتقىلى.

داستاننىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، ئۇنىڭدا بارلىق ماددىي ۋە مەنىۋى بايلىقنىڭ ياراتقۇچىسى، دۆلەت ۋە جەمئىيەتنىڭ تۈۋرۈكى بولغان تۆۋەن قاتلامدىكى ئەمگەكچىلەردىن دېھقانلار، چارۋىچىلار ۋە باشقا ھۈنەرۋەنلەرگە ئالاھىدە ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، شائىر ئۇلارنىڭ غايەت زور رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئۇلارنى قىزغىن مەدھىيىلىگەن (مىسال قىسقارتىلدى).

شائىر ئۆز داستانىدا ئالىملارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئەل - يۇرتنى گۈللەندۈرۈشتىكى ئۇلۇغ تۆھپىسىگە قايىل بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىگانت رولىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن.

4342 يانا بىر گۇرۇھ ئۇ ئالىملار ئېرۇر،
ئۇلار ئىلمى خەلقنىڭ يولىن يورۇتۇر.

4352 ئۇلاردىن كېرەكى ساڭا ئىلىمدۇر،
بېتەكلەپ، ساڭا ھەق يولىن كۆرسىتۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا شاھ ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرىغا بىر قاتار ئاقىلانە تەلەپلەرنى قويۇش بىلەن بىللە جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى ئەزالىرىغىمۇ باتۇر، ۋىجدانلىق، ئاق كۆڭۈل، راستچىل، سەممىي، ھەققانىيەتچىل، ئۆز ئارا كۆيۈمچان بولۇشنى، ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىش ئۈچۈن بىلىم - ھۈنەر ئىگىلەشنى نەسىھەت قىلىدۇ ۋە ئۇلارنى «ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ زور خىسلەت» دەپ ھېسابلايدۇ. مانا بۇلار شائىرنىڭ دۇنيا قارىشىدىكى ئىلغارلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك ۋە خەلقچىللىقنىڭ روشەن ئىپادىسى بولۇپ، ئۇ، گەرچە ئوتتۇرا ئەسىردىكى فېئوداللىق دەۋردە يارىتىلغان بولسىمۇ، تاكى ھازىرغىچە بەلگىلىك رېئال ئەھمىيىتىنى ساقلاپ كېلىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە. شائىرنىڭ دۆلەتنى ئىلىم - مەرىپەت ئۈستىگە قۇرۇش، دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق دېموكراتىك ئاساستا باشقۇرۇش، شاھتىن تا جىمىكى پۇقرالارغىچە ئىلىم - پەن ۋە ھۈنەر ئىگىلەش توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى، يەنى ئاپتورنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك كۆزقارىشى ئەڭ قىممەتلىك بولۇپ، مەلۇم تارىخىي ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. يۈسۈپ

خاس ھاجىپ داستاندا ئۇلۇغ بىر مەرىپەتپەرۋەر سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. بۇ ئالدى بىلەن داستاننىڭ ماۋزۇسىدا ۋە باش تېمىسىدا ئۆز ئىپادىسىنى تاپىدۇ.

بىزگە مەلۇمكى، «بىلىم — كۈچ» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى XVI ئەسىردىكى ئەنگلىيە مۇتەپەككۇرى بېكون ئوتتۇرىغا قويغانلىقى راست. ئەمما، «قۇتادغۇ بىلىك»— ئىنسانغا بەخت - سائادەت كەلتۈرگۈچى بىلىم دېگەن بۇ ئىلمىي ھۆكۈمنى مۇتەپەككۇر شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بېكوندىن 500 نەچچە يىل ئىلگىرى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىمۇ تارىخىي پاكىت. ئۇ، ئاللىبۇرۇنلا ئىلىم - پەن بىردىنبىر توغرا يول، بۇ ئارقىلىق كىشىلەر بەخت - سائادەتكە ئېرىشىدۇ، ئارزۇ - ئارمانلىرىغا يېتىدۇ، بىلىم ئىنسانلار ئەقلىنىڭ مېۋىسى ۋە مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئوزۇقى. كىشى تۇغۇلۇپلا بىلىملىك بولمايدۇ، تىرىشىپ ئۆگىنىش ئارقىلىق بىلىمگە ۋە ئەقىل - پاراسەتكە ئېرىشەلەيدۇ، بىلىم كىشىلىك جەمئىيەتنى ئالغا ئىلگىرىلىتىدۇ دەپ ھېسابلىغان. ئۇنىڭ بىلىم توغرىسىدىكى چوڭقۇر مۇھاكىمىسى ھېلىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە ۋە قىبلىنامە قىلىشقا ئەرزىيدۇ.

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

211 كىشى كۆڭلى تۈپسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

دېڭىزدىن چىقارمىسا تېنچە كىشى، 212
قالۇر پەرقسىز بولۇپ ئۇنچە ساي تېشى،

شائىر ئۆزىنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، بىلىم-مەرىپەت ۋە مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش، جەمئىيەت-تىكى ناھەقچىلىكنى ۋە ناچار ئىللەتلەرنى ئىلىم - پەن، ئارقىلىق تۈزىتىش توغرىسىدىكى مەسىلىلەرنى ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك دەپ قاراپ، ئوتتۇرا ئەسىردىكى جاھالەتلەرگە ۋە نادانلىققا قارشى ناتسىئونالىزم (ئەقىل - ئىدراكچىلىق) كۆزقارىشىنى تەرغىپ قىلىدۇ. ۋەھالەنكى، جەمئىيەتتىكى تەكشىسىزلىك ۋە ناچار ھا-دىسىلەرنى پەقەت ئىلىم - پەن بىلەن ئۆزگەرتىشكە ئورۇنۇشىنىڭ ئۆزى مەسىلىنىڭ تۈپ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرەلمىسۇ. خەلق فېئودالىزم ئىسكەنجىسىدە تۇرۇۋاتقان نا-دانلىق ۋە دىنىي خۇراپاتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر شارائىتتا ئىلىم - پەننىڭ رولىنى ئۇلۇغلاشنىڭ ئۆزى بىر خىل ئىلغارلىق ۋە تەرەققىيپەرۋەرلىكتۇر.

شائىر دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئۈچۈن، مەم-لىكەتنى تاجاۋۇزچىلىق ۋە ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن ساقلاش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەسكەر - قوشۇن قۇرۇش، مال-دۇنيا، ئىقتىساد بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن خەلقنى بېيى-تىش بىردىنبىر يول ئىكەنلىكىنى، خەلقنى بېيىتىش-نىڭ توغرا يولى بولسا ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈشتىن ئىبا-رەت ئىكەنلىكىنى ئىزھار قىلىدۇ. ئۇ قانۇن توغرىسىدا مۇنداق بايان قىلىدۇ:

3463 ئادىل قانۇن، كۆككە بىر تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا ئۇ، قانۇن ئاسمان يىقىلۇر.

3464 يىرىق ئۇرسە قانۇنلارغ بەگلەر مۇبادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزار ئاتتى خۇدا.

شائىر ئادالەت ۋە قانۇننىڭ سىمۋولى بولغان شاھنى قويچىغا ئوخشىتىپ، خەلققە خۇددى قويچى قويىغا كۆيۈنگەندەك مېھرىبان بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

1412 خەلق قوي كەبىدۇر، بېگىدۇر چوپان،
چوپان بولماق كېرەك قويغا مېھرىبان.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ھەقىقەتەنمۇ قەدىمكى زامانىنىڭ مەشھۇر پەيلاسوپى. ئۇ، ئىنسانىيەت دۇنياسى، دۆلەت، جەمئىيەت، ئەدەب - ئەخلاق، ئىلىم - مەرىپەت ۋە مەدەنىيەت نۇقتىئىنەزەرلىرى جەھەتتە ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ كامالەتكە يەتكەن چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرى بولۇشقا مۇناسىپ. چۈنكى، ئۇنىڭ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيەتلىرى، يېڭى بىلەن كونا، ئىچكى ئامىل بىلەن تاشقى ئامىل، ھالاۋەت بىلەن جاپا، قېرىلىق بىلەن ياشلىق، يامانلىق بىلەن ياخشىلىق، ھايات بىلەن مامات توغرىسىدىكى چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل كۆزقاراشلىرىدا ساددا دىئالېكتىكىلىق پىكىرلەر روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. بىز بۇ كۆزقارىشىمىزنى ئىسپاتلاش

ئۆچۈن داستانىدىكى ئاللاقىدار باياتلاردىن پەقەت بىر-
دىنلا بېيىتىنى مىسال كەلتۈرىمىز:

689 پۈتۈن تەم ۋە لەززەت يېمەكدا بولۇر،
بۇ ئەززەتنى ئىستەپ كىشى قىينىلۇر.

5109 ئىلىمنىڭ سەن قارىما كىشى تېپىشغا،
ئىچىگە قارا ھەم مەخپىي ئىشىغا.

1087 چىقىشقا چۈشۈش بار، ئىگىزگە باتىق①،
سۆيۈنچكە قايغۇ-غەم، ئاچچىققا تاتىق②.

731 ئاي ئاۋۋال تولادۇر كىچىك تۇغۇلۇر،
كۈندىن كۈن چوڭىيىپ يۇقىرى چىقۇر.

434 ھالاۋەت ھەمىشە جاپا بىرلەدۇر،
سۆيۈنۈش قايغۇلە دائىم تەڭ يۈرۈر.

2250 قارا تۈن، يورۇق كۈن ئاراسى يىراق،
يېشىل سۇ قىزىل ئوتقا بولماس قوناق③.

4818 سەن مەيلى بەگ بول يا مەيلى بول بىر قۇل،
قالالماسەن ئۇزاق، ئۆلۈم توسار يول.

---

① باتىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) چوڭقۇرلۇق، ئوي يەر.
② تاتىق — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) تاتلىق، لەززەت.
③ قونۇق (قوناق) — (قەدىمكى ئۇيغۇرچە) قونۇچى، مېھمان.

روشەنكى، داستاندا ئىپادىلەنگەن بەدىئىي مەنتىقىلىق ئىجتىمائىي مەزمۇنلار ۋە ئىلغار پەلسەپىۋى پىكىرلەردە بىرقاتار پەلسەپىۋى، ئەخلاقىي ھەم پىداگوگىكىلىق مەسىلىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان ۋە يورۇتۇپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتكۈل پەلسەپىۋى ئىجتىمائىي قاراشلىرىنىڭ مېغىزى ھېسابلىنىدۇ.

ئۆتكەنكى ھەرقايسى دەۋرلەردە بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر مەيلى قايسى بىر دەۋرنىڭ ۋە مەيلى قايسى سىنىپنىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھېچقايسىسى دەۋر ۋە سىنىپنىڭ چەكلىمىسىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ كېتەلمىگەن. شۇڭا، ئۇلاردا ھامان ئۆز دەۋرى ۋە سىنىپىنىڭ چەكلىمىلىكى ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۆتمۈش دەۋرلەردە يارىتىلغان بارلىق ئەسەرلەرنى مۇئەييەن تارىخىي شارائىتقا قويۇپ، ماركسىزملىق، ماتېرىيالىزملىق تارىخىي قارىشى ئارقىلىق تەكشۈرۈپ ۋە باھالاپ، ئۇلارنىڭ تارىخىي ئەھمىيىتى بىلەن رولىنى ھەمدە چەكلىمىلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىشىمىز كېرەك.

پەقەت ئاشۇ ئەسەر مەيدانغا كەلگەن تارىخىي شارائىتقا بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل ۋە تەتقىق قىلغاندىلا، ھەم ئۇنىڭ تارىخىي رولىنى كۆرۈۋالغىلى، ھەم ئۇنىڭ سىنىپىي، تارىخىي چەكلىمىلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندىلا، ئەسەر ئۈستىدە توغرا ۋە مۇۋاپىق خۇلاسە چىقارغىلى بولىدۇ، ھەم ئەدەبىي مىراسلارنىڭ ئىلغارلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش، ھەم تارىخىي، سىنى-

چىي چەكلىملىكىنى كۆرسىتىپ بېرىش؛ ھەم ئۇنىڭ تارىختىكى ئىلغار روللىنى ئېتىراپ قىلىش، — ھەم ئۇنىڭ بۈگۈنكى پاسسىپ تەسىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش قەدىركى مەدەنىيەت مىراسلارغا تۇتۇلىدىغان توغرا پوزىتسىيە. ماتېرىيالىزم، ماركسىزم تېخى دۇنياغا كەلمىگەن چاغدىكى ئەسەرلەرنى زورمۇزور ھالدا ماتېرىيالىزم پرىنسىپى بىلەن ئۆلچەش ياكى قەدىمكى كىشىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش بار دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىش توغرا ئەمەس. نۆۋەتتىكى «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا تارىخىي ماتېرىيالىزمغا يات بولغان مۇنداق پوزىتسىيە ۋە ئۇسۇلنى تەشەببۇس قىلماسلىقىمىز، سوتسىيالىستىك ماددىي ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت يارىتىش، ئىلىم - پەننى يۇكسەلدۈرۈش ئېھتىياجىنى چىقىش نۇقتا قىلىپ، قەدىمكى كلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەرگە توغرا ۋە ئىلمىي باھا بېرىپ، ئۇنىڭ ئىلغار تەرىپىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، پاسسىپ تەرىپىگە جىددىي مۇئامىلە قىلىپ، كىتابخانلارنى كلاسسىك ئەسەرلەرنى تارىخىي ماتېرىيالىزملىق توغرا كۆزقاراش بىلەن ئوقۇشقا ۋە ئۇنىڭدىن توغرا خۇلاسە چىقىرىشقا يېتەكلىشىمىز لازىم.

مۇشۇ جەھەتتە يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك»تە سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەرگە دائىر بىر قاتار قىممەتلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان. خەلقنىڭ فېئودال ھۆكۈمرانلارغا بولغان نارازىلىق كەيپىياتىنى ئەگرى - توقاي يول بىلەن

ئەكس ئەتتۈرگەن. خەلقنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى، ئەقىل-پا-
راسىتىنى، ئەخلاقىي پەزىلىتىنى مەدھىيىلىگەن. ئىلىم-
پەننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى تۈرتكىلىك رولىنى
ئۇلۇغلىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئۆز دەۋرى ۋە سىنى-
پىنىڭ چەكلىمىسىدىن خالىي بولالمىغان. ھالقىپمۇ ئۆتەل-
مىگەن. ئۇنى تۆۋەندىكى نۇقتىلاردىن كۆرۈۋېلىشىمىز مۇمكىن:

بىرىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلار جەم-
ئىيىتىنى «بۆرە بىلەن قوزا بىر ئېرىقتا سۇ ئىچىدى-
غان»، «پادىشاھ ئادالەت ۋە قانۇننىڭ ھامىيسى بولغان»،
«ئادالەت — پادىشاھ بىلەن پۇقرا ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسى-
ۋەتنىڭ ئۆلچىمى بولغان»، ئىقتىساد، ھۈنەر ۋە ئىلىم-
پەن گۈللەنگەن، دۆلەت مۇداپىئەسى گۈللەنگەن، خەلق
باياشات بولغان غايىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش-
نى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ، «دۆلەتنى تۈزەش ئۈچۈن،
ئالدى بىلەن ئادالەتلىك پادىشاھنىڭ بولۇشى»نى، «پا-
دىشاھ، ئادىل سىياسەت، قەتئىي قانۇن يۈرگۈزگەندىلا،
ئەلنى گۈللەندۈرگىلى بولىدىغانلىقى»نى، «ئادالەت ھەم-
مىگە قارىتا بىردەك مۇئامىلە بولۇشتا ئىپادىلىنىدىغان-
لىقى»نى، «مەملىكەتتە ئادىل قانۇن يۈرگۈزۈلسە ئەل
ئامانلىق تاپىدىغانلىقى، يامانلار ھوقۇق تۇتسا يۇرت پا-
راكەندە بولىدىغانلىقى»نى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ ئاپ-
تورنىڭ فېئودال ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ ئىچىدىكى دېموك-
راتىك خاھىشتىكى ئىلغار مۇتەپەككۇر ئىكەنلىكىنى
كۆرسىتىدۇ.

شائىرنىڭ ئەنە شۇنداق غايىۋى جەمئىيەتكە تەشنا-

لىق بىلەن ئىنتىلىشى دەل ئۇنىڭ سىياسىي جەھەتتىن
پارچىلىنىشقا يۈز تۇتقان، ئەخلاق جەھەتتىن چىرىكلەش-
كەن، ئۇرۇش - جاڭجاللار كۆپەيگەن، خەلقنىڭ ئۈستىدى-
كى ئالۋاڭ - ياساق ۋە زۇلۇم، ئوقۇبەت كۈچەيگەن
قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ رەزىل زوراۋانلىقىغا بولغان نارا-
زىلىقى، بىزارلىقى ۋە ئۇنى ئىنكار قىلىشىنى ئىپادىلەي-
دۇ. مۇشۇ نۇقتىدا «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ئىلغار ئەھمىيەتكە
ئىگە ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشىمىز لازىم. ئەمما،
شۇنىمۇ ئېنىق كۆرۈشىمىز كېرەككى، بۇ خىل غايىۋى
جەمئىيەت فېئوداللىق دەۋردىكى فېئوداللىق ئىقتىسا-
دىي ئاساسىدىكى دېھقانلارنىڭ ۋە شەھەر ئاھالى-
لىرىنىڭ بىر خىل خىيالىي ئۇتوپىيىلىك ئىدىيىسىنىڭ
ئىنكاسى بولۇپ، بۇ خىل غايە ھەر قانچە گۈزەل بول-
سىمۇ، ئەمەلىي، خەلقنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ئەمە-
لىي چىقىش يولىنى كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈس-
تىگە، فېئودال پادىشاھلار ۋە ئەمەلدارلارغا نەسىھەت قى-
لىش يولى بىلەن بۇ ئارزۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى تېخى-
مۇ بولمايدۇ. لېنىن: «ئىككى ئۇتوپىيە» دېگەن ئەسەردە
«ئۇتوپىيە ئۇنى يوق نەرسە، خىيال، ئويدۇرما ۋە چۆچەك»
دېگەن ئىدى. روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەر-
غىپ قىلغان «غايىۋى جەمئىيەت»، «خىيالىي دۇنيا»مۇ
ئەينى ۋاقىتتا ئەمەلگە ئاشمايدىغان. شۇنداقلا تارىخ-
نىڭ تەرەققىياتىغا تەتۈر تاناسىپ بولغان بىر خىل
خام خىيالدىنلا ئىبارەت ئىدى. كېيىنكى قاراخانىيلار
خانلىقىنىڭ يىمىرىلگەنلىكى بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلىدى.

شېئىرغا دەۋر ۋە سىنىپ كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ خىل تارىخىي چەكلىمىلىكنى توغرا تونۇش لازىم.

ئىككىنچى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇنىڭدىن ئازغىنە كەم 1000 يىل ئىلگىرى ياشىغانلىقى، ئۆز داستانىنى ئىسلام دىنى ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان بىر شارائىتتا يازغانلىقى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئۆزى كىتابىنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئىزھار قىلغاندەك: «خەيىر خەزلىغ ئەر» (تەقۋادار مۇسۇلمان) بولغانلىقى ئۈچۈن، گەرچە ئەسەرنىڭ بەزى سەھىپىلىرىدە تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە كىشىلىك تۇرمۇش توغرىسىدا مۇپەسسەل ئاتىستىك ۋە ماتېرىيالىزملىق نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان؛ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىم، پەيلاسوپلىرى تېخى يېشىپ بېرەلمىگەن پەلسەپىۋى، سىياسىي مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىپ، يۇنان - رىم پەلسەپىسىدىكى ماتېرىيالىستىك ئېقىملارغا، فارابى ۋە ئىبنى سىنانىڭ ماتېرىيالىستىك نۇقتىئىنەزەرلىرىگە ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا بەزى ئىدېئالىستىك خاھىشلاردىن خالى بولالمىغان.

692 تۆرەلگەن نىمەلەر بارى يوقىلۇر،
تۆرەلتكەن بىر ئاللا، نە قىلسا قىلۇر.

3749 خۇدانىڭ قۇلى بىز ھەر ئىككىلىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش مەرتىۋىدە بىز.

روشەنكى، شائىرنىڭ داستانى ئىدېئالسىزلىق دۇنيا قاراشنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالمىغان، شەيئىلەرنىڭ تەقدىرىنى ئاللاغا باغلاپ قويغان. بۇنى ئۇنىڭ قەدىمكى دەۋرنىڭ مۇتەپەككۇرى ئىكەنلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ تەھلىل قىلىپ، بۇ خىلدىكى پىكىرلەرنى ئۇنىڭ بىر پۈتۈن ماتېرىيالىستىك خاھىشقا ئىگە كۆز قارىشىنىڭ شەكلى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، فېئوداللىزم دەۋرىدىكى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئوداللىق ئاڭ ۋە ئەدەب-ئەخلاق قارىشىنىڭ روشەن ئەكس ئېتىشى، دېموكراتىك «مېغىز»لار بىلەن فېئوداللىق «شاكال»لار ئارىلىشىپ كېلىشى ھېچقانداق ئەجەبلىنەرلىك ھادىسە ئەمەس. شۇڭا ئۇلارغا تەنقىدىي ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك.

## 2. «قۇتادغۇ بىلىك»تىكى بەدىئىي قاراشلار

بارلىق نەزەرىيىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ. ئەدەبىيات ھەققىدىكى كۆزقاراش ۋە تەلىماتمۇ ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىنىڭ مەھسۇلى. چۈنكى، ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى (ئەدەبىي ئىجادىيەت، ئەدەبىيات ئوبزورچىلىقى ۋە ئەدەبىيات ھادىسىلىرى) ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، ئۇ، ئەدەبىيات تەلىماتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن ئاساسلاردىن بىرى ۋە ئەدەبىيات تەلىماتىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىدۇر. ئەدەبىيات تارىخى ئىسپاتلىدىكى، ئەدەبىيات ئەمەلىيىتى بولمىغان بولسا،

ئەدەبىيات توغرىسىدىكى خىلمۇ خىل نۇقتىئىنەزە-
زەر، قائىدە - قانۇنىيەت ۋە تەلىماتلارمۇ بولمىغان بو-
لاتتى. چۈنكى، ئەدەبىيات تەلىماتى قانداقتۇر بىرەر
ئالىم، ئەدىب ياكى تالانت ئىگىسى تەرىپىدىن ھېچبىر
ئاساسسىز ھالدا قۇرۇقتىن قۇرۇق ئىجاد قىلىنغان
ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ قەدىمكى ۋە ھازىرقى
ئەدەبىيات ئەمەلىيىتىدىن خۇلاسىلەپ چىقىرىلغان. كى-
شىلەرنىڭ ئەدەبىيات پائالىيىتى بارلىققا كېلىشى بىلە-
لا بۇ خىل پائالىيەتلەرنى چۈشەندۈرىدىغان ھەر خىل
قاراش ۋە پىكىرلەر پەيدا بولۇشقا باشلىغان. بۇ جەر-
ياندا، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرلار،
ئەدىبلەر ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىچىلىرى ئەدەبىياتنىڭ
رولى، خاراكتېرى، ئالاھىدىلىكى ۋە ئاساسىي قانۇنى-
يەتلىرى ھەققىدە ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئىزدىنىپ،
خىلمۇ خىل تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، نۇرغۇن مۇ-
پەسسەل ۋە مۇھىم كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان.
ئۇلار ئەدەبىياتنىڭ مەلۇم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتلىرىنى
ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە، ئوخشاشمىغان جەھەتلەردىن
ئېچىپ بېرىپ، ئەينى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات ئىجادى-
يىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ئىجابىي ۋە تۈرتكىلىك
رول ئوينىغان. مانا بۇلار ئەدەبىيات تەلىماتى تەرەققىياتى
تارىخىدىكى قىممەتلىك مىراسلار بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ
بۈگۈنكى كۈندىمۇ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىزغا ۋە قوبۇل
قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ. گەرچە خىلمۇ خىل كۆز قاراشلاردا
بەزى ئىدېئالىزملىق خاتا نۇقتىئىنەزەرلەر ئارىلىشىپ كەتكەن

بولسىمۇ، لېكىن بۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەدەبىياتنىڭ رو-
لى، ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتى ھەققىدىكى شەرھلەردە
بەزى ئېسىل كۆزقاراشلار ئۇچرايدۇ. بۇلارمۇ ئوخشاش-
لا بىزنىڭ تەنقىدىي قوبۇل قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتى قەدىمكى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەدەبىيات توغرىسىدىكى نۇقتىئىنەزەرلىرى ۋە ئىستې-
تىك كۆزقاراشلىرىنى كەڭ ۋە چوڭقۇر ئەكس ئەتتۈ-
رۈپلا قالماي، ئۆتكەن دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات نەزەرى-
يىسىنىڭ راۋاجلىنىش سەۋىيىسىنىمۇ بەلگىلىك دەرى-
جىدە كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ
خاس ھاجىپ، ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇت قەشقەرى، مەشھۇر
ئەدىب ئەخمەت يۈكنەكى، تالانتلىق شائىر ئەلشىر نا-
ۋائى، سەككاكى، لۇتفى، زەلىلى، خىرقىتى، نۇبىتى، ئاب-
دۇرېھىم نىزارى قاتارلىق تالانتلىق ئەدىبلىرىمىز ئۆز
ئەسەرلىرى ئارقىلىق ئېلىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى
بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىيات تەلىماتى جەھەت-
تىمۇ قىممەتلىك كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ،
بىزنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ۋە مول مىراسلار بىلەن
تەمىنلىدى. گەرچە ئۇلار ئەدەبىيات نەزەرىيىسىگە دائىر
مەخسۇس ئەسەرلەرنى ئاساسەن يازمىغان بولسىمۇ، لې-
كىن، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان تەسى-
رى، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشقىمۇ بولغان ئەكس
تەسىرى، ئەدەبىياتنىڭ ئالاھىدىلىكى، ئەدەبىياتتىكى
ئوبراز، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ تىلى قاتارلىق مەسىلىلەرنى

بىرقەدەر چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل شەرھلىندى.

مۇتەپەككۇر شائىر، تالانتلىق ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ شانلىق ئەسىرى «قۇتادغۇ بىلىك» ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئەدەبىيات كۆزقاراشلىرى ۋە مول ئېستېتىك نۇقتىئىنەزەرلەر يالغۇز ئەينى زامانىدىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىغىلا ئەمەس، ھەتتا كېيىنكى دەۋرلەردىكى ئەدەبىيات ئىجادىيىتى ۋە تەتقىقاتىغىمۇ، جۈملىدىن ئۇيغۇر سەنئىتىنىڭ باشقا شەكىللىرىگىمۇ چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. شائىرنىڭ مەزكۇر ئەسىرى ۋە ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن ئىلغار ئەدەبىيات كۆزقارىشى بۈگۈنكى مەزمۇنى سوتسىيالىستىك، شەكلى مىللىي بولغان ئەدەبىياتىمىزنى گۈللەندۈرۈشنىمۇ مۇھىم بىر ئەينەكى بولۇپ قالغۇسى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات توغرىسىدىكى كۆزقاراشلىرى ھەققىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يېڭى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزەرىيىۋى سىستېمىسىنى تىكلەشتىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«قۇتادغۇ بىلىك» ھەقىقەتەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق يادىكارلىقى ۋە تىپىك نەمۇنىسى بولۇشقا مۇناسىپ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئۆز دەۋرىنىڭ مۇئەييەن ئىدېئولوگىيىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. جانلىق پېرسوناژلار ئوبرازى يارىتىلغان ھەمدە مول ۋە مۇرەككەپ ۋەقەلىكلەر بايان قىلىنغان. ئۇنى ياۋروپا ۋە ئېلىمىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن سېلىش-

تۇرغاندا، مەزمۇن، ژانىر، ئىپادىلەش ئۇسۇلى، شېئىرىي قانۇنىيەت ۋە ھەجىم جەھەتتە ئۇلاردىن ئاللىقانداق ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز كۆزقاراشلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنى شېئىرىي شەكىللەر، ئوبرازلىق ۋاستىلەر بىلەن بايان قىلىش ئۈچۈن، ئادالەت سىمۋولى بولغان كۈنتۇغدى خان، بەخت ۋە ياخشىلىق سىمۋولى بولغان ئايتولدى، بىلىم ۋە ئەقىل سىمۋولى بولغان ئۆگدۈلمىش، گۈزەل ئەخلاق ۋە قانائەت سىمۋولى بولغان ئودغۇرمىشتىن ئىبارەت تۆت پېرسوناژنى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى تۆت سىمۋول سۈپىتىدە تەسۋىرلىدى. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنى ئاشۇ تۆت پېرسوناژنىڭ ئۆز ئارا ئۇچرىشىشلىرى، سوئال - جاۋابلىرى ۋە ئىچكى ھېسسىياتلىرى ئارقىلىق داۋاملاشتۇرۇپ، ئۆز دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك كۆزقارىشىنى ئىپادىلەشنىڭ ئۆزىگە خاس يېڭى شەكلىنى ياراتتى.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ كىشىلەرنى بەخت-سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەردۇر. «قۇتادغۇ بىلىك»تە يورۇتۇپ بېرىلگەن كۆزقاراشلاردىن قارىغاندا، ئۇ «كىشىنى سائادەتلىك قىلىدىغان نەرسە بىلىمدۇر»، «ئىنساننىڭ كامىللىقى — ئۇنىڭ ئالىملىقىدا»، «كىشى ئەبەدىي ھاياتقا ئۆزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ» دەپ ھېسابلىغان. شۇڭا؛

3505 كىتاب نامى قۇيدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتاتسۇن ئوقۇغچىغا تۇتسۇن ئىلىك.

دەپ يېزىپ، ئۆز كىتابىنىڭ نامىنى «قۇتادغۇ بىلىك» (بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشتۈرگۈچى بىلىم) دەپ ئاتىغان. گەرچە ئۇ، بۇ ئەسەرنى 18 ئاي ئەجىر قىلىپ، جاپا چېكىپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ھېچقانداق شەخسىي غەرىزى بولمىغان. پەقەت ياخشى نىيەت ۋە ئىنسانىي پەزىلەتنى مۇجەسسەم دەپ بىلىپ، كېيىنكى ئەۋلادلار ئۈچۈن مەڭگۈلۈك بىر ئىلمىي ئابىدە قالدۇرۇشنى نىيەت قىلغان. يۈسۈپ خاس ھاجىپتەك مۇنداق ئالىيجاناب ئالىم ۋە مۇتەپەككۇر دۇنيا ئەدەبىياتى تارىخىدىمۇ كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ بۇ پەزىلىتىنى داستاندىكى:

6502 تىلەكىم ئەمەس شان ـ شۆھرەت، ياخشى ئات،
كىشى نەپئى كۈتتۈم، ئۆز ئولسۇن يا يات.

6503 ئوقۇغچى ئوقۇسا، مېنى ياد ئېتەر،
ئۈمىدىم: ماڭا ھەم دۇئاسىن بېرەر.

6507 ئۇنۇتما بۇنى سەن ئوقۇپ تىرىكلەر،
قويۇپ دۇنيانى مەن يېپىنغاندا يەر.

دېگەن مىسرالىرىدىن ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ.
بۈيۈك ئەدەبىي ماھارەت بىلەن تىزىلغان بۇ كۆل

دەستىلەرنىڭ جاھان ئالىملىرى تەرىپىدىن قەدىرلىنىپ، بى باھا گۆھەر ھېسابلىنىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى — ئۇنىڭ شان - شۆھرەتكە بېرىلمىگەنلىكى، مال - دۇنياغا قىزىقمىغانلىقى، پەقەتلا كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ياخشى ئۆتۈشىنى ۋە شۇ ياخشى نىيەت بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشىنى كۆزلىگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. روشەنكى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ گەرچە ئەدەبىيات دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قوللانمىغان ياكى ئۇنى شائىر سۆزى، شائىر تىلى دېگەن ئۇقۇم بىلەن ئىپادىلىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەدەبىياتنى «ئىنسانغا يول كۆرسەتكۈچى»، «بەخت - سائادەت بەرگۈچى» دەپ ھېسابلىغان ۋە ئۆز ئەسىرىنى مۇشۇ كۆزقاراش ئاساسىغا قۇرغان.

بىزگە مەلۇمكى، چىنلىق — ئەدەبىيات - سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ جېنى. بەدىئىي چىنلىق ئوبيېكتىپ رېئال تۇرمۇشنىڭ راستچىللىق بىلەن ئىپادىلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي ئىجادىيەتتە رېئال تۇرمۇشتىن ئايرىلغان ھالدا خالىغانچە ئىش قىلىنىدىكەن، تۇرمۇشنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى تۇرمۇش بۇرمىلىنىدۇ — دە، ئەسەرنىڭ ئىجتىمائىي رولى يوققا چىقىرىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆز داستانىدا ئەدەبىياتنىڭ چىنلىق پرىنسىپىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشنى تەكىتلەيدۇ. بۇ نۇقتىنى داستاننىڭ مۇنۇ مىسرالىرىدىن روشەن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ:

6627 يۈسۈپ، سەن ياراملىق، دۇرۇس سۆزنى ئېيتە
يارامسىزنى يوشۇر، زەرەرلىك، قارا.

شائىر بۇ يەردە ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى چىن ۋە ھەقىقىي تەسۋىرلەشكە ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۆزىنىڭ شائىرلىق ئابىدىسى «قۇتادغۇ بىلىك»نى يېزىشتىمۇ مۇشۇ پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلغان.

ئاپتور داستاندا شائىرلار ئۈستىدە مۇنداق بايان قىلىدۇ:

4396 ئۇلار ماختىسا ئەلگە تارار شۇ پېتى،
ئەگەر سۆكسە كىمنى، سېسىدۇ ئېتى.

4397 تولا ياخشى تۇتقىن بۇلارنى قاياش،
بۇلارنىڭ تىلىغا ئىلىنما، ئاداش.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىياتنىڭ رولى ۋە يازغۇچى-سەنئەتكارلارنىڭ بۇرچى ھەققىدە توختىلىپ، تۆۋەندىكى نۇقتىلارنى تەكىتلەيدۇ:

4392 كىلۇر ئەمدى شائىر، بۇ سۆز تەرگۈچى،
كىشىلەرنى ماختاپ ۋە ھەم سۆككۈچى.

4395 كۆرەرسەن، دېڭىزغا كىرۇر كىشىدەك،
گۆھەر، ئۈنچۈ، ياقۇت چىقارۇر، دېمەك.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولىنى تونۇپ يەتكەن. يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ تۇرمۇش دېڭىزىغا چۆكۈپ، تىل ۋاسىتىسى ئارقىلىق ئوبراز يارىتىپ، جەمئىيەتتىكى ياخشىلىقنى ماختاپ، يامانلىقنى سۆكۈپ، كىشىلەرگە گۆھەر، ئۈنچە، مەرۋايىت تەقدىم قىلىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇنىڭدىن يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ رېئال تۇرمۇشقا چۆكۈپ، تۇرمۇشتىكى زىددىيەتلەرنى كۆزىتىپ، ياخشىلارنى مەدھىيىلەش ۋە ناچارلارنى پاش قىلىش ئارقىلىق ئەل-يۇرتقا مەنپەئەتلىك بولغان جىددىي مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەنلىكىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ، ئەدەبىياتنىڭ ئىجتىمائىي رولى ۋە يازغۇچى ـ شائىرلارنىڭ بۇرچى توغرىسىدىكى ساددا ماتېرىيالىستىك كۆزقاراش بولۇپ، بۇ، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ تۈپ ئىجادىيەت قارىشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئۆزىنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتى داۋامىدا مۇشۇ تۈپ پرىنسىپقا قاتتىق ئەمەل قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆزىنى زاماندىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالغا بولغان نارازىلىقىنى، ھەممە كىشىنىڭ ياخشى كىشى بولۇشىغا تەشنالىقىنى؛ پەزىلەتلىك، ئىلىملىك ئىنسانلار توپى بولۇش ئارزۇسىنى؛ ئادالەتلىك ھاكىمىيەت بولغان، قوي بىلەن بۆرە بىر ئېرىقتا سۇ ئىچىدىغان تىنچ ئىجتىمائىي ھايات بولغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى جانلىق كارتىنىلار ئارقىلىق ئىزھار قىلغان. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىگە چىنلىق ۋە سەممىيلىك، ۋىجدان ۋە ئەقىل-

پاراسەت، قايناق ھېسسىيات ۋە لىرىك تۇيغۇلار سىڭدۈرۈلگەن. نەتىجىدە، ئۇنىڭ ئۆتكۈر قەلىمى، مول تەپەككۇرى ۋە يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئارقىلىق بىر غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى سىزىپ چىققان.

ئەدەبىيات ئىدىيىۋى ھېسسىياتنىڭ ئىپادىسى. يازغۇچىنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى ئوبيېكتىپ شەيئىلەر (ئىجتىمائىي رېئاللىق ۋە تەبىئەت مەنزىرىلىرى)نىڭ تەسىرلەندۈرۈشىدىن پەيدا بولىدۇ. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى تەسىرلەندۈرگەن رېئاللىقتىن قاچۇرۇپ، پەس، چاكىنا دەۋرگە ماسلاشقان بولسا، ياكى بەزى ساختا ئەسەرلەرنى ئۇستىلىق بىلەن يازغان بولسا، بۈگۈنكىدەك دۇنياۋى شۆھرەت قازىنىپ، كىشىلەر قەلبىدىن مۇنچىلىك زور ئورۇن ئالالمىغان بولاتتى. دېمەك، ئەدىب تۇرمۇشتىن چەتنىمەي، بەلكى تۇرمۇشقا يېقىنلاشقاندىلا، نۇر چاقناپ تۇرىدىغان ئۆلمەس ئەسەرلەرنى يارىتالايدۇ.

مۇتەپەككۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىدا، شائىرلار ۋە شېئىرىيەت توغرىسىدا چوڭقۇر ۋە مۇپەسسەل كۆزقاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئەينى ۋاقىتتىكى جەمئىيەتنى تۈزەش، خەلقنى بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن، پۈتۈن ئەقىل - پاراسىتىنى ۋە كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىپ، بىجانىدىل ئىشلىگەنلەرنى ئاختىغانلار ۋە ئەل-يۇرتنى ئۇنتۇغان زالىم - بەگلەرنى ھەمدە ئادالەتسىزلىكنى رەھىمسىزلىك بىلەن قامچىلىغانلار شائىر دې-

گەن نامغا مۇناسىپ. ئەكسىچە ئىش كۆرگەنلەر بۇ مۇ-
قەددەس نامغا مەنسىپ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ نەزى-
رىچە شائىر — سۆز تەرگۈچى، ياخشىلىقنى ماختاپ،
يامانلىقنى سۆككۈچىدۇر.

4393 قىلىچتىن ئۆتكۈرەك بۇلارنىڭ تىلى،
قىلدىنمۇ نازۇكراق تەپەككۇر يولى.

دەرۋەقە شائىرنىڭ تىلى قىلىچتىن ئۆتكۈرەك بو-
لۇشى، دات باسقان گال پىچاقتەك بولۇپ قالماسلىقى،
چاپسا دەرھال كېسىشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن شائىرنىڭ
تەپەككۇرى تېخىمۇ نازۇك بولۇشى كېرەك. چۈنكى، ئۇ
ھېسسىياتنى ئىزھار قىلىدۇ. ھەرقانداق ئەدەبىي ئەسەر
ھېسسىياتتىن ئايرىلمايدۇ. شائىر پەقەت ئۆز قەلبىنى
كۈچلۈك ھاياجانلاندۇرىدىغان تۇرمۇش ۋەقەلىرى بىلەن
ئىلغار كۆزقاراشنى بىرلەشتۈرگەن، ھېسسىيات بىلەن
ئىدراكنى جىپسىلاشتۇرغان، ياخشى - ياماننى ئېنىق
ئايرىپ، مۇھەببەت ھەم نەپرەتنى توغرا ئىپادىلىگەن
چاغدا، يۈرەكنى تىترىتىدىغان ياخشى شېئىرلارنى يازغى-
لى بولىدۇ. شۇڭا ئۇ، ئۆز داستانىدا:

4394 نەپەس ھەم تېرەن سۆز دېسەڭ ئۇقايىن،
بۇلاردىن ئىشىتكىن، ئۇقۇلۇر كېيىن.

دەپ بايان قىلىپ، شېئىرنىڭ تىلى گۈزەل، مەنى-

-سى چوڭقۇر بولۇشى لازىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. چۈنكى، شېئىر تىلى گۈزەل بولغاندىلا، كىتابخانلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلالايدۇ؛ چوڭقۇر مەنىلىك بولغاندىلا، ئوقۇرغۇچىلارغا كۈچلۈك مەنىۋى ئوزۇق بېغىشلىيالايدۇ. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ شېئىر يېزىشنى دېڭىز ئاستىغا چۆشۈپ گۆھەر، ئۈنچە - مارجان سۈزگەنگە ئوخشاش جاپالىق ئىش دەپ ھېسابلايدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۈيۈك غايىۋى جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھاياتقا چوڭقۇر يۈزلىنىپ، ئىلھام دېڭىزىنىڭ قايىنىمىدا ئۈزۈپ، ئەنە شۇنداق ئېسىل گۆھەر، ئۈنچە-مەرۋايىتلارنى سۈزۈپ ۋە ئۇنى نەزمە يېپىغا تىزىپ، ئىنتايىن گۈزەل زۇننارلارنى ياساشنىڭ شانلىق ئۈلگىسىنى ياراتتى. ئۇنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت بىلەن ياسىغان زۇننار ۋە گۈلدەستىسى — «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ 1000 يىلدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ كۆزىنى چاقنىتىپ ۋە ئۇلارنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ، مەڭگۈ خۇش پۇراق چېچىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغانلىقى ۋە جاھان ئەدىبلىرىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغانلىقىنىڭ تۈپ سەۋەبىمۇ ئەنە شۇ يەردە. شۇڭا ئۇ، يالغۇز جاھانشۇمۇل قامۇس، ئەدەب-ئەخلاق دەرسلىكى بولۇپلا قالماي، بەلكى پارلاق كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەدسىي نەمۇنىسى. كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزنىڭ شانلىق ئۈلگىسىدۇر.

شېئىرىيەت ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ۋە ئەڭ

يۇقىرى تۈرى بولۇپ، سەنئەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى كۆرسىتىدۇ ۋە سەنئەتنىڭ ھەر بىر ئامىللىرىنىمۇ مۇجەسسەملەشتۈرۈپ، سەنئەتنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم رەۋىشتە بېرىلگەن ھەممە ۋاستىلەردىن تولۇق پايدىلىنىدۇ. شېئرىيەتنىڭ مۇھىم بىر تۈرى بولغان داستان بەدىئىلىك تارىخىي دەۋرنىڭ تىپ ماھىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان مۇكەممەل سىيۇژىتقا ۋە پېرسوناژ خاراكتېرىگە ئىگە چوڭ ھەجىمدىكى شېئرىي ئەسەر بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىكى ۋەقە، پېرسوناژ، مەنزىرە كۆرۈنۈشى ۋە ھېس - تۇيغۇلار شائىرنىڭ كۈچلۈك بەدىئىي تەسەۋۋۇرى ۋە ئوبرازلىق تەپەككۇرى ئارقىلىق يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. شائىرلار داستاندا رېئال ھاياتتىن ھاسىل قىلىنغان تونۇشى ۋە تەسىراتىنى ئوخشىتىش، تەمسىل، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە قاتارلىق تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ ياردىمى بىلەن كونكرېت، جانلىق ۋە يارقىن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ جەھەتتە، داستان يالغۇز ئۆز دەۋرىدىكى بەدىئىي ئىجتىمائىي ئەدەبىياتنىڭ ، جۈملىدىن داستانچىلىقنىڭ يۈكسەك چوققىسى بولۇپلا قالماستىن، ھازىرقى شېئرىيەت ۋە داستانچىلىق ئىجادىيىتىگىمۇ نەمۇنە بولالايدۇ. ئۇنىڭدىكى كۈچلۈك شېئرىي مىسرالار بەدىئىي تەپەككۇر بىلەن بەدىئىي تەسەۋۋۇرنىڭ ھەقىقىي كىرىستالى ياكى سەھەرىسى بولۇشقا مۇناسىپ. ئۇنى ئوقۇغان كىشى ھەقىقەتەن بىر - بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن جۇلالىق ئۈنچە - مارجانلار بىلەن تولغان قىممەتباھالىق گۆھەرلەر بىلەن تولغان خەزىنىگە كىرىپ

قالغاندەك ئۇنىڭغا مەڭگۈن بولىدۇ ۋە هاك ـ تاك بولۇپ قالىدۇ. دانىشنىڭ پەقەت ئىلمىي ئىدىيىسى مەزمۇنى جەھەتتىلا ئەمەس، بەلكى روھەن بەدىئىي ئالاھىدىلىكى بىلەنمۇ دۇنياۋى ئىلىمنىڭ ئەسەرلەرنىڭ قاتارىدىن ئورۇن ئالالىغانلىقى ئۇنىڭ ئۆمرىتى.

شائىر ئادەم جىسمانىي قۇۋۋەتكە تولغان ياشلىق مەزگىلىدە ئۇنىڭ ئەقىل ـ بىلىم قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىز بولىدىغانلىقىنى، ئەقىل ـ بىلىم قۇۋۋىتى تولغاندا (قېرىي-غاندا)، جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىزلىشىدىغانلىقىنى مۇنى-داق بايان قىلىدۇ:

371 بويۇم ئىدى ئوقتەك، كۆڭۈل ئىدى يا،
كۆڭۈلنى قىلغۇچە ئوق بويۇم بولدى يا.

مانا بۇ ئوبرازلىق تەپەككۇرنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئادەم قېرىغاندا جىسمانىي قۇۋۋىتى ئاجىزلاشسىمۇ، ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاشىدۇ؛ ياشلىقىدا جىسمانىي قۇۋۋىتى كۈچلۈك بولسىمۇ، ئەقلىي قۇۋۋىتى ئاجىز بولىدۇ، دېگەن ئابستراكت پىكىرنى يا بىلەن ئوقياغا تەمسىل قىلىش ئارقىلىق ئىنتايىن ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئەت كۆزقارىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم تەرىپى شۇكى، گەرچە ئۇ، ئوبراز دېگەن سۆزنى ئىشلەتمىگەن، بۇ ھەقتە ئابس-تراكت شەرھى ياكى بايان بەرمىگەن بولسىمۇ، ئەمەلى-

ئادەم ۋە شەيئىلەرنى قانداق تەسۋىرلەش مەسىلىسىگە ئالاھىدە نەزەر ئاغدۇرغان، ئەدەبىياتنىڭ ئوبرازلىقلىقى مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن. ئۇنىڭ گۈزەللىك، ئىچكى - تاشقى گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭ مۇناسىۋىتى، گۈزەللىك بىلەن سەنئەتنىڭ ئۆزئارا ئالمىشىشى، ماھىيەت گۈزەللىك بىلەن شەكلەن گۈزەللىك توغرىسىدىكى بايانلىرى — پەزىلەتلىك، ئەدەب - ئەخلاقلىق، بىلىملىك، ئىنسانپەرۋەر، ئادالەتپەرۋەر كىشىلەرنى مەدھىيىلەش توغرىسىدىكى مۇپەسسەل قاراشلىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئۇ، ئۆز غايىسىنى ئىنسانىيەتتىكى ئالىيجاناب، ئېسىل پەزىلەتلىك پېرسوناژلارنى قىزغىن مەدھىيىلەش ئارقىلىق گەۋدىلەندۈرىدۇ. بۇ، ئۇنىڭ ئېستېتىك قارىشى ھەمدە ئەدەبىيات - سەنئەت قارىشىنىڭ يادروسى. ئۇنىڭ تونۇشىچە، پۈتكۈل كائىناتتىكى شەيئىلەر ئوبرازى پەقەت ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدىكى ئىنسانلارنىڭ گۈزەل ئەخلاقىي غايىسىنى مەركەز قىلىپ يارىتىلغاندىلا، ئاندىن مۇكەممەل ئوبراز بولالايدۇ، ئاندىن مۇكەممەل گۈزەللىك ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ نۇقتىئىنەزەرى بۈگۈنكى ئەدەبىيات نەزەرىيىسىدىكى «ئوبراز ئەدەبىياتنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى، پېرسوناژ ئوبرازى بارلىق ئوبرازلارنىڭ يادروسى» دېگەن تۈپ كۆزقاراشقا تامامەن ئۇيغۇن.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» تىن ئىبارەت قىممەتلىك تارىخىي مىراسىدا ئىپادىلەنگەن ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرى ساددا، روشەن، كونكرېت ھەمدە

جانلىق بولۇپ، ئىنتايىن مۇھىم مەنىۋى بايلىقتۇر. شۇن-
داقلا، ئۇنىڭ بۇ نادىر ئەسىرىدە گەۋدىلەنگەن ئىستېتىك
قارىشى، ئەدەبىيات - سەنئەت قاراشلىرى ئۇنىڭ سىيا-
سىي ئىدىيىۋى قارىشى ۋە پەلسەپىۋى قارىشىنىڭ
مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، بىزنىڭ داۋاملىق ئىزدى-
نىشىمىزگە ۋە تەتقىق قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» — دەل ماركس: «XI ئەسىردى-
كى دۇنيادا يازما ئەدەبىياتقا ئىگە مىللەتلەر ئانچە كۆپ
ئەمەس ئىدى» دەپ كۆرسەتكەندەك، روسىيە، ئەنگلىيە،
فرانسىيە قاتارلىق مەملىكەتلەر تېخى يازما ئەدەبىياتقا
تامامەن كۆچۈپ بولالمىغان بىر تارىخىي مەزگىلدە يېزىل-
غان ئىلمىي ئابىدە. ئەمما، تېخى ئاساسەن «قول تەگ-
مىگەن ئابىدە»، شۇنداقلا تۈگىمەس خەزىنىدۇر. ئۇنى
داۋاملىق ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ئارقىلىق سوتسىيا-
لىستىك يېڭى مەدەنىيەت يارىتىشقا خىزمەت
قىلدۇرۇش — بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

从书的这一辑选入有1986年8月在喀什召开的中国«福乐智慧»学首次学术讨论会基本情况的文章和全国各族学者在会上或会后发表的部分论文·

这些论文专题研究和全面介绍了«福乐智慧»的文学，学术和历史价值，研究范围较广，论点新颖，研究得深刻·

تارىخىي مىراس — «قۇتادغۇ بىلىك» ھەققىدە

بايان (3)

(ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: غولام ئەبەيدۇللا
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىبا شاكىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ئايشەم ئابدۇزۇلى

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقىتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 1092×787مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 13.5، قىستۇرما ۋارىقى: 3
1988 - يىل 2 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 6 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1 — 1960

ISBN7 — 5373 — 0075 — 5/K·2
باھاسى: 1.40 يۈەن

مۇقاۋىنى ئىشلىگۈچى: غەيرەت خالىق

*ISBN*7 — 5373 — 0075 — 5/*K*·2

باھاسى: 1.40 يۈەن